# ئانا يۇرت

ISSN:2147-8031 پەسىللىك | ئىلمىي - پىكرىي ژۇرنال

- نەبىجان تۇرسۇن: لېنىننىڭ شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى (2)
- ئۆمەرجان نۇرى: بۇرھان شەھىدىنىڭ تەرجىمىھالىدىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھقىق
- ئەسەت سۇلايمان: باغچاسارايدىن تارىم بويلىرىغىچە
- رەھىمقۇلۇ ياسىنئوغلۇ: ئۇيغۇر جەدىدچىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا قىسقىچە نەزەر
- ئالىمجان ئىنايەت: ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى
- ئەركىن ئەكرەم: خىتاينىڭ ئافغانىستان سىياسىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان

2013/2
يىل: 1 / سان: 2

# ئانا يۇرت

پەسىللىك ئىلمىي - پىكرىي ژۇرنال


## ئانا يۇرت

(تور ژۇرنىلى)

ISSN:2147-8031

1 - يىل ئومۇمىي 2 - سان

(ئاپرېل، ماي، ئىيۇن)

2013



**ساھىبى: د.نۇرئەھمەت قۇربان**

**باش تەھرىر: د.ئەركىن ئەكرەم**

**تەھرىر ھەيئىتى**

د. ئەسەت سۇلايمان

د.ئالىمجان ئىنايەت

د. ئەركىن سىدىق

د.ئەركىن ئەمەت

مەمتىمىن ئەلا

بەتچىك: ئىلياس



تور بەت ئادرېسى

www.anayurtjurnili.com

ئېلخەت ئادرېسى

info@anayurtjurnili.com



ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى ئاپتورلارغا ئائىت بولۇپ، ژۇرنال ھېچقانداق قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. شۇنداقلا ھەرتۈرلۈك نەشىر ھوقۇقىنىڭ ژۇرنالغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە خاتىرلىتىدۇ.

# بۇ ساندا

باش تەھرىردىن:

تارىخىي شەخسلەرگە نېمە ئۈچۈن باھا بېرىش كېرەك؟ ....................................... 3

دوكتور نەبىجان تۇرسۇن

لېنىننىڭ شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ................ 7

دوكتور ئۆمەرجان نۇرى

بۇرھان شەھىدىنىڭ تەرجىمىھالىدىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھقىق ......... 66

دوكتور ئەسەت سۇلايمان

باغچاسارايدىن تارىم بويلىرىغىچە - تاتار جەدىدچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇيغۇرلار يۇرتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ......................................................................... 74

رەھىمقۇلۇ ياسىنئوغلۇ

ئۇيغۇر جەدىدچىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا قىسقىچە نەزەر ...................... 111

فروفېسسور دوكتور ئالىمجان ئىنايەت

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ..... 153

دوكتور ئەركىن ئەكرەم

خىتاينىڭ 2014 - يىلىدىن كېيىنكى ئافغانىستان سىياسىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ....... ......................................................................................... 165

# تارىخي شەخسلەرگە نېمە ئۈچۈن باھا بېرىش كېرەك؟

ئۇيغۇر تارىخى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆتمۈشى، جەمئىيەت ھەققىدىكى بىلىمىنىڭ مەنبەسى ۋە خەلقىمىزنىڭ خاتىرىسى. تارىخنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختا ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، تۇنجى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى ختاينىڭ رەسمىي ئۆلكىسىگە ئايلاندۇرۇپ باشقۇرۇشنى تەكلىپ قىلغان گوڭ زىچېن (1841 – 1972): «بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى يوق قىلىش ئارقىلىق ئۇ مىللەتنى يوقىتىش مۇمكىن» دېگەن ئىدى. ئەمما، ئۇيغۇرلار تارىختا ئىز قالدۇرۇشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن ۋە تارىخى يېزىلىپلا تۇرىدىكەن مەڭگۈ يوقالمايدۇ. ئەنگلىيە يازغۇچىسى ۋە تارىخچىسى جورج سېينتسبۇرگ (1933 – 1845) نىڭ دېگىنىگە ئوخشاش، تارىخچىلار يالغان سۆزلىيەلىسىمۇ، تارىخ يالغان سۆزلىيەلمەيدۇ.

> **گوڭ زىچېن: «بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى يوق قىلىش ئارقىلىق ئۇ مىللەتنى يوقىتىش مۇمكىن»**

قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى ۋە مۇتەپەككۇرى سۇسىيدىدېس (مىلادىدىن بۇرۇنقى400–460) تارىخنىڭ فۇنكسىيەسى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تارىخ پەقەت تەكرارلىنىشتىنلا ئىبارەت. ئۇ تارىخي ۋەقەلەرنىڭ ئۆز ئەينىسى بولۇپ، يەنە قايتا يۈز بەرمەيدۇ. شەكىل جەھەتتىن ئوخشىسىمۇ، زامان ۋە ماكان تۈپتىن پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىماسلىقى ئېنىق بولىدۇ. شۇڭا، تارىخنى باشقا ئىلىملەرگە ئوخشاش، سىناق قىلغىلى ۋە كۆزەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن، تارىختا يۈز بەرگەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەر

بۇگۈنكىلەرنى تەجرىبە – ساۋاققا ئىگە قىلىدۇ.» ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن تەجرىبە – ساۋاق يەكۈنلىشى ئۈچۈن ھەم تارىخى تولۇق يېزىلغان بولۇشى ھەمدە تارىخي ئېڭى بولۇشى لازىم.

گېرمانىيە پەيلاسوپى گېگېل (1770 – 1831) ئىنسان نەسلىنىڭ تارىختىن تەجرىبە – ساۋاق ئالمىغانلىقىنى تۆۋەندىكى سۆزلىرى بىلەن بايان قىلىدۇ: «تارىختىن چىقارغان خۇلاسىمىز شۇكى، كىشىلەر تارىختىن ھېچقانداق تەجرىبە – ساۋاق ئالمايدۇ.» فرانسىيەنىڭ ئەڭ داڭلىق سىياسىيونلىرىدىن بىرى بولغان ناپالېئون بوناپارت (1769 – 1821) مۇ بۇنىڭغا ئوخشايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ: «خاتالىقلىرىدىن تەجرىبە – ساۋاق ئېلىشنى بىلمىگەن كىشىلەرنىڭ غەلىبە يولى ناھايىتى يىراقلاردا بولىدۇ.» ئىسپانىيەنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى سېرۋانتىس «دونكىخوت» ناملىق رومانىدا: «تارىخ ھەقىقەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئۆتمۈشنىڭ ئامبىرى، ئۆتمۈشكە گۇۋاھلىق قىلىش بىلەن بۈگۈن ئۈچۈن تەجرىبە – ساۋاق چىقىرالايدۇ، كېلەچەك ئۈچۈن بولسا، ئاگاھلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە» دەيدۇ. تارىختىن تەجرىبە – ساۋاق ئالمىغان خەلق ھەر دائىم قىلغان خاتالىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق خەلقلەرنىڭ تارىخي ھادىسىلەردىن توغرا كۆز قاراش، ئىدىيە ۋە كۆپ تەرەپلىك كۆزىتىش ھەمدە كېلەچەككە قارىتا ئىستراتېگىيەلىك ئاڭغا ئىگە بولۇشى ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. ئەنگلىيە تارىخچىسى توماس فۇللېر (1608 – 1661) مۇ «كېلەچەكنى بىلىش ئۈچۈن ئۆتمۈشكە مۇراجىئەت قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.» شوتلاندىيەنىڭ رومان يازغۇچىسى روبېرت لۇئىس ئىستېۋېنسون (1850 – 1894) بولسا، «بۈگۈنگە تۇتاشقان يولنى بىلگەنلەر، كېلەچەك ئۈچۈن ئېنىق ۋە ئاقىلانە پىلان تۈزەلەيدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئامېرىكىلىق مەشھۇر مۇتەپەككۇر رالف ۋولدو ئېمېرسون (1882 -1803) مۇنداق دەيدۇ: «تەرەققىيات بۈگۈننىڭ پائالىيىتى ۋە ئەتىنىڭ تەمىناتى.»

بىر مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ، ھەتتا ئىنسان نەسلىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە تارىخي تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەر، «تارىخي شەخسلەر» دەپ قارىلىدۇ. تارىخ ئادەم بالىسىنى يەرمۇ قىلىدۇ ھەم ئەرمۇ

قىلدۇ. ئەمما، تارىخىي باسقۇچلارنى تەرەققىي قىلدۇرغان ۋە تارىخ ئېقىشىنى ئۆزگەرتكەن ياكى يۆنىلىشىنى بەلگىلىگەنلەر تارىخىي شەخسلەردۇر. يەنى، كۈنىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي شەخسلىرىنىڭ پۈتۈن قىلغان – ئەتكەنلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېلەچىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوخشاش شەكىلدە، بۈگۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان مۇسىبەتلەر، ئۆتمۈشتىكى تارىخىي ئۇيغۇر شەخسلىرىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ نەتىجىسى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن تارىخىي شەخسلەرگە باھا بېرىش كېرەك. بۇنىڭ بىرىنچىسى، بۇ تارىخىي شەخسلەرنىڭ قىلغان – ئەتكەنلىرى ۋە ئېيتقان سۆزلىرى، بەزىدە مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن. ھەتتا، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىگە تۆھپە قوشقىنىغا ئوخشاش، مىللەتنىڭ يوقۇلىشىغىمۇ سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچىسى، تارىخىي شەخسكە باھا بېرىش، دەۋرىمىزدە ياشاۋاتقان تارىخىي شەخسلەرنى تەجرىبە – ساۋاققا ئىگە قىلىپ، خاتالىق ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۈچىنچىسى، تارىخىي شەخسلەرگە باھا بېرىش ئارقىلىق خەلقنى تەربىيەگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ، ياكى خەلقنىڭ كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارىشىغا سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەنگلىيە تارىخچىسى خېنرىي س.ت جون (1678 – 1751) نىڭ دېگىنى بويىچە ئېيتقاندا، تارىخ مىساللار ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيەلەيدىغان پەلسەپەدۇر.

**ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلىرىگە باھا بېرىشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى، «ئۇ شەخس ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي باسقۇچىدىكى تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدىمۇ؟ ياكى ھەسسە قوشتىمۇ؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىشىمىز بولۇشى لازىم.**

ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلىرىگە باھا بېرىشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى، «ئۇ شەخس ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي باسقۇچىدىكى تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدىمۇ؟ ياكى ھەسسە قوشتىمۇ؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب ئىزدىشىمىز بولۇشى لازىم. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تارىخىي شەخسلەرنىڭ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىملىكى، سىياسىي ھەق – ھوقۇقلىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە

ئىقتىسادىنى قوغداشتا رولى ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان تارىخىي شەخسلەر، ئۇيغۇر تارىخىدا داۋاملىق ياد ئېتىلىدۇ ۋە ئۈلگە بولىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، سەلبىي ئۈلگە بولۇش سۈپىتىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەنقىدلىشىگە ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلىرىنىڭ تالانتلىق، ياخشى خاراكتېرلىك، پسىخولوگىيەلىك جەھەتتىن ساغلام، ئىرادىلىك، سۈپەتلىك ۋە پىداكىرانە بولۇشى تەلەپ قىلىنماقتا. ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلىرى خەلقىمىزنىڭ ئۈلگىلىك كىشىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن مىللىتىمىزنىڭ سىمۋولى ۋە ۋاكالەتچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تارىخىي شەخسلەر ئۇيغۇر خەلقىگە قىلغان خىزمەتلىرى ئارقىلىق قىممەت قازىنىدۇ. ئاۋستىرىيەلىك پسىخولوگىيە ئالىمى ئالفرېد ۋ. ئادلېر (1870 – 1937) نىڭ دېگىنىدەك، بىر ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى پەقەت جەمئىيەتكە پايدىلىق بولغاندىلا ئاندىن قىممەتلىك بولىدۇ.

تارىخىي باسقۇچنىڭ بەزى مەزگىللىرىدە تارىخىي شەخسلەرنىڭ تۆھپىلىرىگە مۇسبەت باھا بېرىلسە، كېيىنكى مەزگىللەردە مەنپىي باھا بېرىلىشى؛ ئۆتمۈشتە توغرا بولغانلار بۈگۈن توغرا بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، توغرىلىق ۋە خاتالىق بىر قىممەت بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ قىممەت ئۆلچىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تارىخ تەرەققىياتى بىلەن بىرلىكتە ئۆزگىرىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا، تارىخچىلار تارىخىي شەخسكە باھا بەرگەندە، تارىخىي شەخس ياشىغان دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي شەرتلىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا ئەينى ۋاقىتتىكى مۇھىت ۋە تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش دائىرىسىدە باھا بېرىشى كېرەك. تارىخچىلار تارىخىي شەخسكە باھا بەرگەن ۋاقىتتا، ئوبيېكتىپ ۋە بىتەرەپ تۇرۇشى شەرت.

قىممەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز، بىز ئۇيغۇر خەلقىنى تېخىمۇ يۇقىرى ئاڭغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر شەخسلىرىگە باھا بېرىشكە ئورۇن ئاجرىتىمىز. ئۇيغۇر تارىخچىلىرىنىڭ ۋە زىيالىيلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قىممەتلىك ئەسەرلىرىنى كۈتىمىز. ■

نەبىجان تۇرسۇن (تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

# لېنىننىڭ شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى

## *(1917 - 1924 - يىللىرى)*

## بېشى ئالدىنقى ساندا

### ئىنقىلابى ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ ۋەيران بولۇشى ۋە سوۋېت سىياستى

ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ، ئۆز پىلانلىرى بويىچە جىددىي خىزمەتلەرگە كىرىشىپ، تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى پەرغانىلىق ۋە يەتتەسۇلۇق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. بىراق، تەشكىلات رەئىسى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ تەشكىلات قۇرۇلۇپ، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن ئالمۇتىغا خىزمەتكە ئەۋەتىلىپ، يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش بىلەن ئۇ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنتتىكى مەركىزىدە تۇرۇپ، خىزمەتلەرگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلالماي قالدى. ئەمما، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، تەشكىلات ئۆز پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئەمما، ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ تەقدىرىنىڭ رۇسىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ تۈركىستان كومىسسىيەسىنىڭ رەئىسى يا. رۇدزۇتاك تەييارلىغان قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدە قۇرۇلماقچى بولغان ئىككى جۇمھۇرىيەت لايىھەسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلىشى بىلەن باغلىق ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش قىسمىتىگە دۇچ كەلگەنلىكىدىن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىق ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى رەھبەرلىرى خەۋەرسىز قالغان ئىدى.

«ئالتىشەھەر – جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ

قۇرۇلتىيى باشلىنىپ، ئىككىنچى كۈنى، يەنى 1921- يىلى، 4-ئىيۇن كۈنى رۇسىيە بولشېۋىكلار پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، ئۇيغۇر ئېلى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. بۇ مۇھاكىمىنىڭ ئاساسلىق نۇقتىسى تۈركىستان كومىسسىيەسىنىڭ باشلىقى يانىس رۇدزۇتاك تەييارلىغان ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىدا قەشقەرىيە جۇمھۇرىيىتى، شىمالىدا جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش لايىھەسى بولۇپ،[1] مەزكۇر لايىھەگە تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارى گېئورگىي چىچېرىن قارشى چىقتى. چىچېرىننىڭ قارشىلىق پىكىرلىرى ۋلادىمىر ئىلىچ لېنىن تەرىپىدىنمۇ قوللاشقا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇنى سىياسىي بيۇرونىڭ ئەزالىرى بىردەك قوللىدى.[2] بۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي بيۇرودا ۋلادىمىر ئىلئىچ لېنىن، يوسىف ستالىن، لېۋ تروتسكىي، گ. زىنوۋيېۋ قاتارلىقلار بار ئىدى.

رۇدزۇتاك ئوتتۇرىغا قويغان قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش لايىھەسىنىڭ كېلىپ چىقىشى تۈركىستان كومىسسىيەسىنىڭ تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان ئىككى يىللىق پائالىيەتلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇنداق بىر لايىھەنىڭ تەييارلىنىپ، موسكۋاغا يوللىنىشى ئەسلى ئالدىن تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە ھەم پىروگرامما بويىچە بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى، تۈركىستان كومىسسىيەسى سوۋېت رۇسىيەسى بولشېۋىكلار پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە بىلەن رۇسىيە سوۋېت سوتسىيالىستىك فېدېراتسىيەسىنىڭ ئالىي ھۆكۈمىتى ھېسابلىنىدىغان خەلق كومىسسارلار كېڭىشى تەرىپىنىڭ تۈركىستاندىكى تولۇق ھوقۇقلۇق رەھبەرلىك ئورگىنى بولۇپ، ئۇلارنىڭ موسكۋاغا ۋاكالىتەن قارار چىقىرىش، تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ۋە باشقا ھەر خىل ھوقۇقلىرى بار ئىدى. تەشكىلىي جەھەتتىن ئۇلار سوۋېت رۇسىيەسى بولشېۋىكلار پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىي رەھبىرى ۋلادىمىر لېنىنغا بىۋاستە بويسۇناتتى. مۇنداق بىر تولۇق ھوقۇقلۇق ئورگاننىڭ رەھبىرى رۇدزۇتاكنىڭ قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش لايىھەسى تەييارلىشى ئالدى بىلەن سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتىنىڭ شەرق ئىستراتېگىيەسى بىلەن باغلىنىشلىق بولغانلىقى

(1) Xeyfen A. Sovetskaya Diplomatia I Narody Vostoka (1921-1927).

(سوۋېت دىپلوماتىيەسى ۋە شەرق خەلقلىرى. 1927-1921-يىللىرى) موسكۋا.1968 . 129-128-بەتلەر.

(2) RSXIDNI. F.17.op.3.d.174.l.4.

رۇسىيە يېقىنقى زامان تارىخىي ھۆججەتلىرىنى ساقلاش مەركىزى. (بۇ ئۇچۇر بارمىننىڭ كىتابىدىن ئېلىندى.)

Sovetskiy Soyuz I Sinzyan 1918-1941gg.

(سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ 1941-1918 –يىللىرى) .بارنائۇل. 1998. 80-بەتلەر.

ئۆچۈن تۈركىستان كومىسسىيەسى دادىللىق بىلەن مۇنداق لايىھەگە تۇتۇش قىلغان ئىدى.

بۇنداق لايىھەنىڭ تۈزۈلۈشىدە ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئوينىغان رولى مۇھىم بولۇپ، تاشكەنتتە ئالتىشەھەر – جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ پۈتۈن تۈركىستان بويىچە بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى، يەنى تەخمىنەن 1921- يىلى، ماي ئېيىدا تاشكەنتتىكى ۋە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئىنقىلابىي تەشكىلات ئەزالىرى سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ئۆزلىرىنىڭ ۋەتىنىدە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى قوزغاپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئارزۇسىنى مەلۇم قىلغان. سوۋېت ئارخىپ ماتېرىياللىرىدا بۇ مەسىلە «مىلتارىستلارنىڭ زۇلۇمىنى يوقىتىشقا ئىنتىلگەن شىنجاڭدىكى بىر قاتار ئىنقىلابى گۇرۇپپىلار بىلەن تەشكىلاتلار ئايرىم قەشقەر ۋە جۇڭغار جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇش ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار تۈركىستان كومىسسىيەسىگە ئۆزلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەش ئىلتىماسى بىلەن مۇراجىئەت قىلغان» دەپ خاتىرىلەنگەن.[3] دېمەك تۈركىستان كومىسسىيەسىنىڭ قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇش مەسىلىسىنى بېكىتىشىدە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىچىدىكى تەشكىلاتلار بىلەن سوۋېت تېررىتورىيەسىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ ئورتاق تەلەپلىرىنى پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلغان. مۇنداق لايىھە تەبىئىيكى، مەلۇم ۋاقىتلىق تەكشۈرۈش، تەييارلاش ھەم مۇھاكىمىلەردىن كېيىن مەيدانغا چىقىشى تەبىئىي ئىدى.

شۇڭا «ئالتىشەھەر ۋە جۇڭغار ئىشچىلىرى تەشكىلاتلىرى» نىڭ بىرلىككە كەلگەن «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» دەپ ئاتىلىپ، تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا مەخسۇس ئۇيغۇر ئېلىدىكى مىللىي ھەرىكەتلەرگە ئائىت پىروگراممىلارنى قوبۇل قىلىشنى تۈركىستان كومىسسىيەسىنىڭ قول تىقىشىدىن ھەم رۇدزۇتاكنىڭ ھامىيلىقىدىكى ئەشۇ قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇش پىلانىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يىغىننىڭ پىروگراممىلىرى ۋە يىغىندا تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ۋە رۇسىيە مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلىرىنىڭ قاتنىشىپ سۆز قىلىشى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ كەلگۈسى نىشانى ۋە ھەرىكەت پىلانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

(3) كوممۇنار تالىپوف. تارىخ ساۋاقلىرى ياكى ئۆتمۈشسىز كېلەچەك يوق. ئالمۇتا، «ناش مىر» نەشرىياتى . 2010- يىلى، 156-بەت.

رۇدزۇتاكنىڭ مەزكۇر لايىھەسى كۆپ تەرتىپتىن قالدۇرۇلسىمۇ، ئەمما قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلمىدى. قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدىكى ئىنقىلاب مەسىلىسىدە سوۋېت رەھبەرلىك قاتلىمى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ھەم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان پىكىر ئىختىلاپلىرى داۋاملاشتى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال، ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرى ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوزغاش ۋە ئېلىپ بېرىش شۇنىڭدەك بۇنىڭ نەتىجىسىدە مۇستەقىل سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلسا، ئەمما لېنىن،ستالىن، چىچېرىن قاتارلىقلار بۇنداق ئىدىيەنى قوللىمىدى. نېمىشقىدۇ سوۋېت رۇسىيەسى تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن گېئورگىي چىچېرىن، مۇئاۋىنى كاراخان قاتارلىقلار بۇ ھەرىكەتكە قاتتىق قارشى تۇردى. لېكىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى خېلى ئۇزۇنغىچە مەخسۇس خادىملىرىنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ جايدا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى قوزغاش كېرەكمۇ ياكى ھازىرقى مەۋجۇت جۇڭگو ھاكىمىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە ئانالىز يۈرگۈزدى. تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارى گېئورگىي چىچېرىن 1921- يىلى، 13-ئىيۇلدا رۇسىيە تاشقى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ تاشكەنتتىكى ۋەكىلى سۇكېرماننىڭ رۇدزۇتاكنىڭ لايىھەسىنىڭ قانچىلىك ئاساسى بارلىقىنى ئېنىقلاش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇپ، «بىزنىڭ بۇ رايوندىكى ئاھالىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز قانداق؟ ئەگەر يولداش رۇدزۇتاكنىڭ ئۇلار ئۆچۈن سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتەك يول قويۇشقا بولمايدىغان ئويغا كەلگىنىدىن قارىغاندا، بۇ بىزنىڭ ئۇلار بىلەن قانداقتۇر بىرەر مۇناسىۋەتلىرىمىزنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز تەرىپىدىن ئۇ يەردە نېمىلەر قىلىندى ۋە قىلىنىۋاتىدۇ؟ تولۇقلىما مەلۇمات بېرىڭ» دەپ تەلەپ قىلغان[4] .

1921- يىلى، 10-9-ئايلاردا سوۋېت رۇسىيەسى تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى بىلەن خەلق سودا كومىسسارىياتى بىرلىشىپ قەشقەرگە بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. بۇ ئۆمەكنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى يەنىلا قەشقەردە قىلىدىغان ئىنقىلاب مەسىلىسىنى تەكشۈرۈش ئىدى. بۇ ئۆمەك قايتىپ كېلىپ، يۇقىرىغا مەخسۇس دوكلات يوللاپ، قەشقەردە ئىنقىلاب قوزغاشنىڭ ئاسان ئىكەنلىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ مىلىتارىستلىرىغا ئۆچ ئىكەنلىكى، ئىنقىلابنىڭ ئاسان

(4) . AVP RF (رۇسىيە فېدېراتسىيىسى تاشقى سىياسەت ئارخىپى). F.0/100. OP.4 P.102.D.5. L.1

غەلىبە قىلسىمۇ، بىراق ئىسلام دىنىي ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈكى، ئاخىرىدا بۇ جاينىڭ ئىنگلىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىنلىكى، پانتۈركىستلارنىڭ زەربىسىنىڭ جۇڭگولارغا قانداق زەربە بەرگەن بولسا، سوۋېت ھۆكۈمىتىگىمۇ شۇنچە زەربە بېرىدىغانلىقىنى دەلىللەپ، «نۆۋەتتە بىزنىڭ ھەمكارلىق سىياسىي يۆنىلىشىمىز قەشقەرىيەدىكى مۇسۇلمانلار ئامىمىسىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قولدارلىرى بولغان جۇڭگولارغا قارىتىلىش كېرەك. قەشقەرلىكلەرنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇشنىڭ ھەر قانداق پىلانىنى ۋاقىتىنچە قويۇپ تۇرۇشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئىش –ھەرىكەتلىرىمىز جۇڭگولۇقلارنىڭ نەزىرىدە يۇقىرى دەرىجىدە ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك»[5] دېگەن تەكلىپنى بەردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنقىلابىنى قوللىماسلىق تەشەببۇسى سوۋېت رۇسىيەسى تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ غەربىي جۇڭگوغا قويغان مەخسۇس ۋەكىلى ئېپشتېين، ئىلىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بارشاك شۇنىڭدەك يەنە موڭغۇلىيە خەلق پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى موڭغۇل مىللىتىدىن بولغان س. ناسوۋ قاتارلىقلار تەرىپىدىنمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خەلق تاشقى ئىشلار كومىسسارىياتىنىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سوكېرمان ئاخىرىدا ھەممىسىنى خۇلاسىلەپ، گېئورگىي چىچېرىنغا دوكلات يوللاپ، رۇدزۇتاك لايىھەسىنى ئىنكار قىلىپ، قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدە بولىدىغان ئىنقىلابنى كۆنتېرتىپتىن قالدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ ۋاقىتتا يەنە تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ جۇڭگودا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىمۇ چىچېرىن بىلەن ئوخشاش مەيداندا تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئىنقىلابىنى قوللىماسلىق، ئۇيغۇر ئېلىنى جۇڭگونىڭ قولىدا قالدۇرۇش تەشەببۇسىدا بولدى. تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى ئۇيغۇر ئېلىدە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى قوزغاش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ تۈركىستان بيۇروسىنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا تىرىشقان ئىدى. بۇ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال بىلەن سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە توقۇنۇش بارلىقى، سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ئۆز تاشقى سىياسىتىنى ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگەرتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتەتتى. مەسىلەن كەسپىي دىپلومات، 1920-

(5) ABP RF. o/100.op.4 p.102. d.l.43. بۇ مەنبە بارمىنىڭ كىتابىدىن ئېلىندى. شۇ ئەسەر،87-بەت

يىلى سوۋېت ۋەكىللىرى تەركىبىدە بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قاتناشقان،1921- يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن رۇسىيە كومپارتىيەسى تۈركىستان بىيۇروسىنى باشقۇرغان ھەم 1923- يىلى سۇن جۇڭشەن بىلەن كۆرۈشۈپ، مەشھۇر «سۇن –يوففې خىتابنامىسى» گە ئىمزا قويغان ئابارام ئادولىف يوففې 1921- يىلى، 19-ئۆكتەبىردە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونالنىڭ رەھبىرى گ. زىنوۋيېۋغا خەت يېزىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونالنىڭ تۈركىستان بىيۇروسىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەنقىد قىلىپ، مەزكۇر بىيۇرونىڭ «جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق پائالىيەت قىلمىغانلىقى»نى ئەيىبلىگەن. ئۇ، خېتىدە تۈركىستان بىيۇروسىنىڭ قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدە پائالىيەت قىلالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، «قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدىكى خىزمەتلەر بىزنىڭ تېررىتورىيەمىزدىكى كەمبەغەللەر تەشكىلاتىنىڭ ئىشلىرىغا يىغىنچاقلانغان. بۇنىڭ ھېچ سىياسىي ئەھمىيىتى يوق، بۇ پەقەت ۋەتىنىگە قايتىپ بارغۇچىلارنىڭ رەھىمسىزلەرچە ئېتىپ تاشلىنىشىغىلا ئېلىپ كېلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.(6) يوففې كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونالنىڭ تۈركىستان بىيۇروسىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيەسىدە بولغان بولۇپ، ئۇ تروتسكىي، زىنوۋيېۋ ۋە چىچېرىن قاتارلىقلارغا دوكلات يوللاپ، «بۇ ئورگان پايدىلىق بولغانغا قارىغاندا بەكرەك زىيانلىق. ئەمەلىيەتتە خىزمەتلەرنى سىياسەت بىلەن ئويىنىشىدىغان سىياسىي گۆدەكلەر ئېلىپ بارماقتا. پۇل ئەقىلدىن ئازغۇدەك دەرىجىدە چىقىم قىلىنغان، ئەمما قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق»(7) دەپ قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدە ھەرىكەت قوزغاش ئۈچۈن ئەنجان ۋە ئالمۇتىدا شۆبە مەركەز قۇرغان تۈركىستان بىيۇروسىنى تاقىۋېتىش تەشەببۇسىدا بولغان. ھەقىقەتەن ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1921- يىلىنىڭ ئاخىرىدا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونالنىڭ تۈركىستان بىيۇروسى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ مەزكۇر بىيۇرونىڭ قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەنجان ۋە ئالمۇتا شەھەرلىرىدىكى ئىككى مەركىزىمۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى تاماملاپ تاقالدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونالنىڭ تۈركىستان بىيۇروسىنىڭ تاقالغان ۋاقتى دەل سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نى ئەمەلدىن تالدۇرۇۋەتكەن

(6) B. V.G. Gilensen.Turkestanskoe Byuro Kominterna ( osen 1920-osen 1921g) (كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونالنىڭ تۈركىستان بىيوروسى 1920-يىلى كۈزدىن 1921-يىلى، كۈزگىچە) - Vostok. 1999. No1. S.74-75

(7) Viktor Usov . Sovetskaya Razvetka v Kitae , 30-30 gody XX veka. Moskwa, Olma-Press. 2002. S.36.

(سوۋېت رازۋېدكىسى خىتايدا. 20-ئەسىرنىڭ 30-20-يىللىرى).

ۋاقتىغا توغرا كەلگەن بولۇپ، چۈنكى مەزكۇر ئىككى تەشكىلاتنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ۋە ھەمكارلىقلىرى بىر-بىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئىككىنچى، «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ رەھبەرلىك يادروسى ۋە بىر قىسىم ئەزالىرى، بولۇپمۇ ئەنجان ۋە ئالمۇتىدىكى شۆبىلىرى بىلەن مەزكۇر بىيۇرونىڭ ئەنجان ۋە ئالمۇتىدىكى مەركەزلىرى ئارىسىدا ئىش بىرلىكى مەۋجۇت ئىدى. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەگە مەخپىي ئادەملەرنى كىرگۈزۈش ھەرىكەتلىرىدە ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ مەلۇم جەھەتتىن ماسلىشىشى تەبىئىي ئىدى.

ئەنجان ۋە ۋېرنىي (ئالمۇتا)دىكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ مەزكۇر ئىككى مەركىزىنىڭ رولى ئەمەلىيەتتە ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بۇ ئىككى ئورۇن كومىنتېرن ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى پىلانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا پايدىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇر ۋە باشقىلاردىن تەركىب تاپقان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ مەخپىي خادىملىرى بۇ يوشۇرۇن ھالدا چېگرادىن ئۆتۈپ، ئۇيغۇر ئېلىدە تەشكىلات قۇرۇش، تەشۋىقات قىلىش ھەمدە قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ ھەربىي-سىياسىي ئەھۋالى، بولۇپمۇ بېرىتانىيە كونسۇلخانىسىنىڭ قەشقەردىكى پائالىيەتلىرى ۋە باشقىلارنى كۆزىتىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. مۇنداق ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار ئالدى بىلەن سوۋېت تېررىتورىيەسىدىكى بازىلاردا تەييارلىقتىن ئۆتەتتى. ئۇيغۇر ئېلىغا يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىش ۋە تەشۋىقات-تەرغىبات قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل، تەشۋىقات-تەرغىبات كېڭەشكە گ. ب. سكالوۋ مەسئۇل بولغان ئىدى.[8] 1921- يىلىنىڭ ئاخىرى ئەنە شۇ ئۇيغۇر ئېلىنى ئاساس نىشان قىلغان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ تۈركىستان بىيۇروسىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى، 1920- يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ 2-قۇرۇلتىيىدا ئېلىنغان شەرقتە، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئېلىدە ئىنقىلابى ھەرىكەتلەرنى ئەۋجى ئالدۇرۇش قارارلىرى بويىچە[9] قۇرۇلغان تاشكەنت، ئەنجان، ئالمۇتىلاردىكى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال مەركەزلىرىنىڭ ئەمدى بولسا، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈچۈن كېرەك بولمىغانلىقى، سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ شەرقتە ئېلىپ بارىدىغان ئىنقىلابى ھەرىكەتلىرىنىڭ پىلان ۋە ئىستراتېگىيەلىرىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقى، سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىدە جۇڭگونىڭ مۇھىم سالماقنى ئىگىلەپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن

(8) ۋېكتور ئۇسوۋ، شۇ ئەسەر. ۋە ق.غوجامبەردى. ئۇيغۇرلار. ئالمۇتا، 2009. 292-بەت.
(9) غ.غوجامبەردى. شۇ ئەسەر.291-بەت.

دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش قەدىمىنى تېزلىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرى تاشكەنت قۇرۇلتىيىدىن ئىلھام ئېلىپ، مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە لېنىنىنىڭ ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى شوئارىغا باغلاپ، كەلگۈسىدە قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدە قۇرىدىغان دۆلەتلىرىنىڭ ئارزۇ-ئۈمىد يوللىرىدا ئىزدىنىشۋاتقان بۇ كۈنلەردە ئۇلار سوۋېت رۇسىيەسى كومپارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىدا بولۇۋاتقان مەزكۇر ئىختىلاپ ۋە سىياسىي يۆنىلىشتىن، بولۇپمۇ رۇدزۇتاكنىڭ قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇش لايىھەسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

تاشكەنت قۇرۇلتىيى نەتىجىسىدە «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» رەسمىي ئىشقا كىرىشىپ، 6 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، تۈركىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشنى قارار قىلىپ، ئاخىرى «ئالتىشەھەر - جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» 1921- يىلى، 18-دېكابىر كۈنى تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەخسۇس چىقارغان قارارى بويىچە رەسمىي توختىلىپ، 1922- يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، پۈتۈن تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەممە جايلىرىدا، جۈملىدىن پەرغانە ۋادىسى، تاشكەنت، تۈركمەنىستان، يەتتەسۇ، پىشپەك ۋە قاراقول قاتارلىق جايلاردىكى بارلىق تەشكىلات بىردەك ھالدا پائالىيىتىنى توختىتىپ، «قوشچىلار ئىتتىپاقى» تەركىبىگە قوشۇۋېتىلدى.[10]

«قوشچىلار ئىتتىپاقى» 1920- يىلى تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن قۇرۇلغان دېھقانلار، كەمبەغەللەرنىڭ تەشكىلاتى بولۇپ، مەقسەت بارلىق كەمبەغەل دېھقانلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى بايلار، يەر ئىگىلىرى ۋە دىنىي زاتلارغا قارشى قويۇپ، ئۇلارنى سوۋېت تۈزۈمى ئورنىتىشقا قاتناشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. مەزكۇر تەشكىلات قارىماققا دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان كۆرۈنسىمۇ، ئەمما سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا يەر سىياستى ۋە سىنىپىي كۈرەش ئىدىيەسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق سوۋېت تۈزۈمگە قارشى ۋە ياكى نارازىلىق كەيپىياتى ھەم مىللىي ئىدىيەسى كۈچلۈك كىشلەرگە زەربە بېرىپ، ھاكىمىيەتنى

(10) ئا.روزىباقىيېۋ. ن.روزىباقىيېۋا. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى. ئالمۇتا. 1987. قازاقىستان. 37-36-بەت.

لېنىننىڭ شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلاتتى[11].

«ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» تارقىتىلىپ، ئۇنىڭ ئەزالىرى «قوشچىلار ئىتتىپاقى» غا قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۈچلۈك نارازىلىق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى چىقىش يولىنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدە تالاش-تارتىشلار ئەۋجى ئالدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بۇ بىر قاتار ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ 1922- يىلى، 23-مارتتا تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە دوكلات بېرىپ، تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزى كومىتېتىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئايرىم كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇشنى، «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» غا ئوخشاش بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان بىرلىككە كەلگەن مەركىزى ئۇيغۇر كومپارتىيە ئورگىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئىلگىرىكىدەك ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنى بىۋاستە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىدا قويۇش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، مۇنداق ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى ئورگىنى قۇرۇلغان تەقدىردىمۇ ئۇنى بىۋاستە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېنىدا تۇتماستىن، بەلكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى ئۈچۈن ۋىلايەتلىك كومىتېت قۇرۇپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1922-يىلى، 13-ئاپرېلدا ئېچىلغان تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا يەتتە سۇ ئوبلاستلىق كوممۇنىستىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ قارمىقىدا «ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋىلايەتلىك بيۇروسى»، يەنى رۇسچە «كرايبيورو» تەشكىل قىلىندى. شۇ يىلى، 9-ئايدا ئالمۇتا شەھرىدە پۈتۈن يەتتەسۇ ئوبلاستى بويىچە ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ 1-قېتىملىق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.[12] بۇ ئەمەلىيەتتە سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋىلايەت دەرىجىلىك بيۇروغا ئۇيۇشۇپ، تۇنجى قېتىم ئۆزلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلتىيىنى چاقىرىشى ئىدى.

1921- يىلى، 9-3-ئىيۇن كۈنلىرىدىكى تاشكەنتتە قۇرۇلتىيى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى بىلەن پارتىيە ئەزاسى ئەمەسلەرنىڭ بىرلەشمە قۇرۇلتىيى بولۇپ، گەرچە «ئالتىشەھەر - جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى ئىتتىپاقى»

(11) Dawlét-Yusupow m. X., Soyuz “koshchi” i égo rol w ukréplénii sowétskoy wlasti w turkéstané (1919 - 24) 1956 .Tashkent

( قوشچىلار ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ تۈركىستاندىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىشتىكى رولى)

(12) Barmin B.A. Sovetskiy Soyuz I Sinzina 1918-1941gg. Barnaul. 1998. 89

(سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ 1941-1918-يىللاردا)

نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرى بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەرىبىر مەزكۇر «ئىتتىپاق» پارتىيە تەشكىلاتى ھېسابلانمايتتى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭمۇ كومپارتىيە ئەزاسى بولۇشىمۇ شەرت ئەمەس ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئېلىنى «سوۋېتلاشتۇرۇش»، «ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش» مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا شۇ جايدىكى دىنىي زاتلار، دېھقان- كەمبەغەللەر، تىجارەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ قاتلامنى ئىنقىلابقا جەلپ قىلىش ئۈچۈن نوقۇل ھالدا كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇش ۋە ياكى كوممۇنىزم تەشۋىقاتى قىلىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ياخشى چۈشەنگەن. شۇڭا «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ قۇرۇلتىيى پارتىيەسىز ۋە پارتىيەگە تەۋە بولمىغان ۋەكىللەرنىڭ قاتنىششى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان شۇنىڭدەك يەنە قۇرۇلتايدىن كېيىنمۇ مەزكۇر تەشكىلات نامىدىن كومپارتىيە تەشۋىقاتى قانات يايدۇرۇلماي، ئەكسىچە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىرگە تەشكىلات ئەزالىرى تەركىبىنى تېخىمۇ زورايتىشقا تىرىشقان ئىدى. ئەمما، يەتتەسۇ ئوبلاستلىق ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى بىيۇروسىنىڭ ئالدىغا ئېنىق ۋە ئاشكارا ھالدا رۇسىيە كومپارتىيەسىنىڭ نىزامنامىسى، پارتىيە خىزمەت سىياستى ۋە باشقا پىروگراممىلار ئاساسىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پارتىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى قوشۇنىنى كېڭەيتىش خىزمەت ۋەزىپىسى قويۇلغان ئىدى.

ئالمۇتىدا تەسىس قىلىنغان يەتتەسۇ ئوبلاستلىق ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى بىيۇروسى تەشكىلىي جەھەتتىن پەقەت تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلا ئوبلاستى، يەنى يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلارنىلا نەزەرگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭغا پەرغانە ئوبلاستى ۋە باشقا ئوبلاستلار كىرمەيتتى.

دېمەك، مەزكۇر ئۇيغۇر پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ پەرغانە، تاشكەنت ۋە باشقا ئوبلاستلاردىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنى ئۆز رەھبەرلىكى ئاستىغا ئېلىشقا كۈچى يەتمەيتتى.

ئەمما، ئالمۇتىدا تەسىس قىلىنغان يەتتەسۇ ئوبلاستلىق ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى بىيۇروسى ئۇيغۇرلارنىڭ پارتىيە مەركىزى تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا «كومسېكسىيە»، يەنى كوممۇنىستلار تارماق گۇرۇپپىلىرى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى.

يەتتەسۇ ئوبلاستلىق ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى قۇرۇلتىيى ئاخىرىدا سايلام ئۆتكۈزۈپ، يەتتەسۇ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى ئوبلاستلىق بيۇروسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنى بىكىتتى ۋە ئابدۇللا روزىباقىيېۋ بيۇرونىڭ سېكرېتارلىقىغا سايلاندى. مەركىزىي كومىتېت ئەزالىقىغا ئىسمايىل تاھىروف، خ. سۇلايمانوف ۋە تۇڭگانلاردىن ماگازى ماسانچى ھەم باشقىلار بېكىتىلدى[13].

ئەمما، ئالمۇتىدا چاقىرىلغان ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ يەتتەسۇ ئوبلاستلىق بيۇروسىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىغا پەرغانە ۋادىسىدا ياشايدىغان ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان-قاتناشمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. قادىر ھاجى باشلىق قەشقەرىيەلىك كوممۇنىستلار ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدا قۇرۇلغان مەزكۇر يەتتەسۇ ئوبلاستلىق ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى بيۇروسىغا قاتنىششتىن ئۆزىنى چەتكە ئالغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم كومىسسيە قۇرۇش خاھىشىنى ئىپادىلىگەنلىكى پەرەز قىلىنىدۇ. بىراق، پەرغانە ۋادىسى، سىر دەريا ئوبلاستى تەۋەسىدىكى بىر قىسىم قەشقەرلىكلەر يەنىلا مەزكۇر ئوبلاستلىق ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى بيۇروسى بىلەن ئالاقىدە بولدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدىكى مەزكۇر ئوبلاستلىق ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى بيۇروسىغا يەتتەسۇدا ياشىغۇچى تۇڭگان كوممۇنىستلىرى قاتناشقان بولۇپ، تۇڭگانلاردىن ماگازى ماسانچىنىڭ مەركىزىي كومىتېت تەركىبىدە بولۇشى ئۇيغۇر-تۇڭگانلارنىڭ بۇرۇنقىدەك بىر ئىتتىپاق تەركىبىدە پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتەتتى. بۇ ۋاقىتتا تۇڭگانلار ئاساسلىقى يەتتەسۇ ئوبلاستىغا تەۋە پىشپەك، قاراقول قاتارلىق ناھىيەلەرگە تارقالغان، ئاز بىر قىسمى ئالمۇتا، ياركەنت ئەتراپلىرىدا ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشايتتى. تۇڭگانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چۇي دەريا ۋادىسىدىكى  پىشپېك، توقماق، ئىسسىق كۆل بويىدىكى قاراقول، رىباچې، نارىن قاتارلىق شەھەرلەرگە ۋە مىلىئانفان، خۇنچى، كەڭ بۇلۇڭ، ئالېكساندروپكا، ئىردىك، قاتارلىق يېزا-قىشلاقلارغا تارقالغان بولۇپ[14]، ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلارنىڭ ھەمكارلىقى 1917- يىلىدىكى تارانچى-تۇڭگان

(13) ئا.روزىباقىيېۋ، ن.روزىباقىيېۋا. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى. 38-بەت. ئالمۇتا. 1987-يىلى.
(14) Istoricheskaya spravka

تۇڭگانلار ھەققىدە تارىخىي مەلۇمات

http://www.dungane.kz/rus/history/.

كومىتېتىدىن باشلانغان، «ئالتىشەھەر – جۇنغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ مەركىزىي كومىتېتىغىمۇ ماسانچى ۋە ماتىيانىۋ قاتناشقان بولۇپ، ئۇلار «ئۇيغۇر» نامى ئاستىدىكى تەشكىلاتقا ئۇيۇشۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە قەشقەرىيەدە بولىدىغان ئىنقىلابقا تەييارلىق قىلغان ئىدى.

تۈركىستان كومپارتىيەسى نېمە ئۈچۈن مەزكۇر ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ئوبلاستلىق بيۇروسىنى تەشكىل قىلىشنى پەقەت يەتتەسۇ ئوبلاستىغا بېكىتتى؟ بۇنى ھەر جەھەتتىن تەھلىل قىلىش كېرەك. سوۋېت ھۆكۈمىتى شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي مەركىزىنى تاشكەنتتىن ئالمۇتىغا يۆتكىگەن ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكەت نىشانىنى نۇقتىلىق ھالدا كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنى كۆپەيتىش، ئۇلارنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي-مائارىپ ۋە يەر تۈزۈلمىلىرى ھەم قۇرۇلۇشلىرىغا قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى ئاشۇرۇشقا قاراتتى. بۇرۇنقىدەك قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى قوزغاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش تەشۋىقاتلىرىنى توختاتقان ئىدى. مۇنداق ئىدىيە پەرغانە ۋە تاشكەنت قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ قەشقەرىيەلىك ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر قەدەر كۈچلۈك بولۇپ، پەرغانە ۋادىسى، تاشكەنت، سەمەرقەنت، قاراقول، پىشپەك قاتارلىق جايلاردا كۆپ ساندا قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ ئىش ئىزدەپ چىقىپ تۇرۇپ قالغان مەدىكارلار، سودىگەرلەر ھەم ھۈنەرۋەن كاسىپلار بار ئىدى. بۇ جايدا ھەم 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن تارتىپ قەشقەرىيەدىن كۆچۈپ چىقىپ يەرلىشىپ، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن قەشقەرلىك ئۇيغۇرلار بار ئىدى. پەرغانە ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېخى سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتمىگەن، مۇھاجىرلارنىڭ سانىمۇ كۆپ بولۇپ، يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلار، يەنى تارانچى ئۇيغۇرلىرى بولسا ئاللىقاچان رۇسىيە پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ بولغان ھەم ئۇلار بىر قەدەر زىچ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، 1918-يىلىدىن تارتىپ، يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئۇيغۇر كوممۇنىست گۇرۇپپىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان ئىدى. بەلكى، بۇ نۇقتىدىن ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ئوبلاستلىق بيۇروسى يەتتەسۇدا تەسىس قىلىنىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ يەتتەسۇ ئوبلاستلىق بىيۇروسى تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىدىن پەرغانە ۋادىسى ۋە سىر دەريا ئوبلاستىدىكى ئۇيغۇرلاردىن كومىسسىيە قۇرۇشنى ھەم بۇ كومىسسىيىلەرگە يەتتەسۇ ئوبلاستلىق بىيۇرو رەھبەرلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، 1923- يىلىدا ئىسمايىل تاھىروفنىڭ سىر دەريا ئوبلاستىدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى كومىسسىيىسىگە رەھبەرلىك قىلىشقا قوشۇلدى[15].

1922- يىلى ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى ئاخىرلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبلاستلىق كومپارتىيە بىيۇروسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پەقەت كومپارتىيەگە ئەزا بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىلاتقا ئۇيۇشۇش ھەم بىۋاستە كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە بولۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. گەرچە، ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ئۆزىنىڭ شەرقتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئازادلىق ئىدىيەسى تەرغىباتى ۋە پائالىيەتلىرى بىلەن داۋاملىق شوغۇللىنىۋەردى. سوۋېت ھۆكۈمىتى مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى ئارىسىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنقىلابى قوللاش پىكىرلىرى يەنىلا مەۋجۇت بولۇۋەردى.

قىسقىسى سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئارىسىدا تېخى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت شەرتنامىسى ئىمزالانمىغان، جۇڭگونىڭ سوۋېت رۇسىيەسىنى ئېتىراپ قىلىشى ئارقىغا سوزۇلۇۋاتقان، ھەتتا سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى ئارىسىدا سودا-ئىقتىسادىي كېلىشىمى ئىمزالاشنى رامكا قىلغان سىياسىي تۈس ئالغان ئايرىم كېلىشىم سۆھبىتى ياڭ زېڭشىننىڭ ئارقىغا سوزۇش تاكتىكىسىغا دۇچ كەلگەن ئىدى.

يەتتەسۇ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى بىيۇروسى ئابدۇللا روزىباقىيېفنى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ موسكۋادا چاقىرىلغان 4-قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. ئابدۇللا روزىباقىيېف ئىشتىراك قىلغان مەزكۇر 4-قۇرۇلتاي 11-ئايدىن 12-ئايغىچە ئېچىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا 58 ئەلنىڭ 66 پارتىيە ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ 408 ۋەكىلى قاتناشتى. مەزكۇر قۇرۇلتايدا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنقىلابىي

(15) ئا.روزىباقىيېۋ ، ن.روزىباقىيېۋا. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى. 38-بەت. ئالمۇتا. 1987-يىلى.

ھەرىكەتلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىش تەكىتلىنىپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال تەركىبىدە «ئىنقىلاب جەڭچىلىرىگە ياردەم بېرىش خەلقئارا تەشكىلاتى» قۇرۇلدى. مەزكۇر يېڭى ئورگاننىڭ خاراكتېرى پارتىيەسىز بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى تۈرمىلەرگە تاشلانغان ئىنقىلاب جەڭچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى، بالىلىرىغا ھەمدە ئۆلۈپ كەتكەن ئىنقىلابچىلارنىڭ بالىلىرى ۋە ئائىلىسىگە قانۇني، مەنىۋى ۋە ماددىي ياردەم كۆرسىتىش شۇنىڭدەك ئىشچى-دېھقان ۋە مەدىكارلارنى ئۇلارنىڭ پارتىيە تەۋەلىكى بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ئۆز ئەتراپىغا توپلاش ئىدى. ئۇيغۇر ۋەكىللىرى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەمدە يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال پەقەت يەتتەسۇ ئوبلاستىدا 50 دىن ئارتۇق ھەر خىل ئىنقىلابى تەشكىلات ۋە كومسېكسىيە (كوممۇنىستىك گۇرۇپپا) بارلىقى،1500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى بارلىقىنى خاتىرىلىگەن. ئەلۋەتتە، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال خاتىرىلىگەن يەتتەسۇدىكى 1500 ئۇيغۇر كوممۇنىستىنىڭ تەركىبىنىڭ تارانچى، تۇڭگان ۋە قەشقەرلىك كىرىدىغانلىقىنى ئىزاھلىغان.[16] بۇ سانغا پەرغانە ۋادىسى، تاشكەنت ۋە باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى كىرگۈزۈلمىگەن ئىدى.

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال بۇ چاغدا مەزكۇر ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى ۋە تاشكەنت،موسكۋا ۋە باشقا جايلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ھەم باشقا مىللەتلەر ئارىسىدىن بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، شىنجاڭ بىلەن ئالاقە ئورنىتىش، ئۇ يەردە يەر ئاستى تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئارقىدىن ئىنقىلابى پارتىيە قۇرۇش ئىشلىرى ئېلىپ باردى. بۇ جەھەتتە شىنجاڭدىكى موڭغۇللار ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان موڭغۇل كوممۇنىستلىرى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا مەلۇم ياردەم كۆرسەتتى.[17]

سوۋېت رۇسىيەسى 1921- يىلى، ھەر قايسى ئەللەردە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەمدە سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ھەر قايسى مىللىي رايونلىرىدا خىزمەت قىلىپ، بۇ رايونلاردا سوۋېت تۈزۈمىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە كۈچەيتىش ھەمدە كومپارتىيەنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىدىغان مەخسۇس خادىملارنى تەربىيەلەش مەقسىتىدە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ قارمىقىدا شەرق

(16) RSXIDNI (رۇسىيە يېقىنقى زامان تارىخىي ھۆججەتلىرىنى ساقلاش مەركىزى). . F.62.Op.2 .D.8 .L.33

(17) شۇ ئارخىپ ماتېرىيالى4-F.514.Op.1. D27. L.3 .

ئەمگەكچىلىرىنىڭ كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتى دەپ ئاتالغان ئالىي ئوقۇش ئورنىنى قۇردى.

مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا 1922- يىلى 930 ئادەم ئوقۇغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا 147 نەپەر ئايالمۇ بار ئىدى. مىللەت تەركىبى ھەر خىل بولۇپ، پۈتۈن رۇسىيە تۇپرىقىدا ياشايدىغان ھەر خىل مىللەتلەر، جۈملىدىن چەت شەرق ئەللىرىدىن كەلگەن مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بار ئىدى.

سوۋېت تارىخچىسى ناتالىيا تىموفېيېۋانىڭ شەرق ئەمگەكچىلىرى كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئارخىپىدىن نەقىل ئېلىشىچە، مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتتا 1922- يىلى ئوقۇغان 930 ئوقۇغۇچىنىڭ ئىچىدە «ئۇيغۇر، تارانچى ۋە قەشقەرلىك» ئوقۇغۇچىلارمۇ بولغان.[18] بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا يەنىلا ئورتاق ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى بىرلىككە كەلمىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئورتاق ئۇيغۇر مىللىي كىملىك ئىدىيەسى كۈچلۈك بولغانلىرى مىللىي كىملىككە ئائىت جەدۋەلگە ئۆز مىللىتىنى ئۇيغۇر دەپ تولدۇرغان، بەزىلەر بولسا، يەنىلا تارانچى ۋە ياكى قەشقەرلىك دەپ تولدۇرغان بولۇپ، دېمەككى شەرق ئەمگەكچىلىرى كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دەسلەپكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى ئۆزلىرىنى ئەنە شۇ يۇقىرىقى ئۈچ تەركىب بويىچە ئاتىغان.

1922- يىلىنىڭ ئاخىرى، 1923- يىللىرى سوۋېت ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن گوۋاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن مەخپىي ھەمكارلىقلارنى باشلاش ئارقىلىق بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە بېسىم پەيدا قىلدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە ھەرىكەت قوزغاش مەسىلىسى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ۋە تۈركىستان كومپارتىيەسى ۋە رۇسىيە كومپارتىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بېيۇروسى تەرىپىدىن قايتىدىن باش قاتۇرۇلدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى مەسىلىسى ھەققىدە ئۆز پىكىر-تەلەپلىرىنى موسكۋا ۋە تاشكەنت دائىرىلىرىگە دائىم يەتكۈزۈپ

(18) Timoféyéva. Natalia Anatoliyévna. Kommunisticheskiy Universitet Trudiashekhsya Vostoka( KUTV)- Senter Ideynoy Podgoyovki Kommunisticheskikh I Revoliyutsionnykh Kadrov Vostoka

(شەرق ئەمگەكچىلىرى ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق ئىنقىلابى ۋە كوممۇنىست كادىرلىرىنى ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيەلەش مەركىزى) ئافتورېفېرات. دىسسېرتاتسىيىنىڭ قىسقارتىلمىسى. موسكۋا، 1988-يىلى، س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئومۇمىي تارىخ ئىنستىتۇتى. ئىنتېرنېت نۇسخىسى.www.referun.com .

تۇردى. مەلۇم بولۇشچە، ئابدۇللا روزىباقىيېف بۇ جەرياندا، 1922- يىلدىن 1924- يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا يۇقىرى ئورگانلارغا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە بىر قاتار دوكلات ۋە تەلەپ خەتلەرنى ئەۋەتكەن بولۇپ، 1922- يىلى، ئۇ بىۋاستە رۇسىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارى ستالىننىڭ نامىغا دوكلات سۇنغان. 1923- يىلى، 6-فېۋرال ۋە 1-ئىيۇندا رۇسىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىغا ئىككى قېتىم دوكلات سۇنغان ۋە ئۆزى بىۋاستە مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ مەخسۇس «غەربىي جۇڭگودا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى توغرىسىدا ۋە بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلىرىمىز ھەققىدە» دەپ ئاتالغان دوكلات –تېزىسلىرىنى تەييارلىغان. ئۇ يەنە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونال ۋە باشقا يەرلىك كومپارتىيە ئورگانلىرىغىمۇ دوكلاتلار يوللىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسى، مەدەنىيىتى، مائارىپى ۋە باشقا مەسىلىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.

1923- يىلىنىڭ بېشىدا بولسا كېرەك، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونال ۋە رۇسىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قوللىشى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە «جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىنقىلابچىلىرىنىڭ قۇرۇلتىيى» دېگەن نام ئاستىدا قۇرۇلتاي چاقىرىلماقچى بولغان ئىدى.

بۇ قۇرۇلتاينى ئېچىش مەبلىغىنى رۇسىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسى زىممىسىگە ئالغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسى مەزكۇر قۇرۇلتاي ئۈچۈن 50 مىڭ رۇبلى ئاجراتقان.[19] بىراق، بۇ قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلمىگەن. رۇسىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا بيۇروسىنىڭ مەزكۇر قۇرۇلتاينى ئېچىش قارارىغا كېلىشىدە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونال ۋە ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ يەتتەسۇ ئوبلاستلىق بيۇروسىنىڭ ئوينىغان رولى چوڭ بولۇشى مۇمكىن. ئابدۇللا روزىباقىيېف 1923- يىلى، 2-ئاي ۋە 7-ئايدا ئىككى قېتىم تاشكەنتكە بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىغا «ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشلەش» نامى ئاستىدا دوكلات يوللىغان بولۇپ، گەرچە قولىمىزدا ئارخىپ پاكىتلىرىمۇ بولمىسىمۇ، ئەمما مەزكۇر دوكلاتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئەشۇ قېتىملىق قارارنىڭ ئورۇن ئېلىشىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ. بىراق، 1923- يىلىدىكى مەزكۇر قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلماي قېلىشىدا يەنىلا موسكۋادىكى

(19) RSXIDNI (رۇسىيە يېقىنقى زامان تارىخىي ھۆججەتلىرىنى ساقلاش مەركىزى). . F.514..Op.1 .D.56 .L.2.

سوۋېت رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ئۇيغۇر ئېلىدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ۋە بۇلار جاينىڭ جۇڭگو ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، سوۋېتپەرەس مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت يولىغا مېڭىش ئىدىيەسىگە قاتتىق قارشى مەيداندىكى تاشقى ئىشلار ساھەسىگە مەنسۇپ بىر قىسىم رەھبەرلەر رول ئوينىغان. ئۇلار قۇرۇلتايغا قارشى چىققان. بۇنداق قۇرۇلتايغا قارشى ئىدىيەنى جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بۇزماسلىق تەرەپدارلىرىدىن تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارى گېئورگىي چىچېرىن ۋە مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارى لېۋ كاراخان ھەم جۇڭگودىكى ئالاھىدە ۋەكىل ئابرام يوففې ۋە باشقىلار قوللايتتى.

بولۇپمۇ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ تولۇق سالاھىيىتى بىلەن موڭغۇلىيە خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىغا ئەۋەتكەن خادىمى س. ناسوۋنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ مەزكۇر قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىنى توختىتىپ قويۇش ۋە ئۇيغۇر ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى قوللىماسلىق قارارىنى ئېلىشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

س. ناسوۋ. شىنجاڭدا ئىنقىلاب قوزغاشقا قەتئىي قارشى چىققان بولۇپ، ئۇ «شىنجاڭ ئۆلكىسىنى خىتاي جۇمھۇرىيىتىدىن ئايرىۋېتىشكە يول قويماسلىق ھەققىدە» ماۋزۇلۇق دوكلاتىدا نېمە ئۈچۈن شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئىنقىلاب قوزغاشقا بولمايدىغانلىقى، بۇنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىگە كەلتۈرىدىغان ئەمەلىي زىيانلىرىنى ئەتراپلىق كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۈچ نۇقتىدىن چۈشەندۈرگەن. ئۇ مۇنداق دوكلات قىلغان: «بىرىنچىدىن، جۇڭگونىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى پارچىلايدىغان ھەرىكەت ئانتانتانىڭ جۇڭگو ئۈستىدىن خەلقئارالىق كونتروللۇق ئورنىتىشتەك شىرىن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا مۇقەددىمە بولۇپ بېرىدۇ. بۇ ئاخىرى جۇڭگونىڭ خەلقئارالىق كاپىتال تەرىپىدىن تولۇق ئىگىلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىككىنچىدىن، شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن ۋە تەشكىللىك بولمىغان قوراللىق قوزغىلاڭلىرى بىز تەرەپتىن بۇ تەۋەككۈلچىلىك زۆرۈرىيىتى نەتىجىسىدە ئۇلارنى ئەمەلىي ھەربىي ياردەملەر بىلەن قوللاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ بىزنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ئومۇمىي دىپلوماتىيە خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن زور زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. نەتىجىدە

خەلقئارا دىپلوماتىيە ساھەسى ھەر قانداق ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ، بۇنى جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى سوۋېتكە قارشى تەشۋىقاتلار ئۇچۇن ئىشلىتىشى مۇمكىن.» [20]

رۇسىيە ئالىمى بارمىننىڭ يېزىشىچە، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال موڭغۇلىيە خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى ناسوۋنىڭ بۇ تەكلىپلىرىنى توغرا تاپقان. رۇسىيە تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى نېچېنكو كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالغا يوللىغان دوكلاتىدا ناسوۋنىڭ پىكىرلىرىنىڭ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغانلىقى، «شۇڭا قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ھازىر قوزغىلاڭ ھەققىدە سوز بولماسلىقى لازىم» دەپ كۆرسەتكەن.[21]

ھەقىقەتەن، 1923- يىلىنىڭ بېشىدا سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى بىلەن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى 3-قېتىملىق سۆھبەتتە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مۇئاۋىن خەلق كومىسسار ئابرام ئادولف يوففې شاڭخەيگە بېرىپ سۇن جۇڭشەن بىلەن كۆرۈشۈپ، مەخپىي تۈردە سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەمكارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان «سۇن - يوففې خىتابنامىسى» ئىمزالىدى ۋە ئارقىدىنلا سوۋېت ھەربىي ھەم بىخەتەرلىك خادىملىرى سۇن جۇڭشەننىڭ يېنىغا بېرىپ، گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي –سىياسىي مەسلىھەتچىلىرى بولۇپ، خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپىنى قۇرۇشقا كىرىشتى ۋە زور كۆلەمدىكى قورال-ياراقلار بىلەن گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىنى قوراللاندۇردى. 1924- يىلى، 31-مايدا سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مۇئاۋىن خەلق كومىسسارى ل. كاراخان بىلەن جۇڭگو تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گۇ ۋېيجۇن بېيجىڭدا «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو جۇمھۇرىيىتى ئارىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپلىرى ھەققىدە كېلىشىم» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى كېلىشىم ۋە يەتتە خىتابنامىنى ئىمزالىدى. كېلىشىم بويىچە جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەسمىي ئېتىراپ قىلدى ۋە ئىككى دۆلەت ئارىسىدا نورمال دىپلوماتىك مۇناسىۋەت باشلاندى. كېلىشىم بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئىلگىرى رۇسىيە بىلەن جۇڭگو تۈزگەن كېلىشىملەرنى بىكار قىلدى شۇنىڭدەك ئىككى دۆلەت ئارىسىدا چار رۇسىيەنىڭ جۇڭگودىكى بارلىق بايلىقلىرى، يەر – مۈلۈك ۋە كونسۇلخانىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ بېرىلىش، جۇڭگونىڭ رۇسىيەدىكى بايلىقلىرى جۇڭگوغا بېرىلىش بېكىتىلدى. دۆلەت چېگراسى،

(20) RSXIDNI f.514. op.1 d.48. L.123-124.

(21) بارمىن ب.ئا. شۇ ئەسەر. 9-بەت.

تاموژنا ۋە باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش قارار قىلىندى. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسىدە جۇڭگوغا يول قويۇپ، ئۇ جايدىكى قوشۇنلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە رازى بولدى.[22] جۇڭگو بولسا، ئۆز زېمىنىدا ئۈچىنچى دۆلەتنىڭ سوۋېتكە قارشى ھەرىكەتلىرىگە يول قويماسلىققىمۇ ۋەدە بەردى.

سوۋېت-جۇڭگو كېلىشىمى ئىمزالىنىش بىلەن تەڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ياڭ زېڭشىن ئارىسىدا داۋاملىشىۋاتقان سۆھبەت يېڭى باسقۇچقا كىرىپ، ئىككى تەرەپ ئارىسىدا رەسمىي كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈرۈمچى، قەشقەر، چۆچەك، غۇلجا ۋە ئالتايدا كونسۇلخانا ئېچىش، شىنجاڭ ئۆلكىسى تەرەپ تاشكەنت، ئەنجان،ئالمۇتا، شەمەي ۋە زايساندا كونسۇلخانا ئېچىشقا پۈتۈشتى. ياڭ زېڭشىن چار رۇسىيەنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى كونسۇلخانىلىرىنىڭ بارلىق مال-مۈلۈكلىرىنى سوۋېت تەرەپكە قايتۇرۇپ بەردى.

سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدىكى بۇ خىل ئومۇميۈزلۈك ئۆزگىرىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى ھەققىدىكى ئويلىنىشلىرىغا تەتۈر تاناسىپ ۋەزىيەت يارىتىۋاتقان بولۇپ، 1924-يىلىدا پەقەت سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋەتلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئومۇمىي تاشقى دىپلوماتىيەسىدىمۇ زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، 1923-يىلىدىن1924-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا 20 دىن ئارتۇق دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى. بولۇپمۇ1924-يىلى، ئۇلۇغ بىرىتانىيە، ئىتالىيە، ئاۋستىرىيە، شىۋېتسىيە، دانىيە، نورۋېگىيە ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئېتىراپ  قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيانىڭ ئاساسلىق چوڭ مەملىكەتلىرى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، بۇرۇنقى خەلقئارالىق چەتكە قېقىش، يېتىم قالدۇرۇلۇش ۋەزىيىتىدىن خالى بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى مۇنداق خەلقئارالىق ئېتىراپ قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۆز ئىچىدىكى ئىقتىسادىي سىياسىتى ۋە مىللىي سىياسىتىنىمۇ قايتىدىن تەڭشەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قوشۇلىدىغان مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىشكە كىرىشتى. 1924-يىلىدىن باشلاپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنى قۇرۇپ، چېگرالارنى ئايرىپ چىقىشقا كىرىشتى. دېمەك، ئەمدى

(22) Péskova G.N. Diplomatichéskié otnoshéniya méjdu sssr i kitaém w 1924-1929 gg. ( سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو ئارىسىدىكى 1929-1924-يىللاردىكى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر ) // nowaya i nowéyshaya istoriya. - 1998. - № 1. - s. 69.

ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان قۇرۇش ئىدىيەسى كۆپلەككە ئايلىنىشقا باشلاپ، يەتتەسۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن خۇددى سوۋېت تېررىتورىيەسىدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش ئاپتونومىيەگە ئېرىشىش ئىدىيەسى پەيدا بولدى.

بۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكى، مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنى ئۆستۈرۈشكە كىرىشكەن بولۇپ، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تارانچى-قەشقەرلىك ئايرىم خەلق ۋە ياكى مىللەت چۈشەنچىلىرىنى تۈگىتىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى. 1923- يىلى، ئۇ بىر توپ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن تۈنجى «بىلىك جەمئىيىتى» قۇرۇپ چىقتى، بۇ جەمئىيەت يۇقىرىدا ئېيتىلغان پىروگراممىلار ئاساسىدا پائالىيەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان جايلار\ ۋە پەرغانە ھەم سىر دەريا ئوبلاستلىرىدا ئارقىمۇ-ئارقىدىن ئۇيغۇر كومىسسىيىلىرى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

مانا مۇشۇنداق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا 1924- يىلى 11-مايدا ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ يەتتەسۇ ئوبلاستلىق 2-قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قۇرۇلتاينى ئېچىشتىكى مەقسەتمۇ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ يەتتەسۇ ئوبلاستلىق بيۇروسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر يۇقىرى پارتىيە ئورگىنى ھېسابلانغان مەزكۇر بيۇرونى تاقىۋېتىشكە نارازى بولغان ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىق ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى، يەتتەسۇ ۋە باشقا جايلاردا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كوممۇنىستلارنىڭ سانىنىڭ تېخى ئاز ئىكەنلىكى، شۇنچە كۆپ نوپۇسلۇق ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن كوممۇنىستلارنىڭ سانىنىڭ كۆپەيتىش زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ، مەزكۇر بيۇرونى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتتى.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ بەرگەن دوكلاتىدا پۈتۈن يەتتەسۇ تەۋەسىدە 500 ئۇيغۇر كوممۇنىست، سىر دەريا ئوبلاستىدا 200 ئۇيغۇر كوممۇنىست بارلىقىنى بايان قىلغان.[23] بىراق، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونالنىڭ 1923- يىلدىكى دوكلاتىدا پەقەت يەتتەسۇدىلا 1500 ئۇيغۇر كوممۇنىست بارلىقى قەيت قىلىنغان. بەلكى

(23) م.روزىباقىيېۋ. ن.روزىباقىيېۋا، شۇ ئەسەر. 40-بەت.

روزىباقىيېفنىڭ بۇ يەردە تۇڭگانلارنى كىرگۈزمىگەن بولۇشى ۋە ئىمكان قەدەر ئاز كۆرسەتكەن بولۇشى ئېھتىماللىققا يېقىن.

ئەمما، پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس. بىراق، مۇھىم نۇقتا شۇكى، مەزكۇر ئۇچۇردىن 1922- يىلىدىن 1924- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەتتەسۇ، سىر دەريا ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ سانىنىڭ ئاشمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئەسلىدە ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ يەتتەسۇ ئوبلاستلىق بىيۇروسىنىڭ قۇرۇلۇش مەقسىتىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كوممۇنىستلارنى كۆپەيتىش، ئۇلارغا سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە پارتىيە يولىدا مېڭىش تەربىيەسى ھەم تەشۋىقاتىنى كېڭەيتىش تۇراتتى. ئىككى يىل ئىچىدە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى كۆپەيمىدى؟ ئەلۋەتتە، بۇ سەۋەبنى ھەر خىل نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش لازىم. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەبنى ئىككى نۇقتىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن.

بىرىنچىدىن، گەرچە يەتتەسۇدا ئۇيغۇرلار زىچ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، ئەمما 1918- يىلىدىكى «ئاتۇ قىرغىنچىلىقى» دا 20-15مىڭغىچە بولغان ئۇيغۇرنىڭ قىزىل ئارمىيە تەرەپتىن قىرغىن قىلىنىشى ھەمدە رۇس كوممۇنىستلارنىڭ مىللەتچىلىكى، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ دېھقانلار، چارۋىچىلارغا قاراتقان يەرلەرنى مۇسادىرە قىلىش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك، دىنىي چەكلىمە ھەم باشقا قوپال سىياسىي تەدبىرلىرى ئاقلار بىلەن قىزىللار ئارىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشقا قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كوممۇنىستلارغا ئىشەنمەسلىك خاھىشىنى پەيدا قىلغان.

ئىككىنچىدىن ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە مىللەتپەرۋەرلىرى ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت ئىدىيەسى، جۈملىدىن سوۋېت ھاكىمىيىتى ۋە سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق چاقىرىقلىرى ھەتتا ۋەدىلىرىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى، گەرچە ئۇيغۇرلار سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە لېنىننىڭ شەرقتىكى ئېزىلگەن، مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقلەرنى ئازاد قىلىش شوئارى ئاستىدا تەشكىللەنگەن بولسىمۇ، 1921- يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ غايىلىرىنىڭ بىراقلا

چەكلەپ قويۇلغانلىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى ھەم رۇس كوممۇنىستلىرىغا نىسبەتەن ئىشەنمەسلىك پەيدا قىلغان ئىدى. بۇ خىلدىكى ئىشەنمەسلىك پەرغانە ۋادىسى قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۈچلۈكرەك بولغان ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا يەنە قىزىل ئارمىيەنىڭ پەرغانە ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلارغا قاراتقان «باسمىچىلارنى يوقىتىش» نامى ئاستىدىكى قانلىق باستۇرۇشلىرى، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ تۈرلۈك قاتتىق قول سياسەتلىرى شۇنىڭدەك 1921- يىلىدىن تارتىپ ئېلىپ بارغان پانتۈركىزمغا زەربە بېرىش شوئارى ئاستىدا تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق كومىسسارلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى تۇرار رىسقۇلوف باشلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلغان يەرلىك مىللەتلەردىن يېتىشىپ چىققان كوممۇنىست رەھبەرلىرى ,زىيالىيلار ۋە مۇستەقىللىق پىكرىدىكى كىشىلەرگە زەربە بېرىشى ھەم باشقىلارمۇ سەۋەب بولغان. كوممۇنىستلارغا ئىشەنمەسلىك بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن تۈركىستان مىقياسىدا ئەۋجى ئېلىشقا كىرىشكەن ئىدى. ئەلۋەتتە، يەنە ئەنۋەر پاشانىڭ بۇخارادىكى قوزغىلاڭلىرى ۋە «باسمىچىلار» بىلەن سوۋېتلەر ئارىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلارمۇ كوممۇنىستلارغا بېرىلگەن قاتتىق زەربە ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن، سوۋېت ھۆكۈمىتى 1923- يىلى، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئايرىم ئېتنىك مىللەتلەر ۋە مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرگە ئايرىپ، ئاساسلىق چوڭ مىللەتلەردىن ئۆزبېك، تۈركمەن ۋە تاجىكلارغا مىللىي جۇمھۇرىيەت قۇرۇپ بېرىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. 1924- يىلى، بۇخارا سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى، خارەزم سوۋېت خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋە تۈركىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇلارنىڭ ئورنىدا 1924- يىلى، 27-ئۆكتەبىر كۈنلىرى ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ۋە تۈركمەنىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى، 10-ئاينىڭ 14-كۈنى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدە تاجىكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى

تەسىس قىلىندى. 1920- يىلى، قىرغىز (قازاق) سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، بۇ جۇمھۇرىيەت 1925- يىلى، قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە رۇسىيە سوۋېت فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە قىلىندى شۇنىڭدەك يەنە يەتتەسۇ ئوبلاستى بۇرۇن بۇرۇن تۈركىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە بولغان بولسا، 1925- يىلى 19-ئاپرېل كۈنى تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى بىلەن مەزكۇر جايلار رۇسىيەگە تەۋە قازاقىستانغا قوشۇپ بېرىلدى.

مانا بۇ 1924-1923- يىللىرى ئارىسدا باشلىنىپ ۋە ئاخىرى چىقىرىلغان ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي چېگرالار ۋە جۇمھۇرىيەتلەرنى پەيدا قىلىش جەريانىدا ئۇيغۇرلار، جۈملىدىن ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ يەتتەسۇ ئوبلاستلىق بىيۇروسىنىڭ ئالدىغا قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن يەتتەسۇ ۋە ياكى پەرغانىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيەلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدىيەسى روناق تاپتى. بۇنداق ئىدىيە ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە بولدى. ئۇيغۇرلار ئارىسدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر ئاپتونوم ئوبلاست بولسىمۇ قۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىش خاھىشى ۋە پىكىرلىرى مەيدانغا چۈشتى. مانا شۇ ۋاقىتتا 1923- يىلى، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە رۇسىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا بىيۇروسىغا يوللىغان «ئۇيغۇرلار ئارىسدا ئىشلەش» ماۋزۇلۇق دوكلاتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتۈن تۈركىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدىكى سانىنىڭ 600 مىڭدىن ئارتۇق ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.[24] ئۇيغۇر زىيالىيسى بۇرھان قاسىموف ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ياشايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.[25] ئابدۇللا روزىباقىيېۋ يەنە ئۆزىنىڭ 1925- يىلى يازغان ماقالىسىدە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا 500 مىڭدىن 700 مىڭغىچە ئۇيغۇر ياشايدىغانلىقىنى قەيت قىلغان ئىدى.[26] قىسقىسى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئاپتونومىيە

(24) ئۆزبېكىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى قارمىقىدىكى پارتىيە تارىخى ئىنستىتۇتىنىڭ ئارخىپى. فوند60. خاتىرە 1.جىلىت 4032. 6-بەت. بۇ ھۆججەت .ئا.روزىباقىيېفنىڭ ئەسرىدە قەيت قىلىندى.48-بەت.

(25) بۇرھان قاسىموف.

(26) ئابدۇللا روزىباقىيېۋ . گېزەك مۇئەللىملەرنىڭ. كەمبەغەللەر ئاۋازى. 1925-يىلى، 18-ئىيۇن سانى.

بىرىشنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان .

1924- يىلى،11-مايدا تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئالمۇتىدا ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ 2-قېتىملىق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە راخمانقۇل خۇدايقۇلوف، تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بوگودىن ئەۋەتىلدى.

قۇرۇلتاي كۈن تەرتىپى ئۈچ مەسىلە بويىچە ئېچىلدۇ. قۇرۇلتايدا بوگودىن مەخسۇس دوكلات بېرىدۇ. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ يەتتەسۇ ئوبلاستلىق بيۇرونىڭ خىزمەت ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرىدۇ ۋە ئاخىرىدا كومىسسىيەلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ۋە خىزمەت ۋەزىپىلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ. ئەمما، تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەزكۇر ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ يەتتەسۇ ئوبلاستلىق بيۇروسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پىلانى ئالدىن –ئالا قارارلاشتۇرۇلۇپ بولۇنغاچقا، قۇرۇلتاي خۇلاسىسى سۈپىتىدە يەتتەسۇ ئوبلاستلىق بيۇرو ئەمەلدىن قىلىپ، ھەر قايسى جايلاردىكى كوممۇنىستىك پارتىيە سېكسىيىلىرى (گۇرۇپپىلىرى) بىۋاستە ھالدا تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بۆلۈمگە قارايدىغان بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلار ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ يەتتەسۇ ئوبلاستلىق بيۇروسىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يۇقىرىنىڭ قارارى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بىراق ئۇلار جايلاردىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستىك پارتىيە سېكسىيىلەر(گۇرۇپپىلىرى) نى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

مەزكۇر قۇرۇلتايدا تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بوگودىن ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ يەتتەسۇ ئوبلاستلىق بيۇروسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش قارارىنى يەتكۈزگۈچى بولۇپ، ئۇ دوكلاتىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆڭۈل بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەرگە 40 ئۇيغۇرلارنى ئېلىشنى كۆپەيتىدىغانلىقى، ئالمۇتىدىكى مۇئەللىملەر كۇرسىغا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى كۆپەيتىپ قوبۇل قىلىدىغانلىقى، «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىلگەنلىكى ھەمدە پەرغانە ۋە يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ دۆلەت خامچوتى بويىچە بولىدىغانلىقىنى شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا

دۆلەت نەشرىياتىغا 10تۈرلۈك ئۇيغۇرچە كىتاب نەشر قىلىش قوشۇلغانلىقىنى، بۇنىڭ بەشىنىڭ دەرسلىك، بەشىنىڭ لېنىنىزم ئىدىيەلىرىگە ئائىت كىتابلار ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.[27]

يەتتەسۇ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى ئوبلاستلىق بيۇروسىنىڭ تارقىتىۋېتىلىشىدىكى سەۋەبلەر قاتارىدا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدىكى مەزكۇر بيۇرو ئەزالىرىنىڭ قازاقىستان تەۋەسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيەلىك رايونىنى قۇرۇش تەلىپى بولۇپ، 1924- يىلى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستاندا مىللىي چېگرالار ۋە جۇمھۇرىيەتلەرگە ئايرىش ئىشى باشلانغاندا، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۇيغۇر مىللىي ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇش ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بىراق ئۇنىڭ مەزكۇر ئىدىيەسى سوۋېت رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.[28] ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ 2-قېتىملىق يەتتەسۇ ئوبلاستلىق قۇرۇلتىيىدا ئۇيغۇرلارنىڭ يەتتەسۇدا ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنغان بولۇپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلار قۇرۇلتاي ئاخىرىدا مەزكۇر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بىراق ئاخىرىدا مۇنداق ئاپتونوم ئوبلاست قۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكى قارار قىلىنغان.[29]

ئەمما ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەر زىيالىيلىرىنىڭ «تەررەققىيپەرۋەرلەر» تەشكىلاتىنىڭ ئەزالىرى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئاپتونومىيەلىك ھوقۇق بەرمىگەنلىكىدىن نارازى بولۇپ، 1925- يىلى، موسكۋادىكى ئابدۇللا روزىباقىيېفقا خەت يېزىپ، بىۋاستە سوۋېت مەركىزىي ھۆكۈمىتىدىن ئۇيغۇرلارغا ئاپتونومىيە بېرىشنى تەلەپ قىلماقچى بولۇپ يىغىن ئاچقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى پاش قىلىنىپ، قاتتىق جازالاشقا ئۇچرىدى.

يەتتەسۇ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ئوبلاستلىق بيۇروسى تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى رەھبەرلىك ئورگىنى بىلەن بىۋاستە

(27) ئا.روزىباقىيېۋ .ن.روزىباقىيېۋا. شۇ كىتاب. 40-39-بەتلەر.

(28) T.A.Abdulina. Istoria Semirechia Personalakh, K 115 –letiyu so dnya rozhdenia A.Rozybakiyeva.

(يەتتەسۇ شەخسلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە، ئا.روزىباقىيېۋ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 115 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن).
http://www.rusnauka.com/11_NPE_2012/Istoria/2_108372.doc.htm.

(29) ئا. روزىباقىيېفنىڭ << تەرەققىيپەرۋەرلەر>> توپى توغرىلىق مېنىڭ چۈشەنچە خېتىمدىن. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنت ئارخىپى. فوند141. 1.د L.36-40.1157 ئوب. بۇ ماتېرىيال ئۈچۈن بۇ كىتابقا قاراڭ: كوممۇنار تالىپوف. شۇ ئەسەر.201-بەت.

باغلىنىشى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان بىر پارتىيە مەركىزىي تەشكىلات ئورگىنىغا ئۇيۇشۇش تارىخى ئاخىرلاشتى. يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم ئوبلاست دەرىجىلىك پارتىيە رەھبەرلىك ئورگىنى بولمىدى. 1924- يىلى 10-ئايدىن كېيىن پۈتۈن تۈركىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چېگرالىرىنىڭ قايتىدىن بېكىتىلىشىدىن كېيىن، بۇرۇن بىرلا تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار مانا ئەمدى ئۈچ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت، ئىككى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتكە پارچىلىنىپ كەتتى. مەمۇرىي جەھەتتىن يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرى، يەنى تارانچىلار قازاقستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە بولسىمۇ، ئوش، قاراقول، پىشپەك ۋە باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇر قارا قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئايرىپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي جەھەتتىن رۇسىيە سوۋېت سوتسىيالىستىك فېدېراتىپ جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرىغا ئايلاندى. پەرغانە ۋادىسىنىڭ بىر قىسمى، تاشكەنت، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە، بايرام ئالى، مېرۋ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار تۈركمەنىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە بولدى. بۇخارا ۋە دۈشەنبە قاتارلىق جايلاردىكى بىر قەدەر ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار بولسا، تاجىكىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆزبېكىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە قارىدى.

قىسقىسى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بۇرۇنقى بىر گەۋدىگە ئايلىنىش ئىمكانىيىتى تېخىمۇ ئازلىدى. بىراق، 1927- يىلىغا كەلگەندە ئۆزبېكىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان ئۇيغۇر كوممۇنىستلار سېكسىيىسى قۇرۇپ، بۇ ئورگاننى ئۆزبېكىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى تەشۋىقات-تەرغىبات بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىدۇ. بۇ ئورگان 1927- يىلى 20-ئۆكتەبىردە يىغىن چاقىرىپ، «قۇتۇلۇش» گېزىتىنى چىقىرىشنى قارار قىلىدۇ.

1928- يىلى، 21-فېۋرالدا ئۆزبېكىستان پايتەختى سەمەرقەنتتە ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ كېڭىشى قۇرۇلىدۇ. 40 دىن ئۇيغۇر كوممۇنىستتىن تەركىب تاپقان مەزكۇر كېڭەش بىر قاتار پائالىيەتلەر قاتارىدا

ئاساسلىقى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئىملاسى مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، 1918- يىلى باشلانغان يەتتەسۇ ۋە پەرغانە ۋادىسى، تاشكەنت ھەم باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ لېنىننىڭ شەرق خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىقى ھەرىكىتىنى قوزغاش، ياردەم بېرىش ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە كۆرەش قىلىش شوئارى ھەم مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزلىرى بەلگىلەش ھوقۇقى چاقىرىقى بويىچە مەيدانغا چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى ھەرىكەتلىرى، پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى تەشكىلىي ئورگىنى بولغان «ئالتىشەھەر - جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» 1922- يىلىدىن كېيىن ئەمەلدىن قېلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە گۇرۇپپىلىرىغا ئايلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش تەقدىرىگە دۇچ كەلدى.

## ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە لېنىننىڭ ستراتېگىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى سەۋەب-ئامىللار

«ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» ۋە ئۇنىڭ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا مقياسىدا ئەۋجى ئالغان پائالىيەتلىرىنىڭ تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارى بويىچە بىراقلا توختىتىۋېتىلىشى ھەمدە ئۇيغۇر ئېلىدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى قوزغاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋېت مودېلىدىكى ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش پىلانىنىڭ كۈنتەرتىپتىن قالدۇرۇلۇشىنىڭ بىر قاتار بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك سەۋەب ۋە ئامىللىرى مەۋجۇت.

بۇنىڭ تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل سەۋەب –ئامىللىرى بارلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن:

بىرىنچى سەۋەب-ئامىل : سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ خەلقئارا ۋەزىيەتكە كۆرە غەرب تاشقى سىياسىي ئىستراتېگىيەسى ۋە دىپلوماتىيىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر

مەلۇمكى، 1917- يىلىك ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىدىن كېيىن دۇنيادا تېخى ھېچقانداق دۆلەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشەلمىگەن، ئەكسىچە غەرب دۆلەتلىرى تەرىپىدىن قاتمۇ-قات ئىچىدە قالغان سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ دىپلوماتىيەسىدە 1922- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇلۇغ بېرىتانىيە باشلىق ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا خەلقئارالىق

ئېتىراپ قىلىشتىن مەھرۇم قالغان لېنىن رۇسىيەسىنىڭ غەربنى تاشلاپ، شەرقنى ئۆز ئىتتىپاقچىسى سۈپىتىدە تاللىشى ھەمدە شەرق ئارقىلىق غەربنى قىستاش ئىستراتېگىيەسى ھەقىقەتەن ئۈنۈمگە ئېرىششكە باشلىغان ئىدى.

سوۋېت رۇسىيەسى 1921 - يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدىن ئافغانىستان، ئىران، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ، دوستلۇق شەرتنامىلىرىنى ئىمزالىدى.

1920 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت رۇسىيەسى غەرب لىنىيەسىدە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن تىنچلىق ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت شەرتنامىلىرى ئىمزالىدى. بۇ ھال سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ غەربىي لىنىيەدىكى دىپلوماتىيەسى ئۈچۈن ئىشىك ئاچتى. موسكۋا يەنە غەرب دۆلەتلىرى بىلەنمۇ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا كىرىشىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىشنى سودا مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىشتىن باشلىدى.

1921 - يىلى، 16-مارتتا رۇسىيە سوۋېت فېدېراتىپ سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى (ر س ف س ر) بىلەن ئۇلۇغ بىرىتانىيە ئارىسىدا سودا-سىياسىي مۇناسىۋەتلىرى كېلىشىمى ئىمزالاندى. شۇ كۈنى ئۇلۇغ بىرىتانىيە باش ۋەزىرى لىلويد جورج پارلامېنتتا سۆز قىلىپ، مەزكۇر سودا كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە بىرىتانىيەنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىنى غەيرى رەسمىي يوسۇندا ئېتىراپ قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، لېنىنمۇ شۇ كۈنى سۆز قىلىپ، مەزكۇر كېلىشىنى «دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە» دەپ كۆرسەتتى. بۇ كېلىشىم ياۋروپا مەملىكەتلىرى ئىچىدە ئۇلۇغ بىرىتانىيەنىڭ سوۋېت رۇسىيەسىنى بىرىنچى بولۇپ، دې-فاكتو جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىشى ئىدى.

شۇ يىلى، 6-مايدا يەنە سوۋېت-گېرمان ئىقتىسادىي كېلىشىمى ئىمزالاندى. 1921 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئارىسىدىمۇ تۇنجى ئالاقىلەر باشلاندى. 1921 - يىلى، ۋولگا بويىدىكى قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇشقا ئامېرىكا زور مىقداردىكى ئاشلىق ۋە تېرىلغۇ دان ياردەم بەردى. ئامېرىكىنىڭ ياردىمى رۇسىيەنىڭ ئىچكى ئۇرۇشتا ھالسىرىغان خەلقى ئۈچۈن زور پايدىلىق رول ئوينىدى.

1921 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ھۆكۈمىتى رۇسىيە بىلەن غەرب دۆلەتلىرىنىڭ

تىنچلىق كېلىشىملىرى تۈزۈش ھەققىدە خەلقئارالىق يىغىن ئېچىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. 1922- يىلى 10-ئاپرېلدىن 19-مايغىچە بۇ يىغىن ئىتالىيەنىڭ گېنۇي شەھىرىدە ئېچىلدى. سوۋېت تەرەپنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ رەئىسلىكىگە ۋلادىمىر لېنىن ئۆزى رەئىس بولۇپ قاتناشماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بارماي، ئۆمەكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارى گېئورگىي چىچېرىن باشچىلىق قىلدى. مەزكۇر خەلقئارالىق يىغىنغا ئەنگلىيە قاتارلىق ياۋروپا ۋە باشقا قىتئەلەردىن كەلگەن 29 دۆلەت ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى. بۇ يىغىن سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى ئالىي رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ تۇنجى قېتىم خەلقئارالىق مىقياستىكى يىغىنغا ئىشتىراك قىلىشى بولۇپ، سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ خەلقئارالىق ئورنىنىڭ تىكلىنىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. يىغىننىڭ مەقسىتى ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ سوۋېت كوممۇنىست تۈزۈمى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشىنىڭ چارىلىرىنى تېپىپ چىقىش ۋە يارىشىش يولىنى ئىزدەش شۇنىڭدەك شەرقىي ۋە مەركىزىي ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش چارىلىرىنى ئىزدەش ئىدى.[30] گېنۇي يىغىنىدا سوۋېت تەرەپ بىلەن ئانتانتا دۆلەتلىرى ئارىسىدا كۆپ مەسىلىلەردە ئورتاق پىكىرلەر ھاسىل قىلىنىپ، ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ قەدەممۇ-قەدەم سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن سودا-ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىشىغا، بۇرۇن سوۋېت رۇسىيەسىگە دۈشمەنلىك نەزىرى بىلەن قارىغان مەملىكەتلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن دىپلوماتىك ئالاقە قۇرماي مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىشى ئۈچۈن ئاساس ياراتتى. سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردە غەرب دۆلەتلىرىنى دۈشمەنلىكتىن دىپلوماتىيەلىك ھەمكارلىققا مېڭىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئىچكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشىمۇ ھەل قىلغۇچ ئامىللارنىڭ بىرى سۈپىتىدە رول ئوينىغان ئىدى.

ئىچكى جەھەتتە سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى 1920- يىلىنىڭ ئاخىرى،1921- يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن رۇسىيە مىقياسىدا ئاقلار ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىچكى ئۇرۇشتا پۈتۈنلەي غەلىبە قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ۋادىسىدىمۇ تۈركىستان فرونتى باسمىچىلار نامى ئاستىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى

(30) Indukaeva N.S. Istoria Mezhdunarodnykh Otnoshenij 1918-1945gg
( 1945-1918-يىللىئىرىدىكى خەلقىرا مۇناسىۋەتلەر تارىخىدىن)
.Uchebnoe Posobie-Tomsk, TGU, 2003. S.112-113.

ئاساسي جەھەتتىن تارمار قىلغان شۇنىڭدەك سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ تۈركىستاندا ساقلىنىپ قېلىنىشىدا پۈتۈنلەي ئىشەنچ يارىتىلغان ئىدى.

بولۇپمۇ، سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن ئۇلۇغ بىرىتانىيەنىڭ سودا مۇناسىۋەتلىرى ئورنىتىپ، سودا كېلىشىمى ئىمزالىشى سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ تاشقى سىياسىتىگە زور ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەنگلىيە باشلىق ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشىدىن سىگنال بەرگەن ئىدى. بۇ ئەھۋاللار بىرىتانىيە، ئامېرىكا، فىرانسىيە قاتارلىق كۈچلۈك ۋە چوڭ دۆلەتلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇشتىن مەھرۇم قالغان سوۋېت رۇسىيەسى ئۈچۈن يېڭى چىقىش يولى ۋە خەلقئارالىق ئابرۇيى تىكلەش ئىمكانىيىتىنىڭ ئۇمىدلىرىنى ئاتا قىلدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋە ئىچكى ئۇرۇشتا تامامەن ۋەيران بولغان رۇسىيە ئىقتىسادىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلاش ۋە دۆلەتنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇش ياكى بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك جىددىي مەسىلە بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتىگە خەلقئارالىق قوللاش ۋە ياردەملەر كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ سودا-ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىش بەكمۇ مۇھىم ئىدى.

بۇنداق تاشقى سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيە ئېھتىياجىدىن سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇرۇنقى ئۇلۇغ بىرىتانىيە باشلىق ئانتانتا دۆلەتلىرىگە قارشى پۈتۈن دۇنيا ئىنقىلابىنى قوزغاش چاقىرىقلىرىنى پەسلىتىش ھەتتا بۇ دۆلەتلەرگە قاراتقان قاتتىق قول ۋە قوپال دىپلوماتىيەسى ۋە سىياسىي تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولغان ئىدى. بۇ خىل مەجبۇرىيەت ۋە ئۇلۇغ بىرىتانىيە بىلەن تۈزۈلگەن سودا ئىقتىسادىي كېلىشىمى ھەم گېنې يىغىنىنىڭ تەييارلىقى سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ قەشقەرىيە ۋە ئافغانىستان ئارقىلىق ھىندىستانغا ھەربىي يۈرۈش قىلىش شۇنداقلا ھىندىستاننى سوۋېتلاشتۇرۇش پىلانلىرىنى ئارقىغا قالدۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. چۈنكى، بىرىتانىيە بىلەن تۈزگەن سودا كېلىشىمى رامكىسى ئاستىدا باشلانغان دىپلوماتىيەلىك مۇناسىۋەتنىڭ ساغلاملىقىغا ھەمدە غەربنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئىقتىسادىي ياردەملىرىگە موھتاج سوۋېت دۆلىتى ئۈچۈن ئەمدى «دۇنيا ئىنقىلابى» شوئارى بىلەن بىرىتانىيە باشلىق غەرب دۆلەتلىرى بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلىشىشنىڭ جىددىي زۆرۈرىيىتى قالمىغان ئىدى. ئەمما، بۇ دېگەنلىك سوۋېت دۆلىتىنىڭ بىرىتانىيە باشلىق غەرب كاپىتالىستىك مەملىكەتلىرىگە

بولغان ئىدېئولوگىيەلىك، ھەربىي-سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي رەقىبلىكى ئاخىرلاشتى دېگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيتتى. بەلكى تاكتىكىنىڭ ئۆزگىرىشىنىلا كۆرسىتەتتى خالاس.

چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ 1921-يىلى لوندونغا يوللىغان دوكلاتلىرىدا قەشقەردىكى قازى ۋە مولللارنىڭ خۇددى پەرغانىدىكىگە ئوخشاشلا بولشېۋىكلارغا قارشى ئىكەنلىكى، ھەتتا بۇ جايدىكى مەخپىي بولشېۋىك تەشكىلاتىنىڭمۇ جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن يوقىتىلغاندا يەرلىك مولللارنىڭ بۇنى قوللىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ «ئالدىنقى قاتاردىكى مولللار، قازىلار ۋە سودىگەرلەر دوتەيگە خەنزۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن. بولشېۋىكلار جۇڭگو تۈركىستانىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەمەس ۋە ئۇلارنىڭ ھەر قانداق تەشۋىقاتلىرى ئاقمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.[31] شۇنىڭغا جاۋابەن بىرىتانىيە ،ئامېرىكا، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئىلگىرى سوۋېت دۆلىتىنى ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يوسۇندا ئىسكەنجىگە ئېلىش تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، سوۋېت دۆلىتىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن دۆلەتلەر ئارا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئەھمىيەت بەردى. شۇ سەۋەبتىن ھەتتا لوندون قەشقەرگە ئەۋەتكەن بىرىتانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باش كونسۇلى ئېسسورتوننىڭ قەشقەردە سوۋېت دۆلىتىگە قارشى ئاشكارا ھەرىكەتلەردە بولماسلىقىنى ئاگاھلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن ئېسسورتون پەرغانە ۋادىسىدىكى <<باسمىچىلار>>رەھبەرلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشتىن ساقلانغان ئىدى. ھەتتا، ئۇ سوۋېتلەرنىڭ قەشقەرىيەنى سوۋېتلاشتۇرۇش قەدىمىنى باسماسلىقىغىمۇ ئىشەنگەن ئىدى.

## ئىككىنچى سەۋەب- ئامىل: جۇڭگو ئىستراتېگىيەسىنىڭ كۈچەيتىلىشى

ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدى –كەينىدىكى پۈتۈن رۇسىيە مىقياسىدا يۈز بەرگەن ھۆكۈمەتسىزلىك، ھاكىمىيەت ئالمىشىش ھەمدە ھەممە جايدا ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت ئورنىتىش ۋە ئىچكى ئۇرۇش ئەھۋاللىرى تۈپەيلىدىن مەيلى قەشقەرىيەلىكلەر بولسۇن، مەيلى رۇسىيەنىڭ موسكۋا، سىبىرىيە، ئۇرال، يىراق شەرق قاتارلىق جايلىرىغا تارقالغان خەن مىللىتىگە مەنسۇپ يالانما ئىشچىلار، مەدىكارلار ۋە باشقا ھەر خىل كەسىپتىكى مۇساپىرلار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ھەر خىل كۈچلەرنىڭ

(31) Daniel C. Waugh . Etherton at Kashgar: Rhetoric and Reality in the History of the " Great Game". Bactrian Press. Seattle. 2007. P.42-43

زەربە بېرىش، ھوقۇقلىرى دەخلى-تەرۇزگە ئۇچراش ئوبيېكتىغا ئايلانغان ئىدى. تەخمىنەن 400 مىڭ[32] دەپ قارالغان مەزكۇر خەن مىللىتىنىڭ كۆچمەنلىرى رۇسىيەدىكى ئەڭ تۆۋەن ۋە ئەڭ كۆپ زەربىگە ئۇچرىغان خەلققە ئايلاندى. ئۇلارغا ھەتتا ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھېسابلىنىدىغان شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىمۇ ئىگە چىقمىدى، ئىلگىرىكى رۇسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ۋە كېيىنكى سوۋېت ھۆكۈمىتى بولسا مەزكۇر خەن ئىشچىلىرى ۋە كۆچمەنلىرىگە ئوخشاشلا گۇمان ھەم ئىشەنمەسلىك بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە رۇسىيەدىكى مەزكۇر خەنزۇلار ئارىسىدا كۆپلەپ كۆرۈلگەن بۇلاڭچىلىققا ئوخشاش جىنايى قىلمىشلار تۈپەيلىدىن يەرلىك رۇسلار ئارىسىدا خەنزۇلارنى «خۇنخۇزا»، يەنى «قىزىل ساقاللىق باندىت»، «باندىت» مەنىسىنى بېرىدىغان ھاقارەتلىك ئاتالغۇ بىلەن ئاتايدىغان ئادەت ئومۇملىشىپ قالغان ئىدى. بىر قىسىم مىللىي ئېڭى كۈچلۈك ۋە رۇسىيەدە ئۇزۇن مەزگىل ياشاپ شۇ جاينىڭ تەربىيەسىنى ئالغان خەنلەر ئۆز مىللىتىنىڭ بۇ خىل ئېغىر قىسمىتىنى كۆرۈپ ئۇلارغا ياردەم بېرىش، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش يولىنى تۇتتى. ئەنە شۇلارنىڭ بىرى 5 يېشىدىن تارتىپ كاۋكازىيەدىكى باتۇمى شەھرىدە ياشاپ، شۇ يەردە ۋە سانكتپېتېربۇرگدا ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن چايچى خەنزۇ سودىگەرنىڭ ئوغلى ليۇ زېروڭ[33]

(32) Solovyev F.V. Internatsiyionalnie Svyazi Sowétskogo I Kitayskogo Narodov v 20-e Gody// Stanovlenie Sowétsko-Kitayskikh Otnosheniy ( 191701950-e gody). Vladivostok. 1987. S.11.

(33) ليۇ زېروڭ. يەنە بىر ئىسمى ليۇ شاۋجۇ. جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى كوممۇنىست. گۇاڭدۇڭلۇق، 5 يېشىدىن تارتىپ رۇسىيەدە ياشىغان ھەمدە ئۇ يەردە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن. 1920-يىلىدىن كېيىن جۇڭگوغا قايتىپ، ئۇزۇن مەزگىل يەر ئاستى تەشۋىقاتچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بىر قانچە قېتىم لېنىن بىلەن كۆرۈشكەن. 1920-يىللاردا بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت رۇسىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتكە تەرجىمانلىق قىلغان. 1940-يىللاردا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، 1945-يىلىدىكى جۇڭگو-سوۋېت سۆھبىتىگە قاتناشقان شۇنىڭدەك 1945-يىلىدىن كېيىن جاڭ كەيشى ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن. ليۇ زېروڭ ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇللىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلىغان ھەمدە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بېرىش ئىشىدا سوۋېت كونسۇلى يېۋسېيېۋ بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشقان. ئۇ، ئەخمەتجان قاسىمى بىلەنمۇ كۆپ قېتىم ئۇچراشقان ھەمدە 1949-يىلى، يەنە بىر قېتىم ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن غۇلجا ئايرودورۇمدا ئۇچرىشىپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىلى تەرەپنىڭ مەقسىتىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزگەن. ليۇ زېروڭ، بۇرھان شەھىدى ۋە تاۋ سىيونىڭ تەسلىم بولۇشى جەريانلىرىغىمۇ ئارىلاشقان ئىدى. ئۇ، ئەمەلىيەتتە جاڭ كەيشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنى تەكشەش سىياسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىشەنچلىك ۋاستىچىسى ئىدى. ليۇ زېروڭ ئۇ موسكۋا ئۈچۈنمۇ ئىشەنچلىك، گومىنداڭ ئۈچۈنمۇ ئىشەنچلىك ئىدى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۇنى ئۆز مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشتە پايدىلاندى. بىراق، ليۇ زېروڭ جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى كوممۇنىست ۋە لېنىن بىلەن كۆرۈشكەن شەخس بولۇشىغا قارىماي، 1949-يىلىدىن كېيىن يۇقىرى رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە تەيىنلەنمىگەن. پەقەت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە مەسلىھەتچى بولغان ھەمدە << رۇسچە-خەنزۇچە

ئۆز سەپداشلىرى بىلەن بىرگە 1917- يىلى، 18-ئاپرېل كۈنى سانكتپېتېربۇرگدا «رۇسىيەدىكى جۇڭگولۇقلار بىرلەشمىسى» دەپ ئاتالغان بىر جەمئىيەتنى قۇردى. ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىدىن كېيىن مەزكۇر جەمئىيەت تېزدىن بولشېۋىكلار تەرەپكە ئۆتۈپ، بولشېۋىكلارنى قوللاپ، تەشكىلاتنىڭ نامىنى «رۇسىيەدىكى جۇڭگولۇق ئىشچىلار ئىتتىپاقى» دەپ ئۆزگەرتىپ، سوۋېت رۇسىيەسىنى قوللاپ، جۇڭگولۇق ئىشچىلارنى قىزىل ئارمىيەگە قاتنىشىش، سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرەپتە تۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تەشۋىقاتچىلىق قىلغان.

«رۇسىيەدىكى جۇڭگولۇق ئىشچىلار ئىتتىپاقى» 1918- 1920- يىللىرى ئارىسىدا موسكۋادا ئۈچ قېتىم قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ليۇ زېروڭنى ئۇدا ئۈچ يىل مەزكۇر ئىتتىپاقنىڭ رەئىسى قىلىپ سايلىغان ئىدى. 1919- يىلى، 3-ئايدا لېنىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال قۇرۇلۇپ، لېنىن ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا پۈتۈن مۇستەملىكە ئاستىدىكى مىللەتلەرنى ئازاد قىلىشنى ئاساس قىلغان خەلقئارالىق كوممۇنىزم ھەرىكىتى ھەققىدە نۇتۇق سۆزلىگەندە يىغىنغا جۇڭگولۇق ئىشچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى سۈپىتىدە قاتناشقان ليۇ زېروڭ لېنىننىڭ نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىغان ئىدى. ليۇ زېروڭمۇ مەزكۇر قۇرۇلتايدا نۇتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن لېنىننىڭ دىققىتىنى قوزغاپ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆھبەتلەشتى. ليۇ زېروڭ شۇنىڭدىن كېيىن رۇسىيە كومپارتىيەسىگە ئەزا بولدى ۋە شۇ يىلى 11-ئاينىڭ 19-كۈنى لېنىن ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتى. 1920- يىلى، ئۇ سۇن جۇڭشەنگە خەت ئەۋەتىپ، سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى نامىدىن سۇن جۇڭشەننىڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتىگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

«جۇڭگولۇق ئىشچىلار ئىتتىپاقى» باشتىن ئاخىرى سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى باشتا بۇ گۇرۇپپىغا ئانچە ئېتىبار بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا ئۆتكەن ئىدى، ئەمما كېيىن تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت رۇسىيەسى مەزكۇر ئىتتىپاقتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ۋاستىچى قىلماقچى بولغان ئىدى.

---

چوڭ لۇغەت>>نى نەشر قىلدۇرغان. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ماۋ زېدوڭ تەرىپىدىن ئالاھىدە ئەتىۋارلانمىغانلىقىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى مەلۇم ئەمەس.

بېيجىڭنى بازا قىلغان جۇڭگو جۇمھۇرىيىتى، يەنى شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى سوۋېت رۇسىيەسىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا 1918 - يىلى، گۇاڭجۇنى بازا قىلىپ ياتقان سۇن جۇڭشەن سوۋېت ھۆكۈمىتىگە خەت ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ سوۋېت رۇسىيەسىنى قوللايدىغانلىقى ۋە ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سۇن جۇڭشەننىڭ بۇ خېتى سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ گېئورگىي چىچېرىن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك ھەمكارلىق ئورنىتىش تەرەپدارلىرىغا يېڭى ئۈمىد ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، چىچېرىن سۇن جۇڭشەنگە جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى قوللاش مەيدانىنى ئىپادىلىدى.

بۇ دەل رۇسىيەنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى كۈچىيىۋاتقان پەيتى بولۇپ، سوۋېت رۇسىيەسى ئەينى ۋاقىتتا بىرىتانىيە قاتارلىق ئانتانتا دۆلەتلىرى تەرىپىدىن جۇڭگونىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن دىپلوماتىيەلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى ئۆكتىچىلەر بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىشتىن پايدىلىق ھېسابلىدى. شۇڭا چىچېرىن تەرەپدارلىرى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلىشىش يولىغا مېڭىشنى زىيانلىق دەپ ھېسابلايتتى.

سوۋېت رۇسىيەسى 1919 - يىلىدىن كېيىن جۇڭگو ئىستراتېگىيەسىنى بەلگىلەپ، 1919 - يىلى، 25-ئىيۇل كۈنى جۇڭگو خەلقىگە بايانات ئېلان قىلىپ، چار رۇسىيە بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا تۈزۈلگەن تەڭسىز شەرتنامىلەرنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو سىياسىي مەيدانىنى ئېلان قىلدى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەتمۇ بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى موسكۋا بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە ئېلىپ كېلىش، شۇنىڭدەك جۇڭگونىڭ ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ سىبىرىيە ۋە يىراق شەرقتىكى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش بازىسىغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش تاكتىكىسى ئۈچۈن ئىدى.

1919 - يىلىدىن كېيىن سوۋېت رۇسىيەسى «جۇڭگو ئىشچىلار ئىتتىپاقى» نىڭ رۇسىيەنىڭ پېتىربورگ، ئۇكرائىنىيە، سىبىرىيە، يىراق شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا تارماقلىرىنى قۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى ھەمدە ئۇنى مەبلەغلەر بىلەن تەمىنلىدى. «جۇڭگو ئىشچىلار ئىتتىپاقى» كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىردى شۇنىڭدەك يەنە موسكۋادا ليۇ زېروڭ باشچىلىقىدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، جۇڭگولۇق ئىشچىلار ئارىسىدا كوممۇنىستىك

پارتىيە ئەزالىرىنى كۆپەيتىش يولىدا تەشۋىقاتلارنى كۈچەيتىشكە كىرىشتى. ئۇلار يەنە كۆپلىگەن ئىدىيەسى ئۆزگەرگەن ۋە رۇسىيە كومپارتىيەسىگە ئەزا بولغان ئىشچىلارنى ۋەتىنىگە ئەۋەتىپ، ئۇ جايلاردا تەشۋىقاتچىلىق ئىشلىرىغا سالدى.[34] لىۋ زېروۋنىڭ ئۆزىمۇ 1920- يىلى، جۇڭگوغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن قايتتى. ئۇ سەپەرگە چىقىش ئالدىدا لېنىننىڭ يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈشىگە ئېرىشتى.

بۇ ۋاقىتتا سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئارىسىدا ئۇچرىشىش باشلانغان بولۇپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تېخى سوۋېت رۇسىيەسىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بېيجىڭ بىلەن موسكۋا ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئىستىقبالىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

سوۋېت ھۆكۈمىتى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاساسلىق دىپلوماتىيە ئورنىتىش يۆنىلىشىگە قويۇپ، تۇنجى قېتىم 1920- يىلى، 8-ئايدا سوۋېت رۇسىيەسى ئۆزى قۇرغان يىراق شەرق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ، سوۋېت رۇسىيەسى بىلەن بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئارىسىدا مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈشكە كىرىشتى. بۇ ئۆمەك 1920- يىلى ئاۋغۇستتىن 1921-يىل مايغىچە، ئىككىنچى قېتىملىق يىراق شەرق جۇمھۇرىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1921-ئىيۇلغىچە بېيجىڭدا سۆھبەت ئېلىپ باردى.

1920- يىلى، 9-ئايدا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى سۇپىتىدە گېنېرال جاڭ شىلىن موسكۋانى زىيارەت قىلىپ، تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسار چىچېرىن ۋە سوۋېت رەھبىرى لېنىن بىلەن كۆرۈشۈپ، جۇڭگو بىلەن سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى، چىچېرىن ۋە مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارى كاراخان جۇڭگو تەرەپكە سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن دىپلوماتىك سىياسىي مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئارزۇسىغا ئائىت نوتو تاپشۇردى. سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇچرىشىشلىرى نەتىجىسىدە 1920- يىلى، 23-سېنتەبىر كۈنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى پۈتۈن جۇڭگودىكى سابىق چار رۇسىيە كونسۇلخانىلىرىنىڭ كۈچتىن قالغانلىقى ۋە ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ ھال سوۋېت رۇسىيەسى تەرەپنىڭ جۇڭگو بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىك

(34) A.V.Pavsov. Bolsheviki I Gomindan vo vremya kitajiskoi revoliussii 1925gg. www.pseudology.org.
(1925 - يىلدىكى خىتاي ئىنقىلابى دەۋرىدىكى بولشېۋىكلار ۋە گومىنداڭ)

مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلىشىغا نىسبەتەن ئىشەنچ پەيدا قىلغان ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، 1921- يىلى دېكابىردىن 1922- يىلى، ئاۋغۇستىقىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت رۇسىيەسى ئىككى قېتىم سۆھبەت ۋەكىللىرى ئەۋەتىپ، بېيجىڭ تەرەپ بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە مانجۇرىيە تۆمۈر يولىنىڭ ھوقۇقى ۋە باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

ئەمما، سۆھبەتلەر ئۇنچىۋالا ئوڭۇشلۇق نەتىجە بەرمىگەن بولۇپ، بېيجىڭ دائىرىلىرى ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتتى. موسكۋا بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدىن خۇپىيانە ھالدا گۇاڭجۇدىكى سۇن جۇڭشەن ھۆكۈمىتى بىلەنمۇ ئاستىرتتىن ئالاقە ئورنىتىش پىلانى تۈزگەن بولۇپ، گومىنداڭ تەرەپ بىلەن مەخپىي ئالاقىلەرنى ئورنىتىشقا كىرىشتى.

سوۋېت رۇسىيەسى بىر تەرەپتىن دىپلوماتىك ئالاقىلەرنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن كەلگۈسىدە جۇڭگونى سوۋېتلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنىمۇ بەلگىلەپ، جۇڭگودا كوممۇنىستىك پارتىيە قۇرۇش ئىشلىرىغىمۇ كىرىشتى. 1920- يىلى، 4-ئايدا لېنىننىڭ بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە سوۋېت كومپارتىيەسىنىڭ بىخەتەرلىك خادىمى گرىگورىي نائۇموۋىچ ۋويتىنسكىي مەخپىي بېيجىڭغا كېلىپ، لىداجاۋ قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيەسى قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. ئۇ، لى داجاۋ ۋە چېندۇشيۇ قاتارلىقلار بىلەن ئۇچرىشىپ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ ئاساسىنى سالدى.

سوۋېت رۇسىيەسى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونال جۇڭگو ئىستراتېگىيەسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يىراق شەرقنى بازا قىلىپ، مەخسۇس يىراق شەرق ئىدارىسىنى قۇردى. جۇڭگودىكى تەشۋىقات –تەرغىبات ھەم كوممۇنىستىك پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنى ۋە ئاخىرىدا بىرلىككە كەلگەن جۇڭگو كومپارتىيەسىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى كېڭەيتىش ئىشلىرىغا باشتىن ئاخىرى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى يېتەرلىك دەرىجىدە مەبلەغ ئاجراتتى. 1921- يىلى، 7-ئايدا جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشى ۋە جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلۇشى ھەم پىروگراممىلىرى ھەتتا چىقىم قىلىنغان مەبلەغلىرىغىچە سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەييارلانغان بولۇپ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ماۋزېدۇڭ قاتارلىق ۋەكىللەر موسكۋا ئەۋەتكەن يول خىراجەت پۇلىنى خەجلەپ

قۇرۇلتايغا قاتناشقان ئىدى. سوۋېت رۇسىيىسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنى ئۇزۇن مەزگىل زور مىقداردىكى ئىقتىسادىي چىقىملار بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى 1921-يىلىدىن 1922-يىلى، ئىيۇنغىچە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالدىن 16مىڭ 655 يۈئەن مەبلەغ ئالغان.[35].

مەسىلەن سوۋېت ئارخىپلىرىدىن ئاشكارىلىنىشىچە، سوۋېت رۇسىيەسىدە پۈتۈن جۇڭگودا تەشۋىقات قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس جۇڭگولارنىڭ كۇرسلىرى تەسىس قىلىندى، جۇڭگو ئىشچىلىرى ئىتتىپاقى ئۈچۈن ھەر ئايدا 20 مىڭ رۇبلى پۇل بېرىلدى. مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارى ل. كاراخان 1919- يىلىلا لېنىندىن جۇڭگولارنىڭ يىراق شەرققە تەشۋىقات قىلىشى ھەمدە شىمالىي جۇڭگو ۋە شىمالىي كورىيەدە پائالىيەت قىلىشى ئۈچۈن 10 مىڭ رۇبلى، جەنۇبىي جۇڭگودا پائالىيەت قىلىش ئۈچۈن 20 مىڭ رۇبلى تەستىقلاشنى تەلەپ قىلغان.[36] سوۋېت رۇسىيەسى كەلگۈسى پىلانلىرى ئۈچۈن يەنە رۇسىيە تەۋەسىدە تۇرۇۋاتقان خەن ئىشچىلىرىدىن كۆپ ساندا ئەسكەر قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن قىزىل ئارمىيە پولكلىرىنى قۇرۇپ چىققان، مەزكۇر خەنلەردىن تەشكىللەنگەن قىزىل ئارمىيە قىسىملىرى ئورال ۋە سىبىرىيە تەرەپلەردە ئاقلارغا قارشى جەڭلەرگە سېلىنغان. ھەتتا سوۋېت رۇسىيەسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋە تۇڭگانلاردىن ئايرىم ئاتلىق پولك قۇردى. ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان بۇ قوشۇنلار «باسمىچىلار» نى يوقىتىش ئۇرۇشلىرىغا سېلىندى.

سوۋېت ھۆكۈمىتى قۇرۇغان بۇ قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرى سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ سۇن جۇڭشەن ۋە ياكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن ھەربىي ئىتتىپاق قۇرۇشىدا ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ جۇڭگوغا قايتۇرۇلۇپ، كوممۇنىزم ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلىشىدا مۇھىم تايانچ كۈچ ھېسابلىناتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا ئەينى ۋاقىتتا سۇن جۇڭشەن سوۋېت رۇسىيەسىگە قىزىل ئارمىيەنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈپ، شىنجاڭ ۋە تاشقى موڭغۇلىيەنى بازا قىلىپ، جەنۇب ۋە شىمالدىن قىسىپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت «غەربىي شىمال پىلانى» نى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.[37] سوۋېت

(35) Komméntariy 2. Proisxojdénié Kommunistichéskoy Partii Kitaya

2 - باھا. (جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كېلىپ چىقىشى )

http://www.epochtimes.ru/content/view/92/42/1/2/

(36) KoKommunitern i idea mirovoj revoliutsi

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال ۋە دۇنيا ئىنقىلابىs.131

(37) سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ سۇن جوڭشەننىڭ « غەربىي شىمال پىلانىنى» قوللىشىدىكى پەردە ئارقىسىدىكى

رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى تۈركىستاندا قۇرغان ئۇيغۇر قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرى بەلكى سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇيغۇر ئېلىدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى قوزغاش پىلانى ئۈچۈن قىلىنغان ھەربىي تەييارلىق بولسا، رۇسىيە تەۋەسىدە تەسىس قىلىنغان قىزىل ئارمىيەنىڭ جۇڭگو قوشۇنلىرى سۇن جۇڭشەننىڭ «غەربىي شىمال پىلانى» ۋە يۇقىرى قەيت قىلىنغان مەقسەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

سوۋېت رۇسىيەسى جۇڭگو ئىستراتېگىيەسىنىڭ يۆنىلىشىگە ئاساسەن ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ، كەلگۈسىدە جۇڭگونى سوۋېت تەسىرى ئاستىدا تۇتۇپ، غەرب دۆلەتلىرىگە قارشى ئىتتىپاقچىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار تەييارلىقلارنى قىلغان ئىدى.

سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن بېيجىڭ مەركىزىي جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلەر ئورنىتىشقا تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچىدىكى ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەنمۇ 1918- يىلىدىن تاكى1924- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قاتار ئايرىم ئۇچرىشىشلارنى ئېلىپ باردى.

1920-1921- يىلى، ئاقلارنىڭ سوۋېتلەرگە قارشى كۈچلىرىنىڭ قوماندانلىرىدىن گېنېرال لېيتنانات ئالېكساندىر دۇتوۋ، گېنېرال لېيتنانت ئالېكساندىر باكىچ، گېنېرال مايور بورىس ئاننېنكوۋ ۋە باشقا ئايرىم كوماندىرلار باشچىلىقىدىكى 50 مىڭ ئەتراپىدا ئەسكەر-ئوفىتسېر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە – تاۋئىئاباتلىرى ئىلى، چۆچەك ۋە ئالتاي ئەتراپلىرىغا قېچىپ كېلىپ[38]، تاشقى موڭغۇلىيە ۋە سىبىرىيەدىكى گېنېرال سېمىيونوۋ باشچىلىقىدىكى ئاقلار ئارمىيەسى بىلەن بىرلىشىپ، بۇ جايلارنى سوۋېتلەرگە قارشى بازىغا ئايلاندۇرۇپ، كۈچ توپلاپ قايتۇرما زەربىگە ئۆتمەكچى بولدى. ئۇيغۇر ئېلىغا قېچىپ كەلگەن مەزكۇر زور ساندىكى ئاقلار قوشۇنى سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈچۈن جىددىي خەۋپ تۇغدۇردى.

سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى بۇ قوشۇنلارنىڭ ياڭ زېڭشىننىڭ ۋە ئۇ ئارقىلىق ئەنگلىيە، ياپونىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، كۈچلىنىشىدىن ئەندىشە

ھەققىي ئەھۋالى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش ئىدى. «دەۋر » (خەنزۇچە)

(38) Nazemseva. E. Sovetsko-Kitaiskie Soglashenia 1921 f. O likvidatsii Belegvardeyskikh Voysk Na Territorii provinsii Sinziyan

شىنجاڭ ئۆلكىسى تېررىتورىيىسىدە ئاق گۋاردىيىچىلەرنى يوقىتىش ھەققىدە سوۋېت-جۇڭگو كېلىشىمى.
http://new.hist.asu.ru/biblio/V3/215-225.pdf

قىلىپ، ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمىتى بىلەن ئالدى بىلەن سودا-ئىقتىسادىي كېلىشىم تۈزۈشى يولى بىلەن ياڭ زېڭشىننى ئىندەككە كەلتۈرمەكچى بولدى، ياڭ زېڭشىن بىر تەرەپتىن سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يوقىتىشىدىن ۋە ياكى شىنجاڭنى سوۋېتلاشتۇرۇش، كوممۇنىستلاشتۇرۇشىدىن قورقۇپ، سوۋېت تەرەپ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلدى، ئىلگىرى –كېيىن 1920- يىلى، «ئىلى توختامى» ئىمزالىنىپ، سودا ۋەكىللىرىنىڭ پائالىيەتلىرى باشلاندى. ئارقىدىن 1921- يىلى، 5-ئايدا قىزىل ئارمىيەنىڭ ئىلى، چۆچەكلەرگە كىرىپ، ئاقلار قوشۇنىنى يوقىتىش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالاندى.[39] ياڭ زېڭشىن بېيجىڭنىڭ رۇخسىتىسىز سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قىزىل ئارمىيەنى كىرگۈزۈشكە قوشۇلغان ئىدى.

1921- يىلى، 7-فېۋرالدا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ماخمۇت گوجامياروف، قاسىمخان چانىشېف، ئەزىز ھوشۇرباقىيېف، كۇدەك بايىسىمباقوف، ناسىر ھوشۇرباقىيېف،مۇقاي جاتاقوف ۋە جامازى ئۇيغۇر، تاتار، قازاق ۋە تۇڭگان قاتارلىق بىخەتەرلىك خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان ئەترىتى غۇلجىغا كىرىپ، سۈيدۈڭدىكى ئاقلار ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى ئاتامان دۇتوۋنى ئۆلتۈرۈش پىلانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.[40] 1921- يىلى، 5-ئايدا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ بىر دىۋىزىيەگە يېقىن قوشۇنى چۆچەك تەرەپتىن كىرىپ، گېنېرال باكىچ قوماندانلىقىدىكى ئاقلار قوشۇنلىرىنى تارمار قىلدى ھەمدە ئۇلارنى ئالتاي تەۋەسىگىچە قوغلاپ بېرىپ، ئاخىرى موڭغۇلىيە تېررىتورىيەسىدە تامامەن يوقاتتى[41].

ياڭ زېڭشىن يەنە بىر تەرەپتىن ئۆلكىدە سوۋېتكە قارشى ھەرىكەت ۋە تەشۋىقاتلارغىمۇ يول قويماي، سوۋېت تەرەپكە دوست كەيپىياتتا كۆرۈنۈشكە تىرىشتى. سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن ياڭ ئارىسىدىكى مانا بۇ بىر قاتار ھەمكارلىقلار سوۋېت تەرەپنى رازى قىلغان ئىدى.

ئېنىقكى، بۇ ۋاقىتتا سوۋېت رۇسىيەسى ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېزىلگەن خەلق ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقى ئەمەس، بەلكى جۇڭگو مىلتارىستلارنىڭ سوۋېتكە مايىل

(39) شۇ ماقالىگە قارالسۇن

(40) سادىقجان يۇنۇسوف، قۇتلۇق دىيار، گۈزەل ياركەنت. ئالمۇتا، ” ناش مىر“ 2003. 51-بەت. بۇ ۋەقە ھەققىدە يەنە . خېلەم خۇدابەردىيېف .زامان ئىزغىرىنلىرىدا شۇڭغۇپ ( خاتىرىنامە). بىرىنچى كىتاب. تاشكەنت.2003. 94-بەر.

(41) Molokov I.E Razgrom Bakicha (باكىچنىڭ يوقىتىلىشى ).M. 1978. s.12

ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولۇۋاتقان دىپلوماتىك ھەم ھەمكارلىق ئورنىتىش سىياسىتىگە ئۇيغۇن كەلگەن ئىدى. بۇ جەھەتتە جۇڭگو تەرەپمۇ ئۆزىنىڭ ئاكتىپلىقىنى كۆرسىتىپ، سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ تاشقى ئىشلار ۋە ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكى جۇڭگو بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىش تەرەپدارلىرىنىڭ پىكىرلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىگە ئىمكان يارىتىپ بەردى.

1921- يىلى، 4-ئىيۇن كۈنىدىكى سىياسي بىيۇرو يىغىنىدا لېنىن، چىچېرىن ۋە باشقا سىياسي بىيۇرو ئەزالىرىنىڭ يا. رۇدزۇتاكىنىڭ قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش لايىھەسىنىڭ رەت قىلىنىش سەۋەبىنىڭ دەل جۇڭگوغا قارىتىلغان تاشقى سىياسەت ئىستراتېگىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن چىچېرىن 1921- يىلى، 17-ئىيۇندا رۇدزۇتاكقا يازغان خېتىدە:

«بىزنىڭ جۇڭگو بىلەن ئومۇمي دوستلۇق سىياسىتىمىز ۋە بىزنىڭ جۇڭگو دېموكراتىيەسىگە ئىشەنچىمىز تۈپەيلى، بىز جۇڭگو ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىز كېرەك، سىياسي بىيۇرو سىزنىڭ تەكلىپىڭىزگە نىسبەتەن سەلبي قارار قوبۇل قىلدى.»[42]

**ئۈچىنچى سەۋەب- ئامىل: ئىدېئولوگىيەلىك ئامىل، يەنى پانتۈركىزمغا قارشى تۇرۇش**

سوۋېت رۇسىيەسى ئىچكى ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپىدە پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمغا قارشى تۇرۇش شوئارىنى كۆتەرمىدى. ئەكسىچە 1920- يىلىدىكى باكۇدا چاقىرىلغان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ پۈتۈن شەرق خەلقلىرىنىڭ 1- قۇرۇلتىيىدا شەرق مۇسۇلمان خەلقلىرىنى «ئىمپېرىيالىستلارغا قارشى غەزەۋات قىلىش» قا چاقىرىلغان ئىدى. قۇرۇلتاي خىتابنامىسىدە «غەزەۋات» ئاتالغۇسى ئېنىق ئىشلىتىلگەن ئىدى.

1921-1919- يىللىرى ئارىسىدا ئىدىل-ئۇرال، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاۋكازىيەدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ زىيالىيلىرى، ئىنقىلابچىلىرى ۋە ئاممىسى ئارىسىدا ئورتاق تۈرك دۆلىتى قۇرۇش شوئارلىرى كەڭ ئەۋجى ئالدى. ھەتتا تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى خەلق كومىسسارلار كېڭەشىنىڭ رەئىسى، قازاقلاردىن كېلىپ چىققان تۇرار رىسقۇلوف ئوتتۇرا ئاسىيانى بىرلەشتۈرۈپ، ئورتاق تۈرك جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش

(42) Barmin B.A. Sovetskiy Soyuz I Sinzina 1918-1941gg.
(سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شىنجاڭ -1941-1918يىللاردا) Barnaul. 1998.
كوممۇنار تالىپوف. تارىخ ساۋاقلىرى ياكى ئۆتمۈشسىز كېلەچەك يوق. ئالمۇتا ، «ناش مىر» نەشرىياتى . -2010يىلى.

پىكرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. مۇنداق پىكىرلەر دەسلەپتە ئاشكارا تەنقىد ئاستىغا ئېلىنمىدى.

تۈركچىلىك پىكىرلىرى بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى، خارەزم خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ياش بۇخارالىقلار ۋە ياش خىۋەلىكلەر پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى ھەم ئۇلارنىڭ يېتەكلىگەن ھاكىمىيەت ۋە زىيالىيلار قاتلىمى ئارىسىدا داۋاملىق ئەۋجى ئالدى. ھەتتا سوۋېت رۇسىيەسى ياش تۈركلەر ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ھەربىي مىنىستىرى ئەنۋەر پاشانى گېرمانىيەدىن موسكۋاغا تەكلىپ قىلىپ،ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللىدى. لېنىن 1921- يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا ئەنۋەر پاشانى بۇخاراغا ئەۋەتتى. ئەنۋەر پاشانىڭ بۇخاراغا ئەۋەتىلىش سەۋەبلىرى ھەققىدە بىر قانچە خىل قاراش مەۋجۇت بولۇپ، بەزىلەر لېنىن بىلەن ئەنۋەر پاشا ئارىسىدا ئۇنىڭ بۇخاراغا بېرىپ، مۇسۇلمان قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىنى تەشكىللەش ۋە تەرتىپكە سېلىپ، باسمىچىلار ھەرىكىتىنى يوقىتىشقا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر لېنىن بىلەن ئەنۋەر پاشا ئارىسىدا ئەنۋەر پاشانىڭ بۇخاراغا بېرىپ، مۇسۇلمانلاردىن قوشۇن تەشكىللەپ، ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن ئېلىشىۋاتقان باسمىچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئۇلارنى ئىنگلىزلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرۇش، يەنى قەشقەر ۋە ياكى ئافغانىستان ئارقىلىق بارلىق مۇسۇلمانلارنى تەشكىللەپ، ھىندىستاندىكى ئۇلۇغ بېرىتانىيە قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، ھىندىستاننى، جۈملىدىن مۇسۇلمانلارنى ئىنگلىز مۇستەملىكىسىدىن ئازاد قىلىش ئىدى دەيدۇ. ئەمما، ئەنۋەر پاشا بۇخاراغا بارغاندىن كېيىن، ئۇ جايدىكى زەكى ۋەلىدى توغان قاتارلىق تۈركچىلىك ئىدىيەسىدىكى گۇرۇھلار ۋە بۇخارا جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاخىرى شەرقىي بۇخارادىكى ئىبراھىمبەك باشچىلىقىدىكى ‹باسمىچىلار› بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى شۇنىڭدەك تېزلىكتە دۈشەنبە شەھىرى ۋە باشقا جايلارنى ئىشغال قىلدى. ئەنۋەر پاشا دۈشەنبەنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى پۈتۈن تۈركىستاننىڭ ئەمىرى دەپ جاكارلىدى.[43] ئۇ، شەرقتە قەشقەرىيەدىن تارتىپ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تۇپراقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئورتاق تۈرك مۇسۇلمان دۆلىتىنى قۇرماقچى بولىدۇ ھەمدە سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن قىزىل ئارمىيەسىنى دەرھال ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

(43) David Fromkin’s - A Peace to End All Peace, New York 1989.p.487.

ئەنۋەر پاشا قوماندانلىقىدىكى مۇسۇلمان قوشۇنلىرى شەرقىي بۇخارادىن، غەربىي بۇخاراغىچە بولغان كۆپلىگەن جايلاردىكى قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىنى يوقىتىپ، پۈتۈن بۇخارانى ئىگىلەش ئىمكانىيىتى كۆتۈرۈلدى. بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوسمان خوجايېۋ قاتارلىق بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئەنۋەر پاشا تەرەپكە ئۆتۈپ، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمى بۆلۈنۈپ كېتىپ، پەقەت سوۋېت ئىدىيەسىدىكى ئادەملەرلا قالىدۇ. ئەنۋەر پاشانىڭ كەڭ تەرغىب قىلغان تۈركچىلىك شوئارلىرى پەقەت بۇخارادىلا ئەمەس، بەلكى موسكۋانىڭ كونتروللۇقى ئاستىدىكى تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدىمۇ تەۋرىنىش پەيدا قىلغان ئىدى. پەرغانە ۋادىسىدىكى قوراللىق ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان كۈچلەر ئوخشاشلا ئەنۋەر پاشاغا بەيئەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن تۈركىستان بويىچە سوۋېت ھاكىمىيىتى يەنە بىر قېتىم تەھدىتكە دۇچ كېلىپ، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە باشلىق ئانتانتا دۆلەتلىرىگە قارىغاندا، ئەنۋەر پاشانىڭ پانتۈركىزم شوئارى ئاستىدىكى قوراللىق ھەرىكىتىنى خەتەرلىك ھەس قىلىدۇ. سوۋېت رۇسىيەسى كومپارتىيەسى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئېچىپ، قىزىل ئارمىيە قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ، ئەنۋەر پاشانىڭ قوزغىلىڭىنى تامامەن يوقىتىش قارارىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم ئىدىيەلىرىگىمۇ زەربە بېرىش، يەرلىك مۇسۇلمان كوممۇنىستلىرى ئارىسىدا تۈركچىلىك ئىدىيەسى بار كىشىلەرنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرىنى باشلايدۇ، ئەنە شۇ قېتىملىق ئالماشتۇرۇشتا تۈركىستان سوۋېت ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى خەلق كومىسسارلار كېڭەشىنىڭ رەئىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش تەرەپدارى تۇرار رىسقۇلوفنى موسكۋاغا يۆتكەپ كېتىدۇ.

ئەنۋەر پاشانىڭ قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ ئورتاق تۇران دۆلىتى قۇرۇش چاقىرىقى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا مىقياسىدا رەھبەرلىك قاتلىمى ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن تازىلاش ئېلىپ بېرىشىغا سەۋەب بولدى. موسكۋا ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر-بىرىنى ئايرىم مىللەت نۇقتىسىدىن ئايرىمايدىغان ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرنى ئايرىم مىللەت ۋە ئايرىم ئاپتونومىيەلىك دائىرىلەرگە پارچىلاش پىلانىنى تېزلىتىشقا كىرىشتى. موسكۋادا شەرق كوممۇنىستىك ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، تاشكەنتتە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى، كادىرلارنى تەربىيەلەش ئىنستىتۇتى دېگەندەك مەكتەپلەرنى ئېچىپ، مەخسۇس كوممۇنىستىك ئىدىيەدىكى كادىرلارنى تەربىيەلەشكە كىرىشتى. مۇسۇلمان ئامىسى ئىچىدە كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنى

كۆپەيتىش، كەمبەغەل سىنىپلاردىن مەخسۇس كادىرلارنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ھوقۇقلارغا قويۇش، يەرلەرنى تەقسىم قىلىش قاتارلىق ئىسلاھاتلارغا كىرىشتى، دىنىي زاتلارنى چەتكە قاقتى، ئاياللار ئازادلىقى، مەدەنىيەت-مائارىپ جەھەتتە ئاقارتىش شوئارلىرى بىلەن مەپكۇرە ئالماشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلەتتى.

يەرلىك تۈركىي تىللىق ئاھالىلەرنىڭ زىيالىيلىرى، خەلقى ئىچىدە پان تۈركىزم ئىدىيەسىنى تازىلاش مۇھىم كونتەرتىپكە قويۇلدى ۋە بۇ نۇقتا دىققەت قىلىنىش ئوبيېكتى بولدى. شۇڭا 1921- يىلى، 10-9-ئايلاردا سوۋېت رۇسىيەسى تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتى بىلەن سودا خەلق كومىسسارىياتىنىڭ ۋەكىللىرى قەشقەرگە كېلىپ، قايتقاندىن كېيىن يوللىغان دوكلاتىدا قەشقەردە ئىنقىلاب قوزغىلىپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، پانتۈركىستلارنىڭ ئاسانلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېتىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن ئىدى. قارىغاندا، موسكۋا قەشقەرىيەدە قوزغىلىدىغان ئىنقىلابنىڭ پانتۈركىزم ۋە پان ئىسلامىزم ئىدىيەسى بىلەن بىرلىشىپ كېلىشىدىنمۇ ئەندىشە قىلغان بولۇپ، موسكۋانىڭ مەخسۇس خادىملىرى قەشقەرىيە ۋەزىيىتىنى تەكشۈرگەندە بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. رۇسىيە ئالىمى ئا. بارمىننىڭ قارىشىچە، بۇ نۇقتا موسكۋانىڭ شىنجاڭدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللىماي، جۇڭگو مىلىتارىستلىرىنى قوللاش قارارى بېرىشىدە مۇھىم ئامىل بولغان.[44]

**تۆتىنچى سەۋەب- ئامىل: ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى بۆلۈنۈش**

موسكۋانىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشىدىكى يەنە بىر ئەڭ مۇھىم ئامىل شۇكى، «ئالتىشەھەر – جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پارچىلىنىشتۇر.

ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ 1921- يىلى، 7-ئايلاردا يەتتەسۇ ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، ئوبلاستلىق ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئۇراز جاندوسوف تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا جىددىي تېلېگراما يوللاپ، ئۇنى ئالمۇتىغا قايتىپ، يېڭى ۋەزىپە ئۆتەشكە چاقىرغاندىن كېيىن، دەرھال ئالمۇتىغا كېلىپ، يەتتەسۇ ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارلىق ۋە ئوبلاستلىق ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ.[45] بۇ ئابدۇللا

(44) بارمىن . شۇ ئەسەر .87-86-بەتلەر. ( رۇسچە)
(45) Rabik Ismayilov. Sled pamyati neizgladimiy .

روزىباقىيېفنىڭ 1917-1922-يىللىرى ئىچىدە ئېرىشكەن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە ھوقۇقى بولۇپ، بولشېۋىكلار پارتىيەسىنىڭ ئوبلاستلىق كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ۋە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسى پۈتۈن يەتتەسۇ ئوبلاستى بويىچە ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق سالاھىيەت ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كەڭ زېمىن ۋە كۆپ نوپۇس كىرەتتى. ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسلىك ئورنى بولسا پەقەت بىر پارتىيەسىز تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇق ۋە باشقۇرۇش دائىرىسى يوق ئىدى. بىراق، تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئابدۇللا روزىباقىيېفنى ئوراز جاندوسوفنىڭ تەلىپى بويىچە ئالمۇتىغا يۆتكەپ، يۇقىرى پارتىيە رەھبەرلىك خىزمىتىگە تەيىنلىشى موسكۋانىڭ تۈركىستاندىكى ئالىي رەھبەرلىك ۋەكىللىك ئورگىنى ھېسابلىنىدىغان تۈركىستان كومىسسىيەسىنىڭ قارارىدىن ئۆتمەي ئىشقا ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئابدۇللا روزىباقىيېفنى يۆتكەش قارارى ئەمەلىيەتتە شۇ يىلى 6-ئايدا رۇسىيە كومپارتىيەسى سىياسىي بيۇروسى تۈركىستان كومىسسىيەسىنىڭ قەشقەر ۋە جۇڭغار جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش لايىھەسىنى رەت قىلغاندىن كېيىنكى ئىچكى يۆنىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. چۈنكى، موسكۋادىكى سىياسىي بيۇرونىڭ قارارىدىن كېيىن تۈركىستان كومىسسىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنىدىغان تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا «ئالتىشەھەر - جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ ئىستىقبالىنىڭ يوقلۇقى، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۇزۇنغا بارماي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ھەققىدە ئىشەنچ شەكىللىنىپ بولۇنغان. ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ ئۆزىمۇ ئىچكى ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن ئىدى.[46]

گەرچە، «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ ئادىمى ئابدۇراخمان ماخمۇدوف بولسىمۇ، بىراق ئابدۇللا روزىباقىيېف ئالمۇتىغا كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئابدۇراخمان ماخمۇدوفنى ئەمەس، بەلكى مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى، تۈركىيە تۈركلىرىدىن سابىر ئەخمەتنى رەئىسلىككە تەيىنلىدى. ئارقىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مەركىزىي كومىتېتنىڭ يەنە بىر نەپەر ئەزاسى، ئىسمايىل تاھىروفمۇ ئالمۇتىغا چاقىرتىلىپ، ئالمۇتىدا خىزمەت

"قازاقىستان ھەقىقىتى" گېزىتى 2002-يىلى، 2-ئاينىڭ 9-كۈندىكى سانى.

(46) كوممۇنار تالىپوف ئەسەرلىرى.. تارىخ ساۋاقلىرى ياكى ئۆتمۈشسىز كېلەچەك يوق، توپلىغۇچى. يولداش ئازاماتوف. ئالمۇتا، " ناش مىر " نەشرىياتى .2010-يىلى.

ۋەزىپىسى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى بىلەن بىر نەپەر مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا بىراقلا ئۆزگىرىش يۈزبەردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەتلەر قەدەممۇ –قەدەم كۆچىيىشكە باشلىدى. ئەسلىدە ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى قەشقەرلىك ۋە تارانچى ئۇيغۇر گۇرۇپپىلىرىدىن تەڭ تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ۋە ئىسمايىل تاھىروفلار تارانچى ئۇيغۇرلىرىغا تەۋە ئىدى، ئابدۇراخمان ماخمۇدوف، پولات خوجايېۋ، ئەمىروف ۋە باشقىلار قەشقەرلىكلەر ئىدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ تاشكەنتتىكى ۋەزىپىسىنى تاشلاپ، ئالمۇتىغا كېتىپ يۇقىرى رەھبەرلىك خىزمىتىگە ئولتۇرۇشى ئالدى بىلەن قەشقەرلىك ئەزالار ئارىسىدا نارازىلىق پەيدا قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئالمۇتىدا قادىر ھاجى ھاشىمھاجىيېۋ تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ ئالمۇتىدىكى شۆبىسىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇمۇ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ ئىشلىرىغا ئاكتىپ ئارىلاشقان بولۇپ، قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا ئابرۇيى خېلى يۇقىرى ئىدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ۋە ئىسمايىل تاھىروف قاتارلىقلارنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى جايلاشقان تاشكەنتتىن كېتىشى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ تەركىبىدىكى ئۇيغۇر رەھبەرلىرى ئارىسىدا ۋە ئەزالار ئارىسىدا مەلۇم دەرىجىدە پىكىر ئىختىلاپى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەركىبى ئۇيغۇر، تۈرك، تاتار، ئۆزبېك، تۇڭگانلاردىن تەركىب تاپقان بولۇشىغا قارىماي، قەشقەرلىك ۋە تارانچى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ ئۇيغۇرلار ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپ، پۈتۈن تەشكىلاتنىڭ تەقدىرى بىلەن چېتىشلىق ئىدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ۋە ئىسمايىل تاھىروفنىڭ تاشكەنتتىن كېتىشى نېمە ئۈچۈن مەركىزىي كومىتېت تەركىبىدىكى قەشقەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇلتايدا ئۇيغۇر نامىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئايرىم قەشقەرلىك ۋە تارانچى دەپ بىر-بىرىنى پەرقلەندۈرگەندىن پەرغانە ۋە يەتتەسۇدىكى ئىككى گۇرۇپپا خەلقىنىڭ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئېتنىك نامى ئاستىدا ئاتىلىپ، بۇرۇنقى ئۆزئارا ئايرىمچىلىق خاھىشلىرىغا خاتىمە بېرىش ھەمدە بىر پۈتۈن ئورتاق ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى كۈچەيتىش ھەققىدە قارار ئالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە

ئۇلار بىردەك ھالدا ئۆز ۋەتىنىدە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش غايىسى ۋە شوئارى ئاستىغا يىغىلغان تۇرۇقلۇق ئۇلار ئارىسىدا نېمە ئۈچۈن ئىختىلاپ تۇغۇلدى ۋە بۇ ئىختىلاپلار بارغانسېرى كۈچەيدى؟

ئابدۇراخمان ماخمۇدوف، پولات خوجايېۋ قاتارلىقلار ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ ئىتتىپاق رەئىسلىكىنى تاشلاپ، ئالمۇتىغا كېتىشىگە قەتئىي قارشى چىققان بولۇپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەركىبىدىكى باشقا مىللەت ئەزالارنىڭ قانداق پوزىتسىيە تۇتقانلىقى نامەلۇم. بەلكى ئۇلارمۇ روزىباقىيېۋ قاتارلىقلارنىڭ «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى تاشلاپ ئالمۇتىغا كېتىشىنى مۇۋاپىق كۆرمىگەن بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن بولغاچقا ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ بۇيرۇق بويىچە ئالمۇتىغا بېرىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى.

لېكىن بۇنى يەنىلا ئىختىلاپنىڭ ئاساسلىق سەۋەب نۇقتىسى دەپ قارىماستىن بەلكى ئىختىلاپنىڭ كۈچىيىش مۇقەددىمىسىنى ئاچتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىختىلاپنىڭ كۈچىيىشىدىكى ئاساسلىق نۇقتا يەنىلا ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى «قەشقەرلىك» ۋە «تارانچىلار» دىن كېلىپ چىققان رەھبەرلەرنىڭ ئۆزئارا ئىشەنچىسى ۋە ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەت يولىدا شەخسىي مەنپەئەت ۋە تار يۇرت مەپكۇرىلىرىنى قۇربان قىلىش خاھىشىنىڭ يېتەرسىزلىكى بولسا كېرەك. ئابدۇراخمان ماخمۇدوف، قادىر ھاجى، پولات خوجايېۋ قاتارلىقلار ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسلىكىنى تاشلىدى ۋە ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشتى دەپ قارىغان.

ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ پىروگراممىلىرى قاتارىدا ئالتەشەھەر ۋە جۇڭغارىيەدىن كەلگەن ياشلارنى، يەنى ئۇيغۇر ياشلىرىنى كۆپلەپ سوۋېت ئوقۇش ئورۇنلىرىغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئالىي مەلۇماتلىق قىلىپ، كەلگۈسىدىكى ئىنقىلابنىڭ كادىرلىرىنى تەييارلاش مەقسەتلىرىمۇ بار ئىدى.

سوۋېت ھاكىمىيىتى تىكلەنگەندىن كېيىن، يەتتەسۇ تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ياشايدىغان جايلاردا مەكتەپلەر ئېچىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئالمۇتا شەھىرىدە تۇنجى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىمۇ ئېچىلدى.

ھەتتا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەلۇم ساندىكى كىشىلەر بالىلىرىنى بۇرۇنلا رۇس تىلىدىكى مەكتەپلەرگە بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار ئارىسىدا رۇس تىلىدا مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەنلەر كۆپرەك بولغان. يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئابدۇللا روزىباقىيېۋ، ئىسمايىل تاھىروۋ، بۇرھان قاسىموۋ، مۇزەپپەر يارۇللايېكوۋ ۋە باشقىلار ئەنە شۇ رۇس تىللىق مائارىپنىڭ مەھسۇللىرى ئىدى.

مەشۇر روزىيېۋنىڭ يېزىشىچە، 1918-1922- يىللىرى ئارىسىدا يەتتەسۇ تەۋەسىدىن خېلى كۆپ ساندا ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى تاشكەنت، باكۇ، لېنىنگراد، موسكۋا ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇدى.[47] ئابدۇمجىت روزىباقىيېۋنىڭ ھېساۋاتىچە، 1923- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىنى ئاساس قىلىپ، 500 دىن ئۇيغۇر پەرزەنتى موسكۋا، باكۇ، تاشكەنت، قازان، لېنىنگراد ۋە باشقا شەھەرلەردىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇدى.[48]

بەلكى، ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى يۇقىرى بۆلۈنۈشتىن كېيىن بولسا كېرەك، قادىر ھاجى قاتارلىقلار تارانچىلارنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى پارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن يېقىنلىشىۋېلىپ، يۇقىرى ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇۋالغانلىقىنى شىكايەت قىلغان. ئەلۋەتتە، تەھلىل قىلىشقا بولىدۇكى، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلار ئەسلىدىن رۇسىيە پۇقرالىرى ھەم رۇسىيەدە ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى رۇسىيە بىلەن باغلىغان، رۇس تىلىدا مائارىپ تەربىيەسى ئالغان ۋە رۇس كوممۇنىستلىرى بىلەن بىرگە ئىشلەپ كۆپ تەجرىبىلەرگە ھەم ئىشەنچىگە ئىگە بولغان ئىدى.

رۇس كوممۇنىستلىرى، جۈملىدىن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يەتتەسۇلۇق بۇ خىلدىكى رۇس تىللىق مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن كىشىلەرنى ئالدى بىلەن سوۋېت رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە جەلپ قىلىشى تەبىئىي ئىدى.

سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ يەتتەسۇلۇق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن ئالىي مەلۇماتلىق بولغان ياشلارنى كۆپلەپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ھەم باشقا خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇشى قەشقەرلىك ئۇيغۇرلاردا غەيرى ئىنكاسلارنى پەيدا قىلغان ئىدى. مەشۇر روزىيېۋ 1920-1922- يىللىرى ئارىسىدا ئەۋجى ئالغان بۇ ئەھۋالنى ھەمدە

(47) مەشھۇر روزىيېۋ. ئۇيغۇر زېمىنىدا. ئالمۇتا،2007. 65-بەت.
(48) ئابدۇمەجىت روزىباقىيېۋ . تەڭرىقۇل قۇتلۇق. پەرۋاز ژۇرنىلى. 1994. ئالمۇتا ،زھاجۇشى نەشرىياتى. 7-بەت.

قەشقەرلىك ۋە تارانچى ماجىراسىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«ئۇلار، تارانچىلار ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر ھېسابلاپ، بارلىق جايلاردىكى ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىغا كىرىۋالدى. ئوقۇشنى تۈگىتىپ، خىزمەتلەرگە جايلىشىۋالدى، دېمەك، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئورۇنلىرىنى ھەم ئالىي مەكتەپلەردە ھەم خىزمەت جايلىرىدا شۇلار ئىلىۋاپتۇ. ھەقىقىي ئۇيغۇرلار چەتتە قالدى. بۇ ئادالەتسىزلىك، ئۇنىڭ ھەممىسىنى قىلىۋاتقانلار يەتتەسۇ، تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى پارتىيە ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتى رەھبەرلىكىگە يېقىنلىشىۋالغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرى بولۇۋالغان ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ۋە ئۇنىڭ توپىدۇر. مانا بۇ خىيانەتكە قانداق چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ؟ دەپ ۋارقىراشتى بۇنىڭغا ئالتىشەھەرلىك ياشلارمۇ ئىشىنىپ قالدى. ئابدۇللاھ روزىباقىيېۋ ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى قادىر ھاجى ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرىغا ئۇيغۇرلارنىڭ 1- قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرىنى تەكرار چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى، تارانچى باشقا مىللەت ئەمەسلىكىنى ئىلمىي پاكىتلار بىلەن دەلىللەپ ئىسپاتلىدى. قادىر ھاجى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدىكى گۇرۇھنىڭ قەبىلىلىرى بۇ چۈشەندۈرۈشلەرنى ئېتىبارغا ئالمىدىلا ئەمەس بەلكى تارانچىلارغا قارشى ھۇجۇمنى ئەۋجى ئالدۇردى. ئىغۋا ۋە پىتنىخورلۇق ئوتى ياندى.

تارانچى -قەشقەرلىك ماجىراسى سۈنئىي رەۋىشتە يۈزبەرگەن ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ھاقارەتلىك بولغان ۋەقە ئۇزۇنغا سوزۇلدى. بولۇپمۇ 1920-يىللاردا تاشكەنتتە ئىستۇدېنتلار ھەتتا ئايرىم ئاۋام پۇقرالار ئىچىدە ئەۋجى ئالدى، تالاش تارتىشلار، تىللاش- ھاقارەتلەشلەر، كوچىلاردا مۇشتلىشىشلار، كالتەكلىشىشلەرگە ئوخشاش توقۇنۇشلار دەرىجىسىگە يەتتى.»[49]

مەشۇر روزىيېۋ شۇ ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى «ماجىرا » نىڭ كۆرۈنىشى ئىشەنچلىك كۆرسىتىپ بېرەلىگەن. مەشۇر روزىيېفنىڭ بايانلىرىنى تولۇقلىغان ئابدۇمجىت روزىباقىيېۋ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىدىكى قەشقەرلىكلەرنىڭ ھەتتا مەزكۇر ئىتتىپاقتىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئايرىم گۇرۇپپىسىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

1921- يىلى، 3-ئىيۇندا تاشكەنتتە ئېچىلغان ئالتىشەھەر – جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ بىرىنچى سىئېزدى قارارىغا بىنائەن بۇ ئىنقىلابى سويۇز (ئىتتىپاق) نى

(49) مەشھۇر روزىيېۋ. ئۇيغۇر زېمىنىدا. ئالمۇتا،2007. 65-بەت.

«ئۇيغۇر ئىنقىلابى سويۇزى» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، قادىر ھاجى ھاشىمھاجى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تارانچىلار باشقا مىللەت، قەشقەرلىكلەر باشقا مىللەت، ئۇلارنىڭ تىللىرىمۇ بىر-بىرىگە يېقىن ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇلارغا، بىر ئۇيغۇر سويۇزىغا قوشۇلمايمىز، بۇلار ئايرىم-ئايرىم سېكسىيىلەرنى تەشكىل قىلىشى كېرەك دەپ داۋراڭ قىلدى.[50]

قىسقىسى، «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پارچىلىنىشتىن كېيىن تارانچى ۋە قەشقەرلىك جېدىلى بارغانسېرى كۈچىيىپ ماڭدى. ئۇنىڭغا ئاز دەپ سوۋېت ھۆكۈمىتىمۇ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ ئىشلىرىنى بۇرۇنقىدەك ئاكتىپ قوللىمىدى ۋە 1921- يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بۇرۇنقى ۋادىلىرىدىن يانغانلىقى، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئېلىدە مىللىي ئىنقىلاب قوزغاپ، ئۆز جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشىغا ياردەم بەرمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشكە باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئەزالىرىدا ئۈمىدسىزلىنىش، ھەتتا سوۋېت ھۆكۈمىتىگە قارشىلىق ئىدىيەلىرى پەيدا بولۇپ، بەزىلەر ئاشكارا يوسۇندا «باسمىچىلار» تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى،

يەتتەسۇ، پەرغانە ۋادىسى، تاشكەنت ۋە باشقا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاكتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ قىزغىن قوللىشى ئاستىدا، ئۆز ئانا ۋەتىنىدە ئازادلىق ھەرىكىتى قوزغاشنى نىشان قىلىپ قۇرۇلغان ھەم ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ھۆكۈمىتى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسيونالنىڭ بىۋاستە ياردىمى ۋە كۆرسەتمىسىگە ئېرىشكەن «ئالتىشەھەر - جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» دەپ ئاتالغان مەركۇر تەشكىلاتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ بىردەك ھالدا قەتئىي چەكلىنىشى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر خىل ئىنكاس،غۇلغۇلا ۋە نارازىلىقلارنى قوزغىغان بولۇپ، ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆز ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەمدى قانداق ئۇسۇل قوللىنىش، قايسى كۈچلەرنىڭ ياردىمىگە تايىنىش ؟ ۋە ياكى ھېچقانداق تاشقى ياردەمگە تايانماي ئۇيغۇر خەلقى ئۆزى تەنھا ھالدا ئىش كۆرۈش كېرەكمۇ دېگەندەك مەسىلىلەر قويۇلدى. ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئارىسىدا بولسا قايسى يول بىلەن مېڭىش ۋە قانداق ئىش ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرى، كوممۇنىستلىرى ئالدىدا مۇنازىرە مەسىلىسى بولۇپ قالدى.[51]

(50) م.روزىباقىيېف. ن روزىباقىيېۋا. شۇ ئەسەر. 57-بەت.
(51) م.روزىباقىيېف. ن.روزىباقىيېۋا. شۇ ئەسەر.37-بەت.

بەزى زىيالىيلار ۋە مىللەتپەرۋەرلەر ھەتتا ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى سوۋېت ھۆكۈمىتىگە ئىشەنمەسلىك كۆزى بىلەن قارىدى.

مەسىلەن مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ ئاكتىپلىرىدىن بىرى, تۇنجى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن شائىر ئابدۇلھەي مۇھەممەدى، 1921 - يىلى، ئۆز ھېسسىياتىنى «ئېچىلماس كۆڭلۈم»، «ياش يۈرىكىم» ماۋزۇلۇق شېئىرىدا ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھېسسىياتى ئەنە شۇ ئۈمىدسىزلىك ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزگىرىشچان سىياستىگە بولغان نارازىلىق كەيپىياتىنى ئىپادە قىلغان ئىدى. «ياش يۈرىكىم» ماۋزۇلۇق شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

ياش يۈرىكىم ئەركىن ئېلىپ تېپەلمەيدۇ،
كۆڭۈلدىكى خەزىنىسىنى سېپەلمەيدۇ.
ئۇيغۇرىستان —ئېلىم دەيدۇ، تېپىرلايدۇ.
تار قەپەزدىن چىقىپ، ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ.

كۈندە ئويلاپ، كۈندە يىغلاپ، كۈندە سېغىنىپ،
كۈندە كۆڭۈل ئارمان قىلىپ تۇرالمايدۇ.
تۇرمۇش ئوچۇم قاتتىق قورۇپ تۇتۇپ ئالغان
تا ئەزەلگە ئاجراپ بوشىنىپ كېتەلمەيدۇ.

ئۇيغۇرىستان ئېلىم، سېنىڭ ئالدىڭدا مەن،
تىزلىناي، سەجدە قىلاي، باش قوياي ھەم
گۇناھىم كۆپ، ئەيىبىم چوڭ، خاتام نۇرغۇن
كەچۈرگىن سەن، بۇ كىرىمدىن پاكلىنايمەن.

خىزمىتىڭنى شۇ چاغقىچە قىلالمىدىم
ئۇسسۇزلىقىڭغا بىر يۇتۇم سۇ بېرەلمىدىم
قانات قويۇپ، ئۇچۇپ يەتسەم قېشىڭغا، ئاھ
بوينۇمدىكى بۇ قەرزىمنى ئۈزەلمىدىم.

دەيدۇ ئېچىنىپ غەم ئىچىدە چىدالمايدۇ،
ئاھ ئۇرۇپ، قايغۇرۇپ تۇرالمايدۇ.
تاڭدا چىقىپ يەلپۈپ ئۆتكەن شامال بىلەن،
ئۇيغۇرىستان ئېلىم ساڭا سالام دەيدۇ![52]

(52) ئابدۇلھەي مۇھەممەدىنىڭ بۇ شېئىرىنى << كەمبەغەللەر ئاۋازى>> گېزىتىنىڭ 1922-يىلى، 5-ئاۋغۇست ساندا ئېلان قىلىنغان. ئابدۇللا روزىباقىيېفئ

ئابدۇلھەي مۇھەممەدىنىڭ بۇ شېئىرىدا زۇلمەت ئاستىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆڭلىنى يورۇق قىلىشتا ھېچ ئىش قىلالمىغانلىقى، «ئۇسسۇزلۇقىغا بىر يۇتۇم سۇ بېرەلمىگەنلىكى» ۋە شۇڭا بولسا يۈرىكىنىڭ كۆيۈپ، چەكسىز ئېچىنغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.[53]

شېئىردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى، جۈملىدىن ئۆز ۋەتىنىنى ئازاد قىلىپ، مۇستەقىل سوتسىيالىستىك ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يولىغا ئاتلانغان ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى توختىتىپ قويغانلىقىنى

«تۇرمۇش ئوچۇم قاتتىق قورۇپ تۇتۇپ ئالغان،
تا ئەزەلگە ئاجراپ بوشىنىپ كېتەلمەيدۇ.»

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلغان ئىدى. بۇ شېئىر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتا تەنقىدكە ئۇچرىغان ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئۆز نارازىلىقلىرىنى پەقەت شېئىر يېزىش ۋە باشقا يۇمشاق يوللار بىلەنلا ئىپادىلىمىدى.

1921 - يىلى، قىشتا ئەنۋەر پاشا بۇخارادا ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقى ۋە ئورتاق تۈركىستان دۆلىتىنى قۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئىنقىلاب ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن تۈرك سابىر ئەخمەت، مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇراخمان ماخمۇدوف ۋە مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى پولات خوجايېۋ سوۋېت ھۆكۈمىتىدىن ئاشكارا يۈز ئۆرۈپ، ئەنۋەر پاشانىڭ يېنىغا بېرىپ، ئەنۋەر پاشانىڭ سېپىغا قوشۇلدى.

بۇ ئۈچ كىشى ئەنۋەر پاشاغا ئەگىشىپ، كۆپ جەڭلەرگە قاتنىشىپ ھاياتىدىن ئايرىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇراخمان ماخمۇدوف ئەسىرگە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

«ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ كوللېكتىپ يوسۇندا ئەنۋەر پاشا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقتىكى ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلەردىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش چاقىرىقىنىڭ ساختا چاقىرىق ۋە پەقەت سىياسىي ئويۇن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ،

(53) سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى. قازاقىستان << نائۇكا >> نەشرىياتى، 1986. ئالمۇتا.10-بەت.

سوۋېت ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل دۆلەت بولغاندىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقىنى ۋە مۇستەقىل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارىغانلىقى ئىدى. شۇڭا ئەنۋەر پاشانىڭ ئورتاق تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇش چاقىرىقى ۋە ئىدىيەسى ئۇلارغا ياققان ئىدى.

نەتىجىدە، لېنىن باشچىلىقىدىكى سوۋېت رۇسىيەسىدىن ئۈمىد كۈتكەن قەشقەرىيەلىكلەر خوتنى يۆتكەپ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانغان ئەنۋەر پاشاغا ئۈمىد باغلىدى. سوۋېت رۇسىيەسى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ 1919- يىللىرىدىن باشلىغان قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوزغاش ھەرىكەتلىرى ۋە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ تەشكىللىك رەھبەرلىك ئورگىنى ھېسابلانغان «ئالتىشەھەر-جۇڭغارىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» 1922- يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئەنۋەر پاشانىڭ بىر پۈتۈن تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇش چاقىرىقى ۋە ھەرىكىتىنىڭ تەركىبى قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىشى بىلەن خۇلاسىلاندى. شۇنچە داغدۇغىلىق باشلىغان ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ تەقدىرى پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشتى.

لېكىن، ئابدۇراخمان ماخمۇدوف، پولات خوجايېۋ قاتارلىق ئەسلى قەشقەردىن كەلگەن مىللەتپەرۋەرلەر "قەشقەرلىك-تارانچى ماجىراسى"نىڭ قانداق سۈنئىي ئۇسۇلدا كەلتۈرۈپ چىقىرىلغانلىقى ۋە قانداق كۈچەيتىلىۋاتقانلىقىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەن بولغاچقا، ئۆز ئىچىدە كۈرەش قىلىشنى تاشلاپ، لېنىنىنىڭ سېپىدە ئەمەس بەلكى ئەنۋەر پاشا بىلەن بىر سەپتە بولۇپ، ھەتتا بۇ يولدا ئۆلۈش يولىنى تاللىۋالدى.

ئەمما قادىر ھاجى ۋە ئۇنىڭ «قەشقەرلىكلەر» گۇرۇپپىسى بىلەن ۋە ئالمۇتىنى بازا قىلغان «تارانچى مەپكۇرىسىدىكى» لەر ئارىسىدىكى كۈرەش ئۇزۇنغىچە كەسكىن داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن ھەتتا بۇ مەسىلە تۈركىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغىچە يوللىنىپ، تارانچى-قەشقەرلىك مەسىلىسى يۇقىرى رەھبەرلىك ئورگانلىرىدا مۇھاكىمە قىلىندى. ھەتتا رۇسىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىمۇ بۇ مەسىلىگە دىققەت قىلغان بولۇپ، 1923- يىلى، 6-فېۋرال كۈنى رۇسىيە كومپارتىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسى مەخسۇس مەجلىس ئېچىپ، تارانچى ۋە قەشقەرلىكلەرنىڭ مىللەت مەسىلىسى ھەققىدە پىكىر ئالدى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ يىغىندا مەخسۇس دوكلات بەرگەن بولۇپ، ئۇ تارانچى ۋە قەشقەرلىك دەيدىغان ئىككى مىللەت مەۋجۇت

ئەمەسلىكى، بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئۇيغۇر مىللىتى ئىكەنلىكىنى شەرھلىدى.

1927- يىلى قادىر ھاجى باشلىق قەشقەرلىكلەر، تاشكەنتنى مەركەز قىلىپ، «قۇتۇلۇش» گېزىتىنى چىقىرىپ، بۇ گېزىتتە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۆز مەۋقەلىرىنى ئىپادىلىدى. ئاساسلىق توقۇنۇش قەشقەرلىك بىلەن تارانچىنىڭ ئايرىم مىللەت ئىكەنلىكى مەسىلىسى بولۇپ، بۇ ھەر ئىككىلا گۇرۇپپا ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىسىمۇ، بىراق قەشقەرلىكلەر گۇرۇپپىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر قەشقەرلىك ھەقىقىي ئۇيغۇر، تارانچى ھەقىقىي ئۇيغۇر ئەمەس دېگەن نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇردى.

تارانچى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى «كەمبەغەللەر ئاۋازى» دا ماقالە ئېلان قىلىپ، ئۆز مەۋقەلىرىنى ئىپادىلىدى، شۇنچە كۆچلۈك سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئىككى گۇرۇپپىسىنىڭ مۇنداق سوۋېت مەتبۇئاتلىرىغا تايىنىپ، قەشقەرلىك –تارانچى كۆرىشى قىلىشىغا قاراپ تۇردى. ھەتتا 1926- يىلىدىكى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نوپۇس تەكشۈرۈش جەدۋىلىدە ئۇيغۇرلار تارانچى، قەشقەرلىك ۋە ئۇيغۇر دېگەن ئۈچ خىل نام بىلەن خاتىرىلىنىپ، ئۈچ مىللەت سۈپىتىدە يېزىلدى.

قادىر ھاجى قاتارلىقلار ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىقلارنى «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ تارقىتىۋېتىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبكار دەپ چۈشەنگەن ھەم قارىلىغان ئىدى. قادىر ھاجى 1928- يىلى، «قۇتۇلۇش» گېزىتىنىڭ 57-56سانىدا، «پارتىيە يولىغا كىرىپ، پارتىيە يولىنى توسما» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىپ، ئابدۇللا روزىباقىيېفنى «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ تاقىلىشىغا سەۋەب بولدى ھەمدە ئابدۇراخمان ماخمۇدوف، پوللت خوجايېف، سابىر ئەخمەت قاتارلىقلارنىڭ ئەنۋەر پاشاغا قوشۇلۇپ كېتىشكە پۇرسەت يارىتىپ بەردى، ئەنۋەر پاشا بىلەن مۇناسىۋىتى بار» دەپ قارىلىغانلىقى ئۈچۈن قازاقىستان كومپارتىيەسى بۇ ئەھۋالنى تەكشۈردى، ئۆزبېكىستان كومپارتىيەسىدىن قادىر ھاجىنى تەكشۈرۈش، ھەتتا ئۇنىڭ پارتىيە ئەزالىق مەسىلىسى قايتىدىن ئويلىشىنى تەلەپ قىلدى.[54]

**خاتىمە**

1917- يىلى رۇسىيەدە يۈز بەرگەن ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشى ئىنسانىيەت تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ سەھىپە بولۇپ قالدى، دۇنيادا تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ

(54) كومىمۇنار تالىپوف.

مەيدانغا كېلىشى بىلەن دۇنيا ئىككى ئىقتىسادىي ۋە ئىدېئولوگىيەلىك لاگېرغا بۆلۈندى. ھاكىمىيەت ئۈچۈن داۋاملاشقان كۈرەشلەر مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بولسىمۇ، ئەمما دۇنيا خەرىتىسىدە يېڭى دۆلەتلەر مەيدانغا كەلدى. ئەنە شۇ ئۆكتەبىر ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە جۇڭگونىڭ سىياسىي ھاياتى يېڭى بىر كۈرەش باسقۇچىغا كىرىپ، سوۋېت رۇسىيەسى بۇ زېمىندىكى خەلقلەر ۋە ھۆكۈمەتلەر بىلەن بىر قاتار مۇناسىۋەتلەر ئورناتقان، بەزىلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ۋە قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىستراتېگىيەلىك ئويۇنلىرى ئۈچۈن قارتا قىلدى. 1924-1918- يىلىغىچە بولغان لېنىن دەۋرىدىكى سوۋېت تاشقى سىياسىي ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر ئېلى مەلۇم سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى دائىم موسكۋا ۋە تاشكەنتتىكى يۇقىرى سوۋېت ھاكىمىيەت ۋە پارتىيە ئورگانلىرىدا ھەمدە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالدا مۇزاكىرە تېمىسى بولدى. بۇ مەسىلىگە سوۋېت رەھبەرلىرىدىن لېنىن، ستالىن، تروتسكىي، چىچېرىن، كاراخان، زىنوۋيېۋ، رۇدزۇتاك ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئارىلاشتى.

سوۋېت رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىشلىرىغا مەسئۇل رەھبەرلىرىدىن رۇدزۇتاك ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى بائۇمان ۋە باشقا تۈركىستان كومىسسىيەسى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا بيۇروسىنىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر ئېلىنى «ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش» ۋە «سوۋېتلاشتۇرۇش» پىكىرلىرى ئىزچىل داۋاملىشىپ، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوزغاش ۋە ياكى ئۇلارنىڭ «جۇڭگو مىلىتارىست» لىرى ۋە «ئەزگۈچىلىرى» نىڭ قولىدىن ئازاد بولۇپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى قۇرۇشىغا ياردەم بېرىش تەشەببۇسىدا بولدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىنقىلابلارنىڭ ھەممىسى لېنىننىڭ مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەش نەزەرىيەسىگە ئۇيغۇن، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئىدى.

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالمۇ ئىزچىل تۈردە بۇ جايدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى قوزغاش ۋە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلق ۋەكىللىرىدىن مەخسۇس خادىملارنى قەشقەرىيە ۋە باشقا جايلارغا ئەۋەتىپ، تەشۋىقات-تەرغىبات ھەم مەخپىي تەشكىلاتلارغا ئۇيۇشتۇرۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. 1921-1920- يىللىرى ئارىسىدا

مەۋجۇت بولغان كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ تۈركىستان بيۇروسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيەدىكى ئىنقىلاب ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش ئىدى. ئەنجان ۋە ئالمۇتىدا قۇرۇلغان ئىككى شۆبە مەركەز كونكرېت ئىشلارنى ئېلىپ بارغان ئىدى.

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ 1920- يىلى، باكۇدا ئۆتكۈزۈلگەن بىرىنچى قېتىملىق پۈتۈن شەرق خەلقلىرى قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىدىمۇ جۇڭگو ۋە قەشقەر ئىمپېرىئالىستلارغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدىغان ئەللەر قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدىغان ئەللەر قاتارىدا «قەشقەر» ئايرىم بىر ئەل سۈپىتىدە خاتىرىگە ئېلىنغان ئىدى. قەشقەرىيە ئۇيغۇرلىرىدىن ئابدۇراخمان ماخمۇدوف مەزكۇر قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسەتتىدىن ئورۇن ئالدى ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ «شەرقتە ئىنقىلاب تەشۋىقاتى ۋە ھەرىكەت قىلىش كومىتېتى» نىڭ ئەزاسى بولغان ئىدى.

كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالنىڭ شەرقتە، جۈملىدىن ئۇيغۇر دىيارىدا ئىنقىلاب قوزغاش ۋە ئىنقىلابلارغا ياردەم بېرىش سىياسىتى سوۋېت رۇسىيەسى كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارلىرى ۋە جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان شەرق سىياسىتى بىلەن دائىم توقۇنۇشۇپ قالغان بولۇپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونال رۇسىيە كومپارتىيەسىنىڭ كونتروللۇقى ۋە ئىقتىسادىي مەبلىغى ئاستىدا بولغانلىقى ئۈچۈن كرېملىنىڭ قارارىنى ئاڭلىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

سوۋېت ئالىي رەھبەرلىرىدىن لېنىن ۋە ستالىن قاتارلىقلار تاشقى ئىشلار رەھبەرلىرىدىن چىچېرىن، كاراخان، يوففې قاتارلىقلارنىڭ سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ دۇنياۋى ئورنى ۋە ئابرۇيىنى تىكلەش نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپ، ئانتانتا دۆلەتلىرىگە قاتتىق قول مۇئامىلە ئەمەس، بەلكى يۇمشاقراق دىپلوماتىيە ۋاستىسى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ سوۋېت رۇسىيەسىنى يېتىم قالدۇرۇشتىن قۇتۇلۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن شەرق خەلقلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلەرگە قارشى قوراللىق ھەرىكەتلىرىنى ئاشكارا قوللاشنى زىيانلىق دەپ قارىدى. ئەنە شۇ تاشقى ئىشلار ساھەسىدىكىلەر، يەنى گېئورگىي چىچېرىن، لېۋ كاراخان ۋە ئابرام يوففې ھەم باشقىلار بۇ خىل ئىدىيەنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى.

قىسقىسى، ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئىنقىلاب ھەرىكىتى مەسىلىسىدە سوۋېت رەھبەرلىك

قاتلىمىدا دائىم ئىككى خىل كۆز قاراش داۋاملىشىپ، لېنىن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ستالىن گۇرۇھى ئۇيغۇر ئىنقىلابىنى قوللىماسلىق قارارىنى قوللىدى. قوللىماسلىق قارارىنىڭ چىقىرىلىشىدا چىچېرىن، كاراخان، يوففې ۋە باشقا دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى ئەربابلار مۇھىم رول ئوينىدى.

1924 - يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو ۋە غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆزگىرىشىدىن كېيىن، سابىق ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى، يەتتەسۇ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى بيۇروسىنىڭ سېكرېتارى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ موسكۋادىكى سۋېردلوۋ كوممۇنىستىك ئۇنىۋېرستېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى. مەزكۇر ئۇنىۋېرستېتقا يەنە قەشقەرىيەلىك ئۇيغۇرلارنىڭ باشلامچىسى قادىر ھاجىمۇ ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى.

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ستالىننىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى نەزەرىيەسى بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي تەقدىرىنىڭ 400 مىليون جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ، كەلگۈسى ئۇيغۇر سىياسىي تەقدىرى ھەققىدە مۇنداق يەكۈن چىقاردى:

«بەش مىليونلۇق ئۇيغۇرىستاننىڭ ئازادلىقى 400 مىليونلۇق خەلقىنىڭ كۈرەشتىكى غالىبىيىتىگە باغلىق. لېكىن، ئۇيغۇرىستاننىڭ ئىستىقبالىنى جۇڭگو ئازادلىقىغا باغلاش بىلەن قانائەتلەنگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئۇيقۇدىن تۇرۇپ، جۇڭگو ئىشچىلىرى، دېھقانلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش مەيدانىغا قانچىلىك بۇرۇنراق كىرسە، شۇنچىلىك جۇڭگو ئىنقىلابچىلىرىغا ياردەم كۆرسەتكەن بولىدۇ ۋە شۇ قەدەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىقى يېقىنلىشىدۇ. ئازادلىق كۆپچىلىك خەلقنىڭ ھەرىكىتى بىلەن كېلىدىغان نەرسە. جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەرىكىتى كۈچەيمەكتە. ئەمدىكى نۆۋەت ئۇيغۇر خەلقىدە.»(55)

بۇ نۇقتىئىنەزەر ئۇنىڭ موسكۋادىكى سۋېردلوۋ ئۇنىۋېرستېتىدا ئوقۇش جەريانىدا ئالغان تەلىمى ۋە سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈشىنىڭ خۇلاسىسى ئىدى خالاس. ھەقىقەتەن ستالىن خۇددى ئابدۇللا روزىباقىيېۋقا ئۆگەتكەندەك ئۇيغۇرلارنىڭ 1924- يىلىدىن

(55) ئابدۇللا روزىباقىيېۋ. ئىستىبدات خىتايدا ئازادلىق ھەرىكىتى-ئۇيغۇرىستان. كەمبەغەللەر ئاۋازى. 1925-يىلى، 13-ئىيۇن.

كېيىنكى تەقدىرىنى تاكى 1950- يىلىغىچە ئەنە شۇ پروگرامما ئاستىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئىدى. روزىباقىيېۋنىڭ بۇ يەكۈنى سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ ھېچقاچان ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقىغا ياردەم بەرمەيدىغانلىقى، ئەمما كېرەك بولسا، داۋاملىق شاھمات پېچكىسى قىلىپ ئوينايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، 1921- يىلى، 4-ئىيۇندا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن رۇسىيە كومپارتىيەسىنىڭ سىياسىي بيۇروسىنىڭ يىغىنىدا لېنىن ئەسلى شەرق خەلقلىرىگە بەرگەن ۋەدىلىرى بويىچە قەشقەرىيە ۋە جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش لايىھەسىنى قوللىغان بولسا، بۈگۈنكى جۇڭگو تارىخى ۋە خەرىتىسى باشقىچە سىزىلغان بولار ئىدى. دۇنيا خەرىتىسىدە، ب د ت نىڭ ئەزالىرى قاتارىدا ئۇيغۇر جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئورنى بولغان بولار ئىدى.

نېمە ئۈچۈندۇر ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ھەرىكىتىنىڭ پانتۈركىزمغا، يەنى ئورتاق تۈرك دۆلەتچىلىك ئېڭى بىلەن بىرلىشىپ كېتىش خەتىرىگە ئەرمەن مىللىتىدىن كېلىپ چىققان ل. كاراخان، گرۇزىنلاردىن كېلىپ چىققان ي. ستالىن، قىرىملىق، ئەمما قارايىملاردىن كېلىپ چىققان يوففې ۋە كۈچلۈك سلاۋىيان ئاق سۆڭەك مىللەتچىسى گېئورگىي چىچېرىن تەرىپىدىن بەكرەك ئىشەندۈرۈلدى؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلاردىكى پانتۈركىزم خەۋپىگە نازۇكلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلدى. بەلكى بۇلار 1915- يىلىدىكى، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئوسمانلى بىلەن ئەرمەنلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇشلار ھەمدە ئوسمانلىنىڭ كاۋكازىيەدە دائىم ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش تارىخى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، ئەسلى-كاۋكازىيە-قىرىملىق بولغان بۇ زاتلار رۇسىيەنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى بىلەن بولغان ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلىرىنىڭ ئالدىن سەپ رايونلىرىدا ئاپىرىدە بولغان بولغاچقا، بەلكى ئۇلاردا «پانتۈركىزم» خەۋپى ۋە چۈشەنچىسى بەكرەك كۈچلۈك بولغان بولسا كېرەك. بۇ زاتلار تۈرك دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئالدىغا دۆلەت قۇرۇشنى تۈركلەرنىڭ سىياسىي چېگراسىنىڭ بەك كېڭىيىپ كېتىشى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلغان بولسا كېرەك. ئەنۋەر پاشانىڭ ئىسيانى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بىرلەشتۈرۈپ، ئورتاق تۇران دۆلىتى قۇرۇش شوئارى ھەمدە بۇ ئىدىيەگە «ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» نىڭ بىر قىسىم رەھبىرىي ئەزالىرىنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى ستالىن، چىچېرىن، كاراخان باشلىق پانتۈركىزم خەۋپىدىن ئەنسىرەيدىغان يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان شەخسلەرنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابىغا قارشى چىقىشىنى ئاساس بىلەن

تەمىنلىگەن ئىدى.

بىراق، ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ئوسمانلى-تۈرك ئىمپېرىيەسى بىلەن بىۋاستە رەقىبلىك تۇيغۇسى كۈچلۈك بولمىغان بالتىق دېڭىز بويىدىكى لاتۋىيەدە لاتىش مىللىتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ئىككى لاتىش كوممۇنىست ئىنقىلابچىسى، رۇسىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا بىيۇروسىنىڭ سېكرېتارلىرى يان رۇدزۇتاك بىلەن كارىل بائۇمان (1934-1931- يىللىرى) ئۇيغۇر ئېلىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللاپ مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئىدىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنى پانتۈركىزم بىلەن باغلىمىدى؟

لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت رۇسىيەسى 1922- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن رۇسىيە بويىچە ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىدى. 1922- يىلى، لېنىن سوۋېت ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ چىقتى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكازىيە باشقا جايلاردىكى جۇمھۇرىيەتلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئەزا قىلىش يولى بىلەن ئۇلارنىڭ مۇستەقىللىقى، ياكى يېرىم مۇستەقىللىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بارلىق ھوقۇقنى كرېملىغا مەركەزلەشتۈرۈشكە كىرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىدىن مىللىي سىياسەت بەلگىلەپ، ئېتنىك چېگرالارنى ئايرىپ، مىللىي ئىتتىپاقداش ۋە ئاپتونومىيەلىك جۇمھۇرىيەتلەر ھەم ئاپتونومىيەلىك ئوبلاستلارنى قۇرۇشنى باشلىدى.

1924- يىلى، 21-يانۋار كۈنى، قەشقەرىيە-جۇڭغارىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشقا قارشى چىققان ۋلادىمىر ئىلىئچ لېنىن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. بىراق، ئۇنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقنى تولۇق ئىگىلىگەن يوسىف ستالىن يەنە شۇ لېنىن دەۋرىدە بېكىتىلگەن جۇڭگو ئىستراتېگىيەسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى قوللىماسلىق سىياسىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

1924- يىلى، يەتتەسۇ ۋە پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار (تارانچىلار ۋە قەشقەرلىكلەر) لېنىننىڭ مىللىي سىياسىتى بويىچە ئۆزلىرى توپلىشىپ ياشىغان جايدا ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قولايلىق رايون يەتتەسۇ بولۇپ، يەتتەسۇ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ئوبلاستلىق بىيۇروسى ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ باشچىلىقىدا1924- يىلى، 11-ئايدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، يەتتەسۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىدىيە سوۋېت رەھبەرلىرى تەرىپىدىنمۇ رەت قىلىندى ھەتتا يەتتەسۇ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ

لېنىننىڭ شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى

ئوبلاستلىق بيۇروسى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى.

ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلارنى رۇسىيەگە كۆچۈپ كەلگەن خەلق، يەنى رۇسىيەنىڭ يەرلىك خەلقى ئەمەس دەپ بېكىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئېرىشىش سالاھىيىتى يوقلۇقىنى بېكىتتى. بىراق، ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنىدە ئازادلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش غايىسىدىن ھېچقاچان ۋاز كەچمىگەن بولۇپ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىيونالىمۇ چەكلىك يوسۇندا بۇ ئىدىيەنى يەنىلا داۋاملاشتۇردى. 1927-يىلىغا كەلگەندە تاشقى ئىشلار خەلق كومىسسارى كاراخان قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ستالىن رەھبەرلىكىدىكى رۇسىيە كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يەنە بىر قېتىم قارار قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارماسلىق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى شەرتسىز توختىتىش بۇيرۇقى ئېلان قىلدى. مەزكۇر قارار 1921- يىلى 4-ئىيۇندىكى قاراردىن قەتئىي ۋە قاتتىق بولۇپ، بۇ موسكۋانىڭ جۇڭگو گومىنداڭ ۋە ئۇيغۇر ئېلىغا قاراتقان سىياسىتىگە بىۋاستە چېتىشلىق ئىدى.

«ئالتىشەھەر – جۇڭغار ئىشچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىنقىلابى ئىتتىپاقى» ۋە «يەتتەسۇ ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ ئوبلاستلىق بيۇروسى» نىڭ تارقىتىۋېتىلىشى ئۇيغۇر ئېلىدە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلاب ئارقىلىق مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇشنى قوللىماسلىقتىن ئىبارەت كرېمىلنىڭ مەركىزىي سىياسىي قارارنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، بۇ قارار كرېمىلنىڭ جۇڭگو ۋە غەرب سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن چىقىرىلغان ئىدى. ئەمما مەزكۇر ئۇيغۇر پارتىيەسىز ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپلارمۇ مەلۇم دەرىجىدىكى ئامىللىق رولىغا ئىگە دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ئىختىلاپلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەشقەرىيەدىن چىققان گۇرۇپپىسى بىلەن ئىلى ۋادىسىدىن چىققان گۇرۇپپىسىنىڭ بىر-بىرىنى قەشقەرلىك ۋە تارانچى دەپ ئايرىپ، ئورتاق ئۇيغۇر مىللىي كىملىك روھىنىڭ تىكلىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىش خاھىشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان «قەشقەرلىك – تارانچى ماجىراسى» ئىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ «ماجىرا » باشقا مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان سوۋېت رەھبەرلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇر ئىنقىلابىغا نىسبەتەن سەلبىي قاراشتا بولۇشىدىمۇ رول ئوينىغان بولۇشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمىسا كېرەك. ■ مۇھەررىرى ۋە كوررېكتورى: ئا.ئاقھۇن

دوكتور ئۆمەرجان نۇرى[1]

# بۇرھان شەھىدىنىڭ تەرجىمىھالىدىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھقىق

بۇرھان (1894؟-1989)- ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، سوۋېتلار ئىتتىپاقى، مىللەتچى چىن ۋە كوممۇنىست چىندىن ئىبارەت ئالتە ھۆكۈمەتنىڭ «ئىلتىپاتى» غا ئېرىشەلىگەن، 1949- يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تىنچلىق بىلەن كوممۇنىست چىنىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن شەخس. ئۇيغۇرلارنىڭ 77 يىللىق تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان بۇرھان ھاياتىدا ئۈچ قېتىم تەرجىمىھالىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆلكە رەئىسى، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ۋە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى بىرنەچچە ئېنىستۇتنىڭ مۇدىرى بولۇشتەك بىر قاتار مۇھىم مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن. ئېقىپ يۈرگەن لۇغەت - قامۇسلاردا يېزىلغان تەرجىمىھاللاردا كۆرسىتىلىشىچە، بۇرھان 1894- يىلى قازاننىڭ تېتىش ناھىيەسى ئاقسۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1907- يىلى مەھمۇدىيە مەدرىسىسىگە كىرگەن. 1909- يىلى كىتابخانىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەن. 1911- يىلى ئىسمائىل ھاجىنىڭ قولىدا ئىشلىگەن، 1912- يىلى ئۈرۈمچىگە كەلگەن، 1914- يىلى چىن پۇقرالىقىغا ئۆتكەن، ياڭ زېڭشىن 1921. چۆچەككە باج مەمۇرلىقىغا تەيىنلىگەن، 1922- يىلى ئات فېرمىسىنىڭ ھەيئىتى، 1925- يىلى ماشىنا شىركىتىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلەنگەن. جىن شۇرېن 1929- يىلى گېرمانىيەگە قورال - ياراغ سېتىۋېلىشقا ئەۋەتكەن. 1930- يىلى بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن. شېڭ شىسەي 1933- يىلى ئالتايغا ئەۋەتكەن،1937- يىلى زايساندا تۇرۇشلۇق كونسۇللۇققا تەيىنلەنگەن. 1938- يىلى تۈرمىگە تاشلىنىپ 1944- يىلى قويۇپ بېرىلگەن.1946- يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. 1949- يىلى بىرىنچى ئايدا ئۆلكە رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. 1955- يىلغىچە ئۈرۈمچىدە، 1955-

(1) ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى، تىل ۋە تارىخ-جوغراپىيە پاكۇلتېتى، تارىخ بۆلۈمى دوكتور ئاسپىرانتى.

يىلىدىن 1966- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بېيجىڭدا ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1966- يىلى ئۈرۈمچىگە قوغلانغان، 1977- يىلى كېسەل سەۋەبىدىن بېيجىڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بېيجىڭدا تۇرغان. بۇرھان ھاياتىدا زىيالىي، شىركەت مۇدىرى، سىياسىيون، مەمۇرىي ئەمەلدار بولۇشتەك كۆپ خىل سىما بىلەن كۆرۈنۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزىنى سېھىرلىيەلىگەن شەخس[2].

بۇرھاننىڭ يۇقىرىقى تەرجىمھالى ئومۇملىشىپ بولغان بولسىمۇ، 1949- يىلى 1- ئاينىڭ 10- كۈنى <جوڭياڭ رىباۋ> گېزىتىدە ئېلان قىلغان تەرجىمھالى، <شىنجاڭدا ئۆتكەن 50 يىلىم>[3] دېگەن كىتابىدىكى تەرجىمھال خاراكتېرلىك ھايات ھېكايىسى ۋە ئۆلۈمىدىن كېيىن تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن نەشرى قىلىنغان <شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى - 44> دىكى ئەسلىمىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بۇرھاننىڭ يېشى، يۇرتى، مىللىتى، ئوقۇش تارىخى ۋە 1915- يىللاردىكى تارىخىنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى ۋە بەزى تارىخنى يوشۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

بۇرھاننىڭ ئۆزگەرتىلگەن تەرجىمھالى ۋە يوشۇرۇپ قېلىنغان ئۆتمۈشى ئۇنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان بىردىن بىر ئىسپات بولغاچقا، بۇرھاننىڭ تەرجىمھالىدىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھقىق يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.



(سولدىن ئوڭغا: جۇدې، لىيۇ شاۋچى، سەيفىددىن تاشاخۇنوف ئەزىزى، ماۋزېدۇڭ ، بۇرھان شەھىدى، جۇ ئېنلەي، دېڭ لىچۈن ۋە تەرجىمان شاۋلىزى)

(2) 纪大春主编：新疆历史词典，新疆人民出版社，1993年版。中国伊斯兰百科全书，第90页，四川辞书出版社， 1994年版。
(3) 包尔汉：新疆50年，文史资料出版社，1984，北京.。

بۇرھاننىڭ ئاشكارا ئېلان قىلىنغان تۇنجى تەرجىمىھالى نەنجىڭدە نەشرى قىلىنغان «جوڭياڭ رىباۋ» گېزىتىنىڭ 1949- يىلى 1- ئاينىڭ 10- كۈنىدىكى سانىدا:- بۇ يىل 52 ياش، ئاقسۇلۇق، ئۇيغۇر، 1912-1916- يىللىرى بېرلىندا ئوقۇغان، دەپ تونۇشتۇرۇلغان تەرجىمىھالىدىكى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتا گۇمانلىق:

1- بۇرھان 1949- يىلى 52 ياش بولسا، 1897- يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ. ئەمما، باشقا تەرجىمىھاللارنىڭ ھەممىسىدە 1894- يىلى تۇغۇلغان ، دەپ كۆرسىتىلگەن.

2- بۇرھاننىڭ بوۋىسى غۇبەيدۇللاھ: -بوۋام شىنجاڭنىڭ ئاقسۇدىن كەلگەن، دېگەن[4]. ئۇيغۇرلارنىڭ قازان تەرەپكە كۆچۈپ بېرىش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاقمايمىز. چۈنكى، مۇرات رەمزىنىڭ تاغىسى قازاندىكى «موللا ئىسمائىل كاشغەريي»نىڭ تالىپى ئىدى[5]. ئامما، بۇرھاننىڭ ئەجدادى ئاقسۇدىن بولسا بۇرھاننىڭ پۈتۈن جەمەتى سېرىق چاچ، كۆك كۆز، بەلىش (تاتار يېمىكى) يەيدىغانلاردىن[6] بولماستىن، بەلكى ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرى تىپىدە بولاتتى. 1947- يىلى «يۇرتى ئاقسۇنىڭ قۇمباش» نى زىيارەت قىلغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرگەن بولسىمۇ، بۇ زىيارەتنى ھېچقانداق تەرجىمىھالىغا كىرگۈزمىگەن.

3. بۇرھان 1912-1916- يىللىرى بېرلىندا ئوقۇغانلىقىنى يازغان بولسىمۇ، ئورۇنبۇرگدا نەشرى قىلىنغان «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1913- يىلى 4- ئاينىڭ 5- كۈنىدىن 1915- يىلى 6- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە بولغان سانلىرىدا بۇرھاننىڭ ئۈرۈمچىدىن ئەۋەتكەن 11 پارچە خەۋەر ئېلان قىلغان[7]. شۇ ئارقىلىق 1912-1916- يىلىغىچە ئۈرۈمچىدىكى پائالىيەتلىرىنى يوشۇرغان. ئەمەلىيەتتە بۇرھاننىڭ بېرلىندا ئوقۇغان ۋاقتى 1930- يىلىدىن 1933- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولۇپ، بۇ يەردە 1915- يىللارنىڭ ئالدى كەينىدىكى تارىخى يوشۇرۇلغان.

4- بۇرھان 1914- يىلىدىن 1920- يىلىغىچە ئارىلىقتىكى تارىخنى يوشۇرۇشتىكى سەۋەب بولسا، بۇرھان ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاكتىپ ئىجتىمائىي پائالىيەتتە بولغان، ھەتتا، 1918- يىلى ئەخمەت كامال تۈرمىدە «يېڭى ھايات» گېزىتىنى چىقارسا،

(4)包尔汉：新疆50年，文史资料出版社，1页，1984，北京.。

(5) TEMİR, Ahmet (1986), Doğumunun 130 ve Ölümünün 50. yılı Dolaysıyla Kazanlı Tarihçi Murad Remzi (1854 – 1934), Belleten, C L, Ağustos 1986, sayı 197.

(6) 1948- يىلىدىن بېرى بۇرھان بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغان مەشھۇر تەرجىمان، لۇشۇنشۇناس توختى باقى ئارتىشنىڭ ئىسپاتىدىن.

(7)大石真一郎: 『ワクト』紙上のブルハン.シャヒドの記事について，西南アジア研究，No 49, 1998, pp 68-84.

بۇرھان ئېلىپ كېتىپ ئۈرۈمچىدە تارقىتىدۇ، بۇرھان ئۆزىمۇ <تۇران> دېگەن گېزىتنى چىقىرىدۇ[8]. ئەمما بۇرھان، <يېڭى ھايات> گېزىتىنى 1922- يىلى مىرزاجان بىلەن چىقارغانلىقىنى يېزىپ[9]، ئەخمەت كامال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى پۈتۈنلەي يوشۇرۇپ قالىدۇ. ھەتتا، بۇ مەزگىلدىكى تارىخنى يوشۇرۇش ئۈچۈن <بۇرھان شەھىدۇللاھ> دېگەن ئىسمىنى <بۇرھان شەھىدى> گە قىسقارتىپ قوللىنىدۇ.

ئەخمەت كامالنىڭ خاتىرىسىنىڭ راستلىقى دەلىللەيدىغان، بۇرھاننىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان تۇنجى رەسمى 1918- يىلى ئۈرۈمچىدە تارتىلغان بولۇپ، مەزكۇر رەسىم بۇرھان ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەيدەر سايرانى باشلاپ كەلگەن تاتار زىيالىيلارنىڭ تۇرپانغا قاچان كەلگەنلىكى ھەققىدىمۇ تارىخى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەخمەت كامالنىڭ خاتىرىسىدە تەمىنلەنگەن مەنبە بۇرھان ئۆز ئەسلىمىسىدە يوشۇرۇپ قالغان بۇ ۋاقىتتىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى بىردىن بىر يىپ ئۇچىدۇر. بۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، بۇرھان ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، جەدىتچىلىك پائالىيىتىگە قاتناشقان دەپ قارايمىز. چۈنكى، بۇ ۋاقىتلاردا بۇرھان، ئەخمەت كامال چىقارغان گېزىتنى تارقىتىش بىلەن بىرگە ئۆزىمۇ گېزىت چىقارغان. ھەتتا، تاتار - ئۆزبېكلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، قىينىچىلىقتا قالغان مەكتەپنىڭ راۋاجى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان[10].



(ئالدىنقى رەت ئوڭدىن سولغا 1- ئىبراھىم ئەپەندى، 2- ھەيدەر ئەپەندى، 3- بۇرھان شەھدۇللاھ، 4- ئەخمەت كەمال، 5- ھەسەن فەھمى ، 6- مۇستافابەگ).

(8) Ahmet Kemal ilkul: Çin-Türkistan Hatıraları, ötüken, 1999, istanbul, sayfa 225, 228.
(9)包尔汉：新疆五十年，文史资料出版社，102页，1984，北京.
(10) مەجىت ئابۇزەر: 1920. يىللىرى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئەھۋالىدىن قىسقىچە ئەسلىمە، شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى، 117. بەت، 13. قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984. يىلى نەشرى.

5- بۇرھان 1929- يىلى بېرلىندا زەكى ۋەلىدى توغان بىلەن كۆرۈشكەندە ئۆزىنىڭ ئاشىرى تۈركچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن[11]. ئەمما، 1942- يىلىدىن كېيىن ئۆزىنى ئائىلىسى بويىچە ئۇرۇمچىگە قېچىپ كېلىشكە مەجبۇرلىغان رۇسلارنىڭ قوچىقىدا ئوينىغان. بەلكىم بۇنىڭغا 1938- يىلىدىن 1944- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۆتكەن يەتتە يىللىق ھاياتى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇرھان بىلەن تۈرمىداش مەنسۇر ئەپەندىنى سوۋېتلىكلەر قۇتقۇزۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن[12]. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن پۈتۈنلەي سوۋېتپەرەس بولۇپ چىقىدۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، بىتىمدىن كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولىدۇ.

6- بۇرھان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇشى بولسا، ئەخمەتجان قاسىموف ناۋادا شېڭ شىسەيدەك رۇسلارغا خىيانەت قىلسا، جەنۇب ۋە شەرقتىكى يەتتە ۋىلايەتنى تۇتۇپ تۇرۇپ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن بېرىلگەن ۋەزىپە. يەنى، سوۋېتلار ئىتتىپاقى ئەسلى <شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى> نىڭ رەئىسلىك نامزاتىغا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنى قارار قىلغان[13]. ئەمما، ستالىن ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ مۇستەقىللىق ئىدىيەسى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن <شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى> نىڭ رەئىسى نامزاتىدىن قالدۇرۇلۇپ، مىللەتنىڭ ھەققىنى ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىگە ساتالايدىغان، ئەسلى رۇس پۇقراسى بولمىش ئېلىخان تۆرىنى چىقارغان، ئارقىدىن يەنە ئېلىخان تۆرىنىڭ ئورنىغا ئەخمەتجان قاسىموفنى چىقىرىپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرغۇزغان، 1946- يىلى ئەخمەتجان، ستالىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مىللىي قۇرۇلتايدا مۇختارىيەت تەلەپ قىلغان بولسىمۇ جىياڭ جېيشى مۇختارىيەت بەرمىگەن. بۇ ۋاقىتتا يەنئەندىكى ماۋزېدۇڭ <شىنخۇا ربااۋ> دا بايانات ئېلان قىلىپ، جىياڭ جېيشى بەرمىگەن مۇختارىيەتنى بىز بېرىمىز، دەپ جار سالغان. شۇنىڭ بىلەن ئەخمەتجان، ئابباسوفنى دوڭ بىۋۇ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتكەن[14]. ئامېرىكىنىڭ قوللىشى بىلەن مىللەتچى چىن ئارمىيەسى ئۇيغۇر ئېلىگە كىرگەندىن كېيىن ستالىن، بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى ئەخمەتجان قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتتىن كەلگەنلەرنى قايتۇرۇپ كەتكەن. ئەخمەتجانىنىڭ ئابباسوف ئارقىلىق ماۋزېدۇڭ بىلەن يېقىنلىششىنى ئۆزىگە ئاسىيلىق دەپ بىلگەن ستالىن ئاخىرى جۇڭخۇا

(11) Z. V. Togan: Hatıralar, Diyanet Vakfı yayınları, 1999, Ankara, Sayfa 482.

(12) مەشۇر روزىيېف: ئۇيغۇر زېمىندا، 2012. يىلى، ئىستانبۇل نەشرى.

(13) 张紫葛：雪域黄沙，贵州人民出版社，1993.

(14) 玛依努尔：回忆阿合买提江，文史资料出版社，2011年，北京。

خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەخمەتجان قاتارلىق باشلىقلارنى يوقىتىپ، بۇ سالاھىيىتى بولمىغان سەيپىددىننى بېيجىڭغا ئەۋەتكەن. مۇشۇ جەريانىدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن يەنە ۋىلايەتنىڭ تەڭپۇڭلىقىنى ساقلىيالايدىغان ئىشەنچلىك ئادەم- سوۋېتپەرەس بۇرھان مۇھىم رول ئوينىغان.

7- بۇرھان 1950- يىللاردىن كېيىن ماۋزېدۇڭنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن بەزى ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ 1920-1915- يىللىرىدىكى تارىخىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئەرەب ساختىپەز، خوتۇنپۇرۇش شامى داموللىنى پانتۈركىست، پانئىسلامىست قىلىپ تونۇشتۇرغان[15]. بۇنى بىردىن بىر يىپ ئۇچى قىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۆلىمالار يازغان ئاتالمىش تەتقىقاتىدا بۇ مەسىلىلەر بۇرھانىنىڭ يازغىنى بويىچە تارقىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ[16].

8- كېيىنكى كۈنلەردە بۇرھان <شىنجاڭدا ئۆتكەن 50 يىلىم> دېگەن كىتابىنى ئۆزى يازمىغانلىقىنى ئېيتقان[17]. بۇرھانىنىڭ 90 يېشىدا چىنچە بىر ئەسلىمە يازالماسلىقى ئېنىق . ئەمما، ئىلگىرى يازغان <تارىخى ماتېرىياللار> غا يېزىپ بەرگەن ئەسلىمىلىرى[18] گە ئاساسەن خەنسۇ كاتىپلىرى تەرىپىدىن رەتلىنىپ كىتاب قىلىنغانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ.

9- ئامېرىكا 1949- يىلى سوۋېتكە قارشى بىر مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن، ئوسمان باتۇرنى قوللايدۇ. ستالىن، ئامېرىكىنىڭ بۇ پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرماسلىق ئۈچۈن لەنجۇدىكى قىزىل ئارمىيەنى ئايروپىلان ۋە ماشىنا ئەۋەتىپ قومۇل - ئۈرۈمچىگە توشۇپ ئەكېلىدۇ. بۇ پىلانىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا ماددىي ۋە ئاممىۋىي جەھەتتىن ئارقا سەپتە تۇرۇپ تەمىناتقا تولۇق كاپالەتلىك قىلغان شەخس- بۇرھاندۇر.

10- بۇرھان ئەسلىمىسىدە 1930- يىللاردا تاھىربەگ ۋە يۇنۇسبەگلەر بىلەن تەشكىلات قۇرغانلىقىنى يازغان بولسىمۇ، خېۋىر تۆمۈر تۆمۈردەك پاكىتلار ئارقىلىق بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىدۇ[19].

(15) 包尔汉：泛伊斯兰主义和反土耳其主义在新疆的兴灭、包尔汉选集，pp 128，民族出版社，1988, 北京.

(16) 杨发仁主编：泛伊斯兰主义，泛突厥主义研究，1994年，乌鲁木齐。 قاراڭ

(17) سۈيۈنگۈل چانىشېف: ماناس دەرياسىدا تۇتقۇن، 2012، ئىستانبۇل.

(18) 新疆文史资料精选，第1,2 ,3 辑，1998， 新疆人民出版社。 قاراڭ

(19) خېۋىر تۆمۈر ئەپەندىنىڭ خوتەندىكى ئوغلى مەرھۇم غوپۇر خېۋىرنىڭ ئارخىپىدا ساقلانغان بۇ ماقالە كېيىن، <بۇرھانغا رەددىيە>، <بۇرھانىنىڭ شىنجاڭنىڭ ٥٠ يىلىغا باھا> دېگەن تېما بىلەن ئىنتېرنېت تورىدا ئېلان قىلىنغان.

11- بۇرھان گەرچە ئۆزىنى ئۇيغۇر قىلىپ كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سوۋېت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئۇيغۇر ئەمەسلىكى جۇ ئېنلەيگە مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسلىكى سەيپىددىنگە بېرىلگەن.

12- بۇرھان تۈرمىدە <ئۇيغۇرچە- خەنسۇچە-رۇسچە لۇغەت> تۈزگەن. كېيىن <كۈرەشتىكى قاندەك دوستلۇق> دېگەن درامىسىنى يازغان، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ۋە ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدىكى تارىخلار ھەققىدىكى ئەسلىمىسىنى ئېلان قىلدۇرغان. تۈرمىدە <ئۈچ مەسىلەك> نى تەرجىمە قىلسام لىيۇ بىندي ئۆزىنىڭ نامىدا نەشرى قىلدۇرۇۋاپتۇ[20]، دەپ يازغان بولسىمۇ، پولات قادىرىنىڭ تەرجىمە قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بار[21].

13- بۇرھان ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن، چىنىنىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەت قۇرۇشىدا مۇھىم رول ئوينىيالا قالماي، 1956- يىلى ھەج ئۆمىكىنى باشلاپ ھەج قىلغان. بۇ يولبارس، مىللەتچى چىنىنىڭ ھەج ئۆمىكىنى باشلاپ مەككىگە كەلگەنلىكىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەج ئىكەنلىكى ئېنىق .




(بۇرھان <جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتى> نى قۇرۇش يىغىنىدا)

15- بۇرھان ئەسلىمىلىرىدە مەسئۇد سەبرى بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننى <پانتۈركىست> دەپ تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق زامانىدىكى يېقىنلىق مۇناسىۋىتىنى يوشۇرۇپ قېلىشقا تىرىشقان. ئەمەلىيەتتە، بۇرھان بۇ ئۈچ ئەپەندى بىلەن يېقىن

(20) 包尔汉：新疆五十年，文史资料出版社，271，274页，1984，北京.

(21) Polat Kadiri: Ülke Tarihi, ( Baturlar-Doğu Türkistan Milli Mücadele Tarihi، 1930-1949), sayfa X, 2009, Ankara.

مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن. ھەتتا، سوۋېتنىڭ بۇغرا بىلەن ئالپتېكىننى قەستلىمەكچى بولغانلىقى، دەرھال جېنىنى دالدىغا ئېلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرنى بۇرھان يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى چېگرادىن چىقىپ كېتىشكە مەدەت بەرگەن[22].



(ئوڭدىن سولغا: بۇرھان، مەسئۇد سەبرى، ئەيسا يۇسۇف ئالپتېكىن نەنسەندە)



(ئوڭدىن 4- كىشى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، 5- كىشى بۇرھان، جېجياڭ شىكوۋدىكى جياڭ جېيشىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا)

خۇلاسە كالام، يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇرھاننىڭ ئەمەل- مەرتىۋىسى ئۈزلۈكسىز يۇكسىلىپ ماڭغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن <ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈندىلەرنى ياتسىراتماي ئىززەتلەش پسىخىكىسى>[23] بۇرھاننىڭ ئۆزى ئۇچۇن ئورۇمچىنى ئىشەنچلىك ماكان قىلىپ تاللىشى ئۇچۇنمۇ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بىلەن تەمىنلىگەنلىكنى پەرەز سىرتىدا قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.■ تەھرىرى ۋە كوررېكتورى: ئا.ئاقھۇن

(22) ANAT, Haci Yakup: Hayatım ve Mücadelem, 20005, Ankara.

(23) چوقان ۋەلىخانوف: قەشقەر ئەھۋالى، شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى، 1-2001.

دوكتور ئەسەت سۇلايمان

## باغچاسارايدىن تارىم بويلىرىغىچە

# تاتار جەدىدچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار يۇرتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى[1]

- 1 -

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدە قازان ۋە قىرىم تاتارلىرىدىن باشلانغان جەدىدچىلىك ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا زور تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. ئىجتىمائىي ئىسلاھات، مەرىپەتچىلىك، مىللىي ئاڭ، ھازىرقى زامان مائارىپى ھەمدە تەرەققىيات قاتارلىق ئاكتىۋال تېمىلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭى ئەۋلاد زىيالىيلارنىڭ، بولۇپمۇ مىللەت سەرخىللىرىنىڭ تۈپ غايىسى بولۇپ قالدى. ئىسمائىل غاسپىرالى تۇنجى مەشئىلىنى كۆتۈرگەن جەدىدچىلىك – يېڭىلاش ھەرىكىتى قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى باغچاسارايدىن ھالقىپ چىقىپ ناھايىتى تېزلىكتە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ئىنكاس پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا، كاۋكاز ۋە قارا دېڭىز بويلىرىدا ھەمدە تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە ئالاھىدە تەسىر پەيدا قىلدى. ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ «دىلدا، پىكىردە، ئىشتا ۋە تىلدا بىرلىك» دېگەن مەشھۇر غايىسى 1883-يىلىدىن باشلاپ ئۆزى مۇھەررىرلىك قىلىپ چىقىرىشقا باشلىغان «تەرجۇمەن» ناملىق گېزىت ئارقىلىق پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا، بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەرقايسى ئەل ۋە رايونلاردا ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق ئەدەبىي تىل ۋە ئىملا يارىتىش؛ ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئەنئەنىۋىي مەدرىس مائارىپىنى ئىسلاھ

(1) بۇ ماقالە 2007-يىلى يازدا ئۈرۈمچىدە يېزىلغان بولۇپ، شۇ يىلى 7-ئايدا تاتارىستاننىڭ قازان شەھرىدە چاقىرىلغان «50-نۆۋەتلىك خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئىنگلىزچىسى ئوقۇلغان. 2013-يىلى 5-ئايدا ئەسلىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى ئاساسىدا ستوكھولمدا قايتا تۈزىتىلدى – ئاپتوردىن

قىلىپ دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش، ياۋروپانىڭ ئىلغار پەن-تېخنىكىسى ھەمدە يېڭى ئىلىملىرىنى ئۆگىنىش؛ ئوقۇ-ئوقۇتۇشتا «ئۇسۇلى - جەدىد» مائارىپىنى يولغا قويۇش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي ئىسلاھات غايىلىرى جىددىي رەۋىشتە تەشۋىق قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئىسمائىل غاسپىرالى باشچىلىقىدىكى تاتار جەدىدچىلىك ھەرىكىتى ھەمدە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھات غايىلىرى پۈتكۈل رۇسىيەدىكى تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان ھەرقايسى ئەل-رايونلاردىكى مۇسۇلمان جامائەتچىلىكى ئارىسىدىمۇ زور تەسىرلەرنى قوزغىدى.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى چارىكىدىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا قىرىم ۋە قازاننى مەركەز قىلغان تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا قازاق يايلاقلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بوستانلىق شەھەرلىرىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. غاسپىرالى تەشەببۇس قىلغان «ئۇسۇلى - جەدىد» مائارىپى ئالدى بىلەن قازاق دالىسىدىن ئۆتۈپ ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى يىللىرىدا تاتار جەدىدچىلىكى ۋە مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ تۈرتكىسىدە قازاق يۇقىرى قاتلام زىيالىيلىرى ئارىسىدا مەرىپەتچىلىك ۋە مىللىي تەرەققىيات خاھىشلىرى روشەن كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئەمدىلىكتە مەلۇم قەبىلە-ئۇرۇق ياكى «يۈز» نى ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن مىللەت مەنپەئەتىنى يېڭى كۆنتەرتىپكە قويۇشقا باشلىدى.[2] قازاقلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىغان بۇ خىل مىللىي ئاڭ رۇسلارنى خاتىرجەمسىزلەندۈردى. چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە تاتارلارنىڭ تەسىرىنى چەكلەش، قازاقلارنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىن تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ مىللىي پېداگوگىكا ئىدىيەلىرىنى تازىلاش مەقسىتىدە رۇسلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى مائارىپ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. رۇس - قازاق مەكتەپلىرىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قازاقلاردا يېڭىچە زىيالىيلار قاتلىمى شەكىللىنىشكە باشلىدى. ئۇلار تاتار مىللەتچىلىرى ۋە جەدىدچىلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرىغا ئوخشىمىغان ھالدا، تامامەن «رۇسلاشقان» مائارىپ ئەندىزىسىنى قوبۇل قىلىشنى قازاقلارنىڭ چىقىش يولى دەپ ھېسابلىدى. ئۇلارنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرى سۈپىتىدە چوقان ۋەلىخانوف (1865-1835)، ئىبراي ئالتىنسارىن (1889-1845) ۋە ئاباي قونانبايېۋ (1904-1845) قاتارلىقلارنى

(2) ئەسەت سۇلايمان، «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل نەشرى، 114-بەت

كۆرستىش مۇمكىن.[3]

ۋەھالەنكى، چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ قانچىلىك توسقۇنلۇق قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىسمائىل غاسپىرالى ۋەكىللىكىدىكى تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ تەسىرى قازاق داللىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بوستانلىق شەھەرلىرىدە زور ئالقىشقا ئېرىشتى. 1901-يىلى تاشكەنتتە تۇنجى «ئۇسۇلى - جەدىد» مەكتىپى ئېچىلدى. تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدرىس مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىپ ئوقۇتۇش پىروگراممىسىغا زامانىۋى پەنلەرنى قوشۇش، «قۇرئان كەرىم» ھەمدە ئىسلام ئەقىدىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا ئىلىم - پەن روھىنى تىكلەش، ئورتاق ئەدەبىي تىل ۋە ئىملا بەرپا قىلىپ مىللىي ئۆزلۈكنى كۈچەيتىش تەشەببۇسلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېڭى ئەۋلاد زىيالىيلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. يەنە بىر تەرەپتىن، تاتار زىيالىيلىرى قىرىم ۋە قازانلاردا نەشر قىلغان گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە مىللىي مەتبۇئاتچىلىق جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. «مەتبۇئات – جەدىدچىلىك غايىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقىلىشى ۋە مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە غايەت زور روللارنى ئوينىدى.»[4] جەدىدچى زىيالىيلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە 1905-يىلى «تەرەققى» گېزىتى، 1906-يىلى «خۇرشىد» گېزىتى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. 1912-يىلىدىن باشلاپ تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا، قوقەنت قاتارلىق شەھەرلەردە يەنە «سەمەرقەنت»، «تۇران»، «بۇخارائىي شەرىف»، «سادائىي پەرغانە»، «سادائىي تۈركىستان» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ زور تۈركۈمدىكى زىيالىيلارنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇردى. 1905-يىلىدىكى رۇسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشكەن جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە 1918-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي تىلدا 63 خىل گېزىت، 34 خىل ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى مەلۇم.[5] بۇ جەرياندا مەھمۇدخوجا بەھبۇدى (1897-1919)، ئابدۇللا ئەۋلانى (1878-1934)، مۇنەۋۋەر قارى (1878-1931)، ھەمزە ھېكىمزادە نىيازى (1889-1929)، ئابدۇرەئۇف فىترەت (1886-1938)، چولپان (1897-1938) قاتارلىق جەدىدچى زىيالىيلار يېتىشىپ چىقىپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېڭى پىكىر ئىنقىلابىدا مۇھىم روللارنى ئوينىدى.

(3) Gawen Hambly, «中亚史纲要», 北京：商务印书馆, 1994年版, pp. 294-295
(4)20-esir Uzbek adabiyoti tarixi, Toshkent, «Uqituwchi» neshriyoti, 1999, p. 16
(5)Nadir Dewlet, 1917-yilidiki öktebir inqilabi ve Türk-Tatar millet meclisi, Ötüken nesriyati, Ankara, 1998, pp. 56-57

بۇ مەزگىللەردە جەدىدچىلىك ھەرىكىتى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. 1916-يىلىغا قەدەر، يەنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىغا قەدەر رۇسىيە ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قۇرۇلغان ئۇسۇلى - جەدىد مەكتەپلىرىنىڭ سانى 5000 دىن ئېشىپ كەتكەن.(6) 1917-يىلى رۇسىيە بولشېۋىكلار ئىنقىلابى يۈز بەرگەن مەزگىلدە جەدىدچىلىك ھەرىكىتى رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى تۈركى تىللىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر پىكرىنى يېتەكلەپ ماڭغۇچى ئاساسلىق مىللىي ئىدېئولوگىيەگە ئايلانغان.(7)

1914-يىلى 11-سېنتەبىردە قىرىمدىكى باغچاسارايدا ئىسمائىل غاسپىرالى كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. غاسپىرالىنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە ئۆز دەۋرىدىكى نۇرغۇنلىغان گېزىت-ژۇرناللار قايغۇلۇق خەۋەر ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭ تۈرك دۇنياسىدىكى يۈكسەك ئورنى ۋە تەسىرىگە يۇقىرى باھالار بېرىلدى. ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل تەشەببۇسلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن مەخسۇس ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. باكۇدا چىقىدىغان «ئىقبال» ناملىق ژۇرنالدا سەيفى ئىبراھىموۋىچ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئىسمائىل بەي (ئەپەندى، بەگ – ت) كىم؟ بىز تېخىچە بۇ سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمىدۇق. ئۇ رۇسىيەدە، تۈركىيەدە، مىسىردا، ئەرەبىستاندا، ھىندىستاندا، ئافغانىستاندا، ئىراندا، تۇراندا شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە تونۇلغان ۋە سۆيۈلگەن بىر ئىنسان. ئىسمائىل بەي پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى بۈيۈك بىر سىما . ئۇ ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل پىكىر تەلقىنلىرى بىلەن بىزنىڭ قەلبىمىزگە، تىلىمىزغا، ئەدەبىياتىمىزغا، يازارلىرىمىزغا، ئوقۇرمەنلىرىمىزگە، نەشر-ئەپكارلىرىمىزغا، مەكتەپ-مەدرىسلىرىمىزگە ھەممە ئوقۇغۇچى-ئۆگەنگۈچىلەرگە يول خەرىتىسى كۆرسىتىپ بەردى».(8) ئىسمائىل غاسپىرالى ۋاپات بولۇپ 14 يىل ئۆتكەندىن كېيىن فۇئاد كۆپرۈلۈ ئىستانبۇلدا چىقىدىغان «جۇمھۇرىيەت» گېزىتىدە مەرھۇمنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە نەشر قىلىنغان «تەرجۈمەن» ژۇرنىلى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «‹تەرجۈمەن› گېزىتى قىرىم ۋە قازاندىلا زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە كاۋكازدا، غەربىي ۋە شەرقىي تۈركىستاندا، سىبىرىيەدە، رۇمېنىيەدە، بولغارىيەدە، ئوسمانلى

(6) Benigsen, A., & Lemercier-Quelquejay, C., Islam in the Soviet Union, London, 1967, p.39
(7) Bennigsen, & Lemercier-Quelquejay, ibid, p. 48
(8) ”Büyük ve tarihi milli matem”, In: Terjümen, 1st October, 1914, taken from Iqbal (Baku); See: Edward Allworth ed., Tatars of the Crimea: Their Struggle for Survival, Durham and London: Duke University Press, 1998, p. 12

سۇلتانلىقنىڭ تۇپراقلىرىدا، قىسقىسى، پۈتكۈل تۈرك دۇنياسىدا ئەڭ قارشى ئېلىنغان نەشر - ئەپكار بولۇپ قالدى. ئۇ كېلەچەككە سوزۇلغان بۈيۈك بىر ئۈمىدنىڭ مەشئىلىنى ياقتى. تۈرك دۇنياسىدا بىرلىككە كەلگەن مىللىي دۆلەتچىلىك غايىسىنى ئويغاتتى».[9]

- 2 -

قىرىم ۋە قازان تاتارلىرى قوزغىغان جەدىدچىلىك ھەرىكىتى چار رۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي تۈركىستاندىلا ئەمەس، بەلكى بېكىك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدىمۇ كۈچلۈك تەسىرلەرنى قوزغىدى. ياپونىيەلىك ئوئىشى شىنىچىرو ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىدا: «رۇسىيەگە قوشنا شىنجاڭنىڭ قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىدە كېچىككەندىمۇ 1910-يىللىرى ئەتراپىدا يەرلىك تۈركىي خەلق ئۇسۇلى - جەدىد مائارىپىنى يولغا قويغان» دەپ كۆرسىتىدۇ. خامادا ماسامى ئەپەندىمۇ «شىنجاڭغا يېڭىچە مائارىپنىڭ كىرىشىنى جۇڭگونىڭ خەنزۇچە مائارىپىدىن كەلگەن كىرىزىس تۇيغۇسى تېزلەتكەن. يەنە بىر تەرەپتىن رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ۋە ئوسمانلى سۇلتانلىقىدىكى مىللىيەتچىلىك ئىدىيەلىرىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇسۇلى - جەدىد مائارىپىنىڭ يىلتىز تارتىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن» دەپ يازىدۇ.[10]

تاتار جەدىدچىلىرى تەرغىب قىلغان «ئۇسۇلى - جەدىد» مائارىپى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە مۇنداق ئۈچ خىل ئوخشاشمىغان مائارىپ سىستېمىسى مەۋجۇت ئىدى. بىرى، ئەنئەنىۋىي مەدرىس مائارىپى: بۇ ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە تاكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋاملاشقان شۇنداقلا زامانىۋىلىقتىن بۇرۇنقى پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا كەڭ ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋىي دىنىي مائارىپ ئەندىزىسى ئىدى. ئۇنىڭدا «قۇرئانى كەرىم»، «ھەدىس» ھەمدە ئىسلام ئەقىدىسىگە دائىر ئەرەبچە، پارسچە ۋە تۈركىي تىلىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆگىنىش ئاساس قىلىناتتى. ئوخشىمىغان ياشتىكى ۋە سەۋىيەدىكى تالىپلار بىر سىنىپتا ئوقۇتۇلاتتى، ئەمما تالىپلارنىڭ سەۋىيەسىگە قاراپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە «ساۋاق» بېرىلەتتى. ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ ھەرقايسى شەھەر ۋە بازارلىرىدا ھەمدە چوڭراق يېزىلىرىدا چوڭ-كىچىك مەدرىسلەر قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئەڭ ئاساسلىق مائارىپ شەكلى ھېسابلىناتتى. يەنە

(9) Edward Allworth ed., Tatars of the Crimea: Their Struggle for Survival, Durham and London: Duke University Press, 1998, p. 13

(10) ئوئىشى شىنىچىرو، قەشقەردە جەدىدىزىم: مۇساباي‌لار جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ، «شىنجاڭ تەزكىرەچىلىكى»، ئۈرۈمچى، 2000-يىللىق 2-سان، 33-20-بەتلەر

بىرى، خىتايچە شۆتاڭ مائارىپى: بۇ 1884-يىلى مەنچىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار يۇرتىنى رەسمىي ھالدا «شىنجاڭ ئۆلكىسى» دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەجبۇرىي يوسۇندا يولغا قويغان خىتايچە مائارىپ ئەندىزىسى ئىدى. مەلۇمكى، ياقۇپبەگ ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە قۇرۇپ چىققان «قەشقەرىيە» دۆلىتى 1877-يىلى يىقىلغاندىن كېيىن، مەنچىڭ سۇلالىسى ئىستېلا قىلغان بۇ يېڭى تۇپراقتىكى يەرلىك مۇسۇلمان ئاھالىسى ئارىسىدا خىتاي تىلىدىكى مائارىپنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى چوڭراق شەھەر-بازارلاردا «شۆتاڭ» نامى بىلەن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەخسۇس مەكتەپلەر ئېچىلىشقا باشلىغان. بۇ مەكتەپلەرگە كۆپىنچە ھۆكۈمەت تەرەپتىن مائاش ئالىدىغان يەرلىك ئاقساقاللارنىڭ بالىلىرى مەجبۇرىي يوسۇندا قوبۇل قىلىنغان. ئەمما كۆپ قىسىم يەرلىك ئاھالە بالىلىرىنى «شۆتاڭ» دا ئوقۇتۇشنى خالىمىغان. «شۆتاڭ» لارنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىسى پۈتۈنلەي خىتاي ئەنئەنىۋي مائارىپ ئەندىزىسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، كۇڭزى-مېڭزىلارنىڭ تەلىماتلىرى ئوقۇتۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەكتەپلەرگە مەجبۇرىي يوسۇندا قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ خىتايچە كىيىم كىيىپ، ئۇزۇن چاچ قويۇشى ھەمدە بۇتلارغا تازىم قىلىشى تەلەپ قىلىنغان. بۇ ئەھۋال تەبىئىي يوسۇندا يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىلىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان. شۇ سەۋەبتىن گەرچە ھۆكۈمەت بۇ خىلدىكى «شۆتاڭ» مەكتەپلىرىنى كېڭەيتىشنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاۋام خەلق ئېچىدىكى تەرەققىياتى ئوچۇقلۇق بولمىغان شۇنىڭدەك ئەنئەنىۋي مەدرىس مائارىپىنىڭ ئورنىنىمۇ ئالالمىغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، «شۆتاڭ» لار يەنىلا كېيىنكى مەزگىللەرگىچە ئۇيغۇرلار يۇرتىدا تار دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.[11] ئۈچىنچىسى، چەتئەللىك دىن تارقاتقۇچىلار (مىسسيونېرلار) ئاچقان خىرىستىيان مەكتەپلىرى: 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى چارىكىدىن باشلاپ ئەنگلىيەنىڭ «ئىچكى خىتاي مىسسيونېرلار ئۆمىكى» بىلەن شىۋېتسىيە مىسسيونېرلىرى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ شىۋېت مىسسيونېرلىرى 1892-يىلىدىن 1938-يىلىغىچە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، يەكەن ۋە يېڭىسار قاتارلىق شەھەرلەردە دىن تارقىتىش نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، يەرلىك ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغان. ئۇلار ئۆز مەقسەتلىرىنى

(11) 罗绍文, «杨增新统治时期的新疆教育», «西北史地», 1993:49, pp. 5-8

ئوگۇشلۇق ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەكتەپ ۋە دوختۇرخانا ئېچىپ ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئارىسىدا ئاممىۋى ئاساس يارىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن. بۇنىڭ بىلەن شىۋېت مىسسيونېرلىرىنىڭ مەكتەپلىرى قەشقەر، يەكەن ۋە يېڭىسار قاتارلىق جايلاردا ئارقا-ئارقىدىن ئېچىلىشقا باشلىغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى يېتىم-يېسىر ۋە كەمبەغەللەرنىڭ پەرزەنتلىرى بۇ مەكتەپلەرگە جەلپ قىلىنغان. بۇ تۈردىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسى ۋە دەرسلىك قۇرۇلمىسى ياۋروپا مائارىپىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلارغا خىرىستىيان دىنىي تەلىماتلىرىنى سىڭدۈرۈش مەقسىتى مۇھىم نىشان قىلىنغاچقا يەرلىك يۇقىرى قاتلام ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. شۇڭلاشقا شىۋېت مىسسيونېرلىرىنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدىغان بالىلار پەقەت يېتىم-يېسىر ۋە ئىگە چاقىسىز بالىلار بىلەنلا چەكلەنگەن. تەرەققىياتىمۇ ئانچە ئوگۇشلۇق بولمىغان.[12]

تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە جىددىي تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان خىتاي تىلى مائارىپى بىلەن چەتئەل مىسسيونېرلىرى ئاچقان خىرىستىيان مەكتەپلىرى بۇرۇندىن بىر خىلدا داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئىسلام مەدرىس مائارىپىغا مۇئەييەن دەرىجىدە كىرىزىس ھېس قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كۆزى ئېچىلغان ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر، تەرەققىيپەرۋەر باي سودىگەرلەر ھەمدە چەتئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيلار جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەنئەنىۋى مەدرىس مائارىپىنى قانداق قىلىپ ئىسلاھ قىلىش، ئۇنى دەۋرگە قانداق ماسلاشتۇرۇش شۇنىڭدەك يات مىللەتلەر مائارىپىدىن كېلىۋاتقان بېسىم ۋە كىرىزىسنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇلار دىققەت-نەزىرىنى ئۆزلىرىگە قوشنا بولغان رۇسىيە تەۋەسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا قارىتىدۇ. چۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك تۈركىي مۇسۇلمانلىرىمۇ رۇس مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان بېسىمى ئاستىدا قانداق قىلىپ

(12) Gunnar Jarring, Return to Kashgar: Central Asian memories in the present, Durham: Duke University Press, 1986, pp. 94; Gunnar Jarring, Prints from Kashgar: The printing office of the Swedish Mission in Xinjiang, History and production with an attempt at a bibliography, Swedish Research Institute in Istanbul, 1991, Transactions. Vol. 3, Stockholm, pp. 8-11; John Hultvall, Mission och revolition i Centralasien (Mission and Revolution in Central Asia), Sockholm, 1981, pp. 75-76; Fredrik Fallman, Swedish missinaries, modernization and cultural exchange in China: The Mission Covenant Churche of Sweden work in Hubei and Xinjiang, Jidujiao yu Zhongguo Wenhua Congkan, Vol. 5, Hubei Jiaoyu Chubanshe, Wuhan, 2003, pp. 335-353

ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ۋە چىقىش يولى ئىزدەش ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللىي ئويغىنىش ۋە مەرىپەتچىلىك ھەرىكەتلىرى ئۇيغۇرلار ۋەتىنىگىمۇ ئۆلگە تەقدىم قىلىشقا باشلايدۇ. يۇقىرى قاتلامدىكى سەرخىللار بىلەن بىر قىسىم تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەر تاتار ئۇسلۇبىدىكى «ئۇسۇلى - جەدىد» مائارىپىنى مىللەتنى نۆۋەتتىكى كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى دەپ ھېسابلايدۇ.

ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە قىرىمدا نەشر قىلىنغان«تەرجۈمەن» گېزىتى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1900-1899-يىللىرى ئارىلىقىدا ئاكا-ئۇكا مۇسابايلارنىڭ تەشەببۇسىڭ ۋە قوللىشى بىلەن تۇنجى «ئۇسۇلى - جەدىد» مەكتەپلىرىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.[13] تاتارىستان ئالىملىرىدىن مىرقاسىم ئوسمانوفنىڭ تەكشۈرۈشلىرىگە قارىغاندىمۇ، ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدىكى يېڭىچە مائارىپنىڭ تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى بىلەن 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى بىرقانچە يىلىدا باشلانغانلىقى مەلۇم.[14] ياپونىيە ئالىمى ئوئىشى شىنىچىرو ئەپەندىمۇ «ۋاقىت» گېزىتىگە بېسىلغان ماقالە-خەۋەرلەرگە ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1908-1907-يىللىرى «ئۇسۇلى-جەدىد» مەكتەپلىرىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى بىر قىسىم ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ بۇ مەكتەپلەردە تەربىيەلىنىشكە باشلىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.[15] «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1909-يىلى 6-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى سانىغا بۇ ھەقتە مەخسۇس بىر خەۋەر بېسىلغان. بۇ خەۋەر غۇلجىدىن ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «مۇسابايلار جەمەتى ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان 27 نەپەر بالىدىن ئىمتىھان ئېلىندى. بۇلتۇرقىدەك مۇئەللىمە سارا خانىم ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەپ ھەر خىل ھۈنەر-سەنئەت، ھېساب، جۇغراپىيە، قائىدە-يوسۇن ھەمدە ‹قۇرئان-كەرىم› دىن ساۋاق بەردى. بۇ يەردىكى بايلار يەنە ‹دارىلشەفقەت› ناملىق دارىلئاجىزىنىنىمۇ سىناق قىلىپ ئاچتى. بۇ يەردە باللارغا

(13) «تەرجۈمەن» گېزىتى، 1899-يىل 10-دېكابىر؛ 1900-يىل 16-يانۋار؛ 1900-يىل 29-ئاپرېل؛ 1902-يىل 3-ئاۋغۇست

(14) مىرقاسىم غوسمان، «شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئىسمائىل غاسپىرالى»، «ئىسمائىل غاسپىرالى» (تارىخىي دوكۇمېنتال توپلام)، قازان، «جىيىن» نەشرىياتى، 2006-يىل نەشرى

(15) ئوئىشى شىنىچىرو، قەشقەردە جەدىدىزىم: مۇسابايلار جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ، «شىنجاڭ تەزكىرەچىلىكى»، ئۈرۈمچى، 2000-يىللىق 2-سان، 23ئبەت

ھېساب، جۇغراپىيە ئۆگىتىلىدۇ».

يېقىنقى تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، مۇسابايلار جەمەتىنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا ئاتۇشنىڭ ئىكساق دېگەن جايىدا قۇرۇلغان تۇنجى «ئۇسۇلى-جەدىد» مەكتىپىنىڭ ئىلگىرىكى ئۇيغۇرچە ماقالىلەردە قەيت قىلىنغىنىدەك 1885-يىلى ئەمەس، بەلكى 1899-يىلى كۆزدە قۇرۇلغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.[16] بۇ تەخمىن 1880-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىسمائىل غاسپىرالى باغچاسارايدا تۇنجى «ئۇسۇلى-جەدىد» مەكتىپىنى ئاچقانلىقىدەك رېئاللىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەيلى ماكان ياكى زامان نۇقتىسىدىن قارىمايلى تارىخىي ئەمەلىيەتكە خېلى ئۇيغۇن كېلىدۇ.

شۇنداق بولغاندا، قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى باغچاسارايدا 1881-يىلى ئىسمائىل غاسپىرالى ئاچقان تۇنجى «ئۇسۇلى - جەدىد» مەكتىپى دۇنياغا كېلىپ ئارىدىن 18 يىل ئۆتكەندە ئاندىن ئۇيغۇر دىيارىدا بىرىنچى «ئۇسۇلى - جەدىد» مەكتىپى قۇرۇلغان. شۇ يىللاردا مۇسابايلار جەمەتىدىن بولغان تەرەققىيپەرۋەر باي سودىگەر ھۈسەيىنباي «خەير-ئېھسان جەمئىيىتى» تەسىس قىلىپ، «مەكتەپ-كۇتۇپخانا قۇرىمىز. چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ياشلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىمىز...» دەپ ئېلان چىقارغان.[17] ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ماكارتنېيمۇ 1908- يىلى 6- ئايدا ئاتۇشتىكى ھۈسەيىنباينىڭ ئائىلىسىنى زىيارەت قىلغاندا ھۈسەيىنباينىڭ ئۆز ئاغزىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.[18] ئۇ ھەتتا ئەينى چاغدىكى مىلىتارىست ياڭ زېڭشىننى مەخپىي ھالدا ئاگاھلاندۇرۇپ، پان - ئىسلامىزم ئىدىيەلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئويغىنىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن.[19]

قەشقەردە «ئۇسۇلى - جەدىد» مائارىپىغا قارىتا يۇقىرى قاتلام مۇتەئەسسىپ كۈچلىرى ۋە بىر قىسىم بايلار كۈچلۈك قارشىلىق قىلغاچقا يېڭى مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۇگۇشلۇق راۋاجلىنالمىغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى ئىلغار سەرخىللار ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئابرۇيى ۋە تەسىر

(16) يالقۇن روزى، «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پەننىي مائارىپى قاچان باشلانغان»، «لاي قەلئەنىڭ سىرى – يالقۇن روزى ئەسەرلىرى (2)»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 2012-يىل نەشرى، 136-135-بەتلەر

(17) ئۇئىشى شىنچىرۇ، يۇقىرىقى ماقالە، 24-بەت

(18) Skrine, C. P., & Nightingale, P., Macartney at Kashgar: New Light on British, Chinese and Russian Activities in Sinkiang, 1870-1918, London: Methuen, 1973, p. 157

(19) Macartney, G., Eastern Turkistan: The Chinese as Rulers Over an Alien Race, In: Proceedings of the Central Asian Society, 10 March, 1909, pp. 18-19

دائىرىسىگە تايىنىپ، «ئۇسۇلى - جەدىد» مەكتەپلىرىنى قەشقەر ئەتراپىدىكى جايلارغا كېڭەيتىشكە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. ئۇ چەتئەللەردىن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر يىلى ئىستانبۇل، قازان، ئۇفا، ئورىنبۇرگ قاتارلىق شەھەرلەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ تۇرغان.[20] ئەمما قەشقەردىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋە يۇقىرى قاتلام مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىشىپ توسقۇنلۇق قىلىشى ئارقىسىدا «ئۇسۇلى - جەدىد» مەكتەپلىرى دېگەندەك تەرەققىي قىلالمىغان.

1914-يىلىغا كەلگەندە باۋۇدۇن مۇسابايىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىستانبۇلدىن ئەھمەد كامال ئىسىملىك بىر ياش زىيالىي ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ مۇسابايلار جەمەتىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن ئاتۇش ۋە قەشقەردە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زامانىۋى مائارىپنى گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلىغان. ۋەھالەنكى، ئۇزاق ئۆتمەيلا قەشقەردىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقى ھەمدە خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ چەكلىشى بىلەن تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان. 1917-يىلىغا بارغاندا ياڭ زېڭشىنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەشقەردىن ئايرىلىپ ئۈرۈمچى ئارقىلىق خىتاينىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە مەجبۇرى يولغا سېلىنغان ھەمدە شاڭخەي ئارقىلىق تۈركىيەگە قايتىپ كەتكەن.[21]

---

(20) ئابدۇقادىر داموللام (1924-1862)، ئاتۇشتا ھاللىق ئائىلىدە تۇغۇلغان، قوقەندە ئىككى يىل ئوقۇغان. 1890-يىللاردا بۇخارادا 8 يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1907-يىلى ھەج قىلىپ قايتىشىدا ئىستانبۇل ۋە مىسىردا ئىككى ئايدەك تۇرۇپ، شۇ جايلاردىكى ئىلغار پىكىرلىك ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەتلەردە بولغان. يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، قەشقەردە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ خەلقنى ئىلىم-پەن، تەرەققىيات، يېڭىلىق ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتقا يېتەكلىگەن. لېكىن مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ يەنە چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. قوقان، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن 1911-يىللاردا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ يەنە مائارىپ ۋە ئىسلاھاتچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ خەلق ئىچىدە يۇقىرى ئابرۇيغا ئېرىشكەن. 1924-يىلى نامەلۇم كۈچلەرنىڭ خۇپىيانە سۈيىقەست پىلانلىشى بىلەن قەشقەردە ئۆلتۈرۈلگەن. ئابدۇقادىر داموللام ئۆز دەۋرىدە قازاندا نەشر قىلىنىۋاتقان «ۋاقىت»، «شۇرا» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللارغا ماقالە ئەۋەتىپ تۇرغان ھەمدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان. «ئابدۇقادىر داموللام كىمدۇر؟» دېگەن ماقالە «شۇرا» ژۇرنىلىغا پۈتۈن سەھىپە بويىچە بىرقانچە رەت بېسىلغان (بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەلەرگە قاراڭ: «شۇرا»، 1916-يىل 7-سان، 183-بەت؛ 1917-يىل 1-سان، 24-بەت؛ خېۋىر تۆمۈر، «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990-يىل 16-12-بەتلەر)

(21) ئەھمەت كەمال ئەسلىدە ئوسمانلى سۇلتانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېتىشىپ چىققان ياش تۈركچىلەر گۇرۇھىغا مەنسۇپ شەخس بولۇپ، مۇسابايلار جەمەتىنىڭ تۈركىيەدىكى ئالاقە تورى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار يۇرتىدا يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇش مەقسىتىدە قەشقەرگە تەكلىپ قىلىنغان. ئەمما ئۇ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن ئەينى دەۋردىكى قەشقەردە مۇسابايلار جەمەتى بىلەن پۈت تېپىشىدىغان ئۆمەر باينىڭ قاتتىق توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغان. ئۆمەر باي مۇسابايلارغا بولغان شەخسىي ئۆچمەنلىكى سەۋەبلىك ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن بىرلىشىپ ئەھمەد كامالنىڭ يېڭىچە مائارىپ پائالىيەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلغان. ئەھمەد كامالنىڭ 1917-يىلى قەشقەردىن قوغلىنىشمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆمەر باينىڭ ياڭزېڭشىنغا سۇنغان مەخپىي ئەرزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھەقتە ئەھمەد كامال ئۆز ئەسلىمىسىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ ( بۇ ھەقتە ئۇنىڭ تۆۋەندىكى ئەسىرىگە قاراڭ: ئەھمەت كەمال ئىلكۈل، چىنى تۈركىستان خاتىرالارى/

شۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق رۇسىيە چېگراسىغا يېقىن شەھەرلەردە تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپلەر تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان. بۇ ھال ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى سىياسىي مەركەز – قەشقەردىكى تۇرغۇن مۇھىت بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان. مۇسابايلار جەمەتى 1909-يىلى غۇلجىدا ئۆزلىرىنىڭ گېرمانىيەدىن ئىمپورت قىلىپ كىرگۈزگەن ماشىنا-ئۈسكۈنىلىرى بىلەن زامانىۋى كۆن-خۇرۇم زاۋۇتىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈپ ئۇيغۇر ئېلىدە يېڭى بىر سانائەت دەۋرى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار جەنۇبتىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ يېڭىچە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتا قەشقەردە توسقۇنلۇقنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ مەركىزىنى ئىلى رايونىغا يۆتكەشنى قارار قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ زامانلاردا ئىلى رايونىدا رۇسىيە تەرەپتىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان مەلۇم ساندىكى تاتار، رۇس، ئۆزبېك ئاھالىلىرىدىن باشقا يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن تۈركىيە ۋە باشقا ئەللەرگە بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن ئۇيغۇر سەرخىللىرىمۇ كۆزگە كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. 1920-يىللاردا قەشقەردىن سوۋېتلار ئىتتىپاقىغا چىققان ئۇيغۇر ئاكتىپلىرىدىن نورۇز ھاجى ئوغلى ئەلى ھاجىنىڭ يازمىلىرىغا قارىغاندا، شۇ يىللاردا ئىلىدا جىرجىس ھاجى، مەسئۇد سابىرى ھەمدە ئابدۇراھمان ئەپەندىگە ئوخشاش مىللەتسۆيەر سەرخىللار ئاقارتىش ئىشلىرىدا مۇھىم روللارنى ئوينىغان.[22]

بۇ مەزگىللەردە ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدىكى «ئۇسۇلى - جەدىد» مائارىپىنىڭ يەنە بىر مەركىزى قوچۇ ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان تۇرپان ئويمانلىقىدا مەيدانغا كېلىدۇ. تۇرپاننىڭ ئاستانە يېزىسىنى بازا قىلىپ دېھقانچىلىق ۋە سودا-تىجارەتتە گۈللەنگەن مۇھىتلار ئائىلىسى ئەڭ ئالدى بىلەن يېڭىچە مائارىپنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدۇ. 1909-يىلى مۇھىتلار ئائىلىسىنىڭ يولباشچىلىرىدىن مەخسۇت مۇھىتى (1885-1933) سودا ئىشلىرى بىلەن قازانغا بېرىپ، قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياش ئوقۇتقۇچىسى ھەيدەر سايرانى (1886-1943) بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. ئۇ مەخسۇت مۇھىتنىڭ تەكلىپى بىلەن 1915-يىللار ئەتراپىدا تۇرپانغا كېلىپ ئاستانە

شاڭخاي خاتىرالارى، ئىستانبۇل: ئۆتۈكەن نەشرىياتى ئا.س.، 1997)

(22) David Brophy, The fate of the ”Young Kashgaris”: A page from the political history of Xinjiang, Contact Zone between Nomadic and Sedentary Worlds: New Sources and Viewpoints for Asian Studies, Research Institute for Oriental Cultures Gakuin University, No. 57, Tokyo, 2012, pp. 61-77

يېزىسىدا تۇنجى «ئۇسۇلى - جەدىد» مەكتىپىنى ئاچىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرپان ئويمانلىقىدا يېڭىچە پەننىي مائارىپ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشقا باشلايدۇ. 1917 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى سودا ئىشلىرى بىلەن يەنە رۇسىيەگە بارىدۇ. ئۇ مىللەتنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، تەرەققىيات يولىغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ قېتىملىق رۇسىيە سەپىرىدە قازان، ئۇفا، تاشكەنت قاتارلىق شەھەرلەرنى ئايلىنىپ بۇ يەردىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى تەكشۈرىدۇ. كېيىن ھەيدەر ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن خىسام باۋىن، خەسەن فەھىمى، ئەلى ئىبراھىموف، شاھى شەرەف قاتارلىق 4 نەپەر تاتار ئوقۇتقۇچىنى ئېلىپ ۋەتەنگە قايتىدۇ. مەخسۇت مۇھىتى پىلان بويىچە ئەلى ئەپەندىنى تۇرپان شەھىرىگە، خەسەن فەھىمى بىلەن شاھى شەرەفنى لۈكچۈنگە، خىسام باۋىننى گۇچۇڭغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.[23] 1919 -يىلىغا بارغاندا تۇرپان ئاستانىدىكى «مەقسۇدىيە مەكتىپى» نى تېخىمۇ كېڭەيتىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن چۆچەكتىن داڭلىق تاتار مائارىپچىسى مۇھىببۇللا ئەپەندى بىلەن ئايالى گۈلەندەم ئابىستەينى تۇرپانغا تەكلىپ قىلىدۇ. تۇرپان ئاستانىدە 1910 -يىللاردىن ئېتىبارەن يېقىلغان مەرىپەت مەشئىلى ئەر-ئايال ئىككى نەپەر خالىس مائارىپچىنىڭ يۈرەك قېنى بىلەن زور ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىدۇ. گۈلەندەم ئابىستەي 1919 -يىلى 11 -ئايدىن 1922 -يىلى 6 -ئايغىچە يولدىشى مۇھىببۇللا ئەپەندىگە ماسلىشىپ، ئۇيغۇر ئوغۇللار سىنىپى بىلەن بىرلىكتە قىزلار سىنىپىمۇ تەسىس قىلىدۇ ھەمدە ئىدىقۇت ۋادىسىغا زامانىۋى مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچىدۇ.[24]

قىسقىسى، قىرىم ۋە قازاندىن باشلانغان جەدىدچىلىك ھەرىكىتى داۋامىدا بىر بۆلۈك مىللىي ۋىجدانىغا ۋە ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە مىللەت سەرخىللىرىنىڭ ئورتا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر يۇرتىنى بويلاپ ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىسىدە 20 -ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى تۇغۇلىدۇ ھەمدە دەسلەپكى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىدۇ.

- 3 -

(23) ئىلچى سايرانى، «تەرەققىيات ئەلچىسى، ئاتاقلىق مائارىپچى – ھەيدەر سايرانى»، «جۇڭگو تاتارلىرى»، ئۈرۈمچى، 2006 -يىللىق 1 -سان، 101 - 78 -بەتلەر
(24) تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى مەنبەدىن كۆرۈڭ: «مۇئەللىمە گۈلەندەم خەبىبۇللىنانىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى»، «تۇرپان»، 2012 -يىل 3 -سان، 17 - 7 -بەتلەر؛ 2012 -يىللىق 4 -سان، 110 - 95 -بەتلەر

قىرىم، قازان، ئۇفا، ئورىنبۇرگ قاتارلىق شەھەرلەردە نەشر قىلىنىۋاتقان ئېچكى گېزىت - ژۇرناللار ھەممە ئۇلاردا بېسىلىۋاتقان جەدىدچىلىك پىكىر ئېقىمى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ماقالىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى شەھەر- بازارلاردىلا ئەمەس، بەلكى سىرتقى دۇنيانىڭ ئۆچۈرلىرىدىن نىسبەتەن خالىي قالغان ئۇيغۇرلار يۇرتىدىمۇ مەلۇم تەسىرلەرنى قوزغاشقا باشلىغانىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۇيغۇرلار ۋەتىنىگە كىرىۋاتقان «تەرجىمەن»، «ۋاقىت»، «تىل يارىش»، «شۇرا» قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللار شۇ زاماندا ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ دۇنيا ۋەزىيىتىنى بىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئۇچۇر مەنبەسىگە ئايلانغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «ۋاقىت»، «شۇرا» قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللاردا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن دەسلەپكى قەدەمدە يېتىشىپ چىققان بىلىم ئادەملىرىدىن سىرت يەنە باشقا ئاپتورلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ماقالىلىرىمۇ بېسىلىپ تۇراتتى. ئوئىشى شىنىچىرۇ ئەپەندىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1906- يىلدىن 1918- يىلغىچە بولغان سانلىرىدا ئۇيغۇرلارغا دائىر 180 دەك ماقالە- خەۋەر؛ «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1908- يىلدىن 1918- يىلغىچە بولغان سانلىرىدا ئۇيغۇرلارغا ئائىت 50 تەك ماقالە- خەۋەرلەرنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى مەلۇم. بۇ ماقالە- خەۋەرلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۈرۈمچى، غۇلجا ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق تاتار ئاپتورلىرى، ئاز بىر قىسمىنى يەرلىك ئۇيغۇر يازارلىرى تەمىنلىگەن ئىكەن.[25]

ئۇنداقتا يۇقىرىقى گېزىت- ژۇرناللارنى ئۆز دەۋرىدە قانچىلىك ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى كۆرەلىگەن؟ ئۇلار قانداق يوللار بىلەن ئۇيغۇرلار يۇرتىغا ئېلىپ كىرىلگەن؟

بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش بىرقەدەر قىيىن بولۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەلۇمكى، ياقۇپبەگ قۇرغان قەشقەرىيە دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، مەنچىڭ خاندانلىقى 1884- يىلى ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنى «شىنجاڭ» دېگەن نام بىلەن رەسمىي ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايون قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرغان ھەمدە ھەر جەھەتتىن كونتروللۇقنى كۈچەيتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار يۇرتىغا غەربىي تۈركىستان، ئوسمانلى سۇلتانلىقى، ھىندىستان ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەللىرىدىن كىرىدىغان كىتاب- ماتېرىياللارغا قاتتىق چەكلىمە قويۇلىدىغان بولغان. 1912- يىلى فېۋدال مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن

(25) ئوئىشى شىنىچىرۇ، يۇقىرىقى ماقالە، 20-بەت.

كېيىن سىرتتىن كىرىدىغان ئۇچۇرلارنى تېخىمۇ قاتتىق قامال قىلىشقا باشلىغان. ئۇ ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىل جەريانىدا يەرلىك مىللەت – ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا بىرەرمۇ گېزىت- ژۇرنال ياكى مەتبەئە تەسىس قىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلار يۇرتىغا تاشقى دۇنيادىن كىرىدىغان كىتاب- ماتېرىياللارنىمۇ قاتتىق بايقۇت قىلغان. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، ئەينى يىللاردا ئاز ساندىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىلا يۇقىرىقى گېزىت- ژۇرناللارنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇندىن باشقا كۆپ قىسىم ئاۋام خەلقتە تېخى بۇنداق ئىمكانىيەت يوق ئىدى. ئەمما چەتئەللەرگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى، ئاتۇشتىكى مۇسابايلار بىلەن تۇرپاندىكى مۇھىتلار جەمەتىگە ئوخشاش تەرەققىيپەرۋەر ئائىلىلەرنىڭ چېگرا ئاتلاپ سودا پائالىيەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشى ھەمدە ھەج قىلىش ئۈچۈن ئەرەبىستانغا بارىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشىدەك بىر قاتار پۇرسەتلەردە تاشقى دۇنيانىڭ ئۇچۇرلىرى توختاۋسىز رەۋىشتە كىرىپ تۇرغان. شۇ يىللاردا «ۋاقىت» گېزىتى بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلى رۇسىيە تەۋەسىدىلا ئەمەس، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان مۇسۇلمان جەدىدچىلىرىنىڭ ۋەكىللىك نەشر- ئەپكارى بولۇپ قالغان ئىدى.[26] خامادا ماسامى ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى «ۋاقىت» گېزىتى بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلىنى سېتىۋېلىپ ئوقۇپ رۇسىيەنىڭ ئەھۋالىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى ۋە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ۋەزىيىتىدىنمۇ خەۋەردار بولۇپ تۇرغان. كېيىنچە قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ سودا پائالىيىتى ۋە ھەج قىلىش مەقسىتىدە غەربىي ئاسىيا ئەللىرىگە بېرىپ- كېلىپ تۇرىدىغانلار يىلدىن- يىلغا كۆپەيگەن. بولۇپمۇ ھاجىلارنىڭ سانى كۆپرەك بولۇپ، 1909- يىلى قەشقەردىنلا 350 كىشى ھەجگە بارغان.[27]

شۇ يىللاردا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق چوڭ شەھەرلىرىدە ياشايدىغان بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ «ۋاقىت»، «شۇرا» قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلار نوشىرۋان يائۇشېۋ (1887- 1917) قا ئوخشاش بىر قىسىم ئاپتورلارنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ماقالىلىرىدىن خەۋەردار بولغان. ئۇلار بىردەك ئىلغار مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، كۆز

(26) ئۇئىشى شىنىچىرو، «نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ تەزكىرەچىلىكى»، ئۈرۈمچى، 2004- يىل، 2-سان، 15-6-بەتلەر،

(27) ئۇئىشى شىنىچىرو، «قەشقەردە جەدىدىزىم: مۇسابايلار جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ»، «شىنجاڭ تەزكىرەچىلىكى»، ئۈرۈمچى، 2000-يىللىق 2-سان، 24-بەت،

ئالدىدىكى مەۋجۇت رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ھەتتا بىر قىسىم بالدۇر ئويغانغان ئۇيغۇر سەرخىللىرى قولىغا قەلەم ئېلىپ «ۋاقىت»، «شۇرا» قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللارغا ماقالە ئەۋەتىشكە باشلىغانىدى. بۇلاردىن ئىلى ۋە يەتتەسۇ رايونىدىن يېتىشىپ چىققان نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت (1887- 1951) نى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت ئوغلى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن تۇنجى بولۇپ تاتار مەتبۇئاتلىرىغا ماقالە ئەۋەتىشكە باشلىغان كىشى بولۇپ، 1909- يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئىلى ۋە يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرى ھەققىدىكى ماقالە ۋە مۇلاھىزىلىرى ئورىنبۇرگدا چىقىدىغان «ۋاقىت» گېزىتىدە ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان.

مەلۇمكى، ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ 1880- يىللاردا قىرىم يېرىم ئارىلىدا باشلىغان جەدىدچىلىك ھەرىكىتى داۋامىدا، بولۇپمۇ 1905- يىلىدىكى رۇسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن تاتار مەتبۇئاتچىلىقى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. غاسپىرالى ئوتتۇرىغا قويغان بارلىق تۈركىي خەلقلەر چۈشىنەلەيدىغان «ئورتاق تۈركىي تىل» غايىسى جەدىدچىلەرنىڭ تۈركلۈك ئېڭىنى ئويغاتتى.[28] قىرىم، قازان، ئۇفا، ئورىنبۇرگ قاتارلىق شەھەرلەردە نەشر قىلىنىۋاتقان نەچچە ئونلىغان ئورتاق تۈركىي تىلدىكى گېزىت- ژۇرناللار رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوسمانلى سۇلتانلىقى، كاۋكاز ، ئىران، ئافغانىستان، ھىندىستان ھەمدە ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدىمۇ ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلىشقا باشلىغانىدى. تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ ئىسلاھات غايىلىرى بىلەن ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيەلىرى مۇشۇ مەتبۇئاتلارنى سەھنە قىلىپ پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا، بولۇپمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە جىددىي تارقالماقتا ئىدى. «بۇ گېزىت- ژۇرناللار تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك پائالىيەت سورۇنى ئىدى. مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمۇ گۈللىنىشكە باشلىغانىدى. گېزىت- ژۇرناللاردا دىنىي، ئىجتىمائىي تېمىدىكى ماقالىلەر بېسىلغاندىن سىرت، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىگە دائىر تۈرلۈك ئەسەرلەرمۇ بېسىلىپ تۇراتتى. زەكى ۋەلىدى توغان قاتارلىق داڭلىق ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخى ھەققىدىكى ئۇچۇرلىرى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت، لاتىپ ئەنسارى قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ زېھنىنى ئۇرغۇتتى. قىسقىسى، تاتار جەدىدچىلىك مەتبۇئاتى نەزەرخوجىغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان روھى ئويغاق زىيالىيلارنىڭ يېڭى زامان مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان ئەڭ

(28) كوماسى ھىروئۇ، «ئىنقىلابىي ئورتا ئاسىيا – جەدىدچىنىڭ پورترېتى»، قاراڭ: ئوئىشى شىنچىرۇ، «نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ تەزكىرەچىلىكى»، ئۈرۈمچى، 2004-يىل، 2-سان، 15-6-بەتلەر.

ياخشى مەكتىپكە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ، ‹شۇرا›، ‹ۋاقىت›، ‹تىل يارىش› قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللاردا ئۆز خەلقىنىڭ ھاياتىدىن خەۋەرلەر بەردى».[29] نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتنىڭ ۋاپاتىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 2001- يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان تولۇق ئەسەرلەر توپلىمىغا قارىساق، ئۇنىڭ 1909- يىلىدىن 1918- يىلىغىچە «ۋاقىت»، «شۇرا» قاتارلىق تاتار مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ئۆرپ- ئادەتلىرى ھەققىدە ئەڭ كۆپ ماقالە ئېلان قىلغان ئۇيغۇر زىيالىيسى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.[30]

شۇ يىللاردا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ تاتار مەتبۇئاتلىرىنىڭ تەسىرى كۈنسايىن كۈچىيىپ بارغان. 1914- يىلىدىن 1917- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلار يۇرتىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە يېڭىچە مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ياش تاتار ئالىمى نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ «ۋاقىت»، «شۇرا» قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللارغا يوللىغان خەۋەر- ماقالىلىرىدىن قارىغاندا، «چىنى تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تاتارچە گېزىت- ژۇرناللارنىڭ كىرىشى 1910- يىللاردىن باشلانغان بولسا كېرەك. ئۇ ئاقسۇدىكى سەپىرىدە ‹بۇ يەردىكى خەلق گېزىت ئوقۇمايدۇ، ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ئۇرۇش خەۋەرلىرىنىلا كۆرىدۇ› دەپ يازىدۇ. لېكىن قايسى گېزىتنى ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېنىق يازمايدۇ. قەشقەردىكى مەدەنىي ھايات ھەققىدە يازغاندا ‹قەشقەر خەلقى ئارىسىدا گېزىت ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيدى› دەپ يازىدۇ- يۇ، قانداق گېزىتلەرنى ئوقۇيدىغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بەرمەيدۇ. 1916- يىلى خوتەندىن يوللىغان مەلۇماتىدا ‹پۈتكۈل خوتەن تەۋەسىدە قۇربان ھاجى ۋە XXX موللا دېگەن ئىككى كىشىنىڭلا گېزىت- ژۇرنال ئوقۇيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ تېخى گېزىت- ژۇرنال ئوقۇشقا باشلىغىنىغا 4- 5 يىل بولغانلىقى› نى تىلغا ئالىدۇ. نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ مەلۇماتلىرىدا گېزىت- ژۇرناللارنىڭ ئىسمى ئېنىق بېرىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپ بولغاندا 3- 4 خىل تاتارچە گېزىت- ژۇرناللارغا يېزىلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىدىن بولغان خوتەنگىمۇ 1910- يىللار ئەتراپىدا تاتار

(29) ئابلىز ئورخۇن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، تۇرپان، 2006-يىللىق 2-سان، 76-64-بەتلەر؛ ئابلىز ئورخۇن: «ئۇيغۇر نامى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى»، «شىنجاڭ تەزكىرەچىلىكى»، ئۈرۈمچى، 2006-يىللىق 4-سان، 43-28-بەتلەر.

(30) نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف: «يورۇق ساھىللار»، شاۋدۇن ئايۇپوف نەشرگە تەييارلىغان، ئالمۇتا: «Zhazushi » نەشرىياتى، 1991-يىل نەشرى

جەدىدچىلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ يېتىپ بارغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن».[31]

ئۇيغۇر ئېلىدىكى يۇقىرى مەلۇماتلىق زىيالىيلارنىڭ ئەڭ كېچىككەندىمۇ 1910- يىللاردىن ئىلگىرىلا تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ مەتبۇئاتلىرى بىلەن تونۇشقانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بۇنى ئۇلارنىڭ شۇ يىللاردا ئۆز ئەسەرلىرىنى قازان قاتارلىق شەھەرلەردىكى مەتبەئەلەرگە ئەۋەتىپ باستۇرغانلىقىدىن دەلىللەشكە بولىدۇ. تارىخچى ئۆلىما موللا مۇسا سايرامى (1836- 1917) ئۆزىنىڭ «تارىخي ئەمنىيە» ناملىق ئەسىرىنىڭ قولىيازمىسىنى 1904- يىلى قازانغا ئەۋەتىپ تاش باسمىدا نەشر قىلدۇرغان.[32] ئۇنىدىن باشقا قەشقەردىكى مەشھۇر دىنىي ئۆلىما، ئىسلاھاتچى مۇتەپەككۇر ئابدۇقادىر داموللامنىڭ يازغان ماقالە- ئەسەرلىرىمۇ 1910- يىللاردىن كېيىن «شۇرا» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ئۇئىشى شىنىچىرۇنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «جاۋاھىرىل ئىقاد» ناملىق ئەسىرى «شۇرا» ژۇرنىلىغا بېسىلغاندا، مۇھەررىر ئۇنىڭ تالانتىغا قايىل بولۇپ بۇ ھەقتە مەخسۇس تەقرىز ئېلان قىلغان.[33] ئۇنىدىن باشقا، «ئابدۇقادىر داموللا كىمدۇر؟» دېگەن ماقالىمۇ «شۇرا» ژۇرنىلىغا پۈتۈن سەھىپە بويىچە بىرنەچچە رەت بېسىلغان.[34]

دېمەك، ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە ھازىرقى زامان مەتبەئەچىلىكى رەسمىي يولغا قويۇلغان 1930- يىللاردىن ئىلگىرى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى سىرتقى دۇنيادىن ئالىدىغان ئۇچۇرنى ئاساسەن دېڭىزدەك قىرىم، قازان، ئۇفا ۋە ئورىنبۇرگلاردا نەشر قىلىنىدىغان جەدىدچە گېزىت- ژۇرناللاردىن ئالغان. 1905- يىلىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، بۇخارا، سەمەرقەنت، قوقان قاتارلىق شەھەرلەردە تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن مىللىي مەتبۇئاتچىلىق گۈللىنىشكە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار يۇرتىغا كىرىدىغان گېزىت- ژۇرناللارمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپەيگەن. 1912- يىلى شۋېت مىسسىيونېرلىرى قەشقەردە زامانىۋى ئەسلىھەلىك باسمىخانا قۇرۇپ ئۇيغۇر تىلىدا تۈرلۈك مەزمۇندىكى كىتاب- ماتېرىياللارنى نەشر قىلىشقا باشلىغان. 1914- يىلى قەشقەردىكى شۋېت باسمىخانىسى گۇستاف رەكېتنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە

(31) ئابلىز ئورخۇن، يوپۇرمىقى ماقالىگە قاراڭ؛ ئۇئىشى شىنىچىرۇ، «نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ تەزكىرەچىلىكى»، ئۈرۈمچى، 2004-يىل، 2-سان، 15-6-بەتلەر.

(32) موللا مۇسا سايرامى: «تارىخي ھەمىدى»، ئەنۋەر بايتۇر نەشرگە تەييارلىغان، كىرىش سۆز قىسمىغا قاراڭ، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986-يىل نەشرى، 11-بەت.

(33) «شۇرا»، 1915-يىللىق 23-سان، ، 722-بەت.

(34) «شۇرا»، 1916-يىللىق 7-سان، 183-بەت؛ 1917-يىللىق 1-سان، 24-بەت

«ياروُغلوُق: ئالتەشەھەرنىڭ رۇزنامەسى» ناملىق ئۇيغۇرچە گېزىت نەشر قىلغان. مەزكۇر گېزىت زامانىۋى باسمىدا تۆت بەت قىلىپ بېسىلغان. ئۇنىڭدا دۇنيا ۋە خىتاي خەۋەرلىرى، ئۇيغۇرلار يۇرتىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، قەشقەر رايونىنىڭ ۋەزىيىتى، تۈرلۈك ئېلان- خەۋەرلەر بېسىلىپ چىققان. تەھرىرلىك پرىنسىپى جەھەتتىن رۇسىيە تەۋەسىدە نەشر قىلىنىۋاتقان تاتارچە گېزىتلەرنىڭ ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلغان. ۋەھالەنكى ، بۇ گېزىت بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي كاساتچىلىقنىڭ تەسىرىدە داۋاملىق نەشر قىلىنىش پىلانىدىن قالغان.[35] گەرچە شۋېت مىسسىيونېرلىرى نەشر قىلغان مەزكۇر گېزىت خەلق ئىچىگە تارقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەردىكى ئاۋام مۇسۇلمانلار شۋېتلارنىڭ خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش پائالىيەتلىرىگە قارشى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بۇ گېزىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ گېزىت- ژۇرناللىرىدەك كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلالمىغان.

## - 4 -

تاتار جەدىدچىلىرى قوزغىغان ئاقارتىش ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھات دولقۇنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاۋازى بولغان يېڭىچە گېزىت- ژۇرناللار ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ئۇيغۇرلار يۇرتىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئۇسۇلى- جەدىد» مائارىپى ۋە يېڭىچە مەتبۇئاتچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يېڭى تارىخىي دەۋردىكى مىللىي كىملىك تېمىسىنىمۇ مەيدانغا ئېلىپ چىقتى. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى قايتا تونۇش جەريانى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش تۈركىي خەلقلەرگە ئوخشاشلا ئالدى بىلەن مىللەت نامىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئېتنىك مەدەنىيەت تۈركۈمىنىڭ دائىرىسىنى ئايرىش ھەمدە يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئورتاق مىللىي ئەدەبىي تىلنى بەرپا قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ جەھەتتە 1920- يىللارغا قەدەر تاتار جەدىدچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەتبۇئاتلىرىنىڭ ئوينىغان رولى ناھايىتى زور بولدى.

20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى خەلقلەردە ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئېتنىك چەك- چېگرا ئايرىغان

(35) Gunnar Jarring, Prints from Kashgar: The Printing-office of the Swedish Mission in Eastern Turkistan, History and Production with an Attempt at a Bibliography, Swedish Research Institute in Istanbul, 1991, Transactions, Vol. 3, Stockholm, pp. 14-15.

مىللەت ئۇقۇمى شەكىللەنمىگەن ئىدى. ئۇلاردا دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن ئېيتقاندا «مۇسۇلمان» لىق، تىل ۋە قان- قېرىنداشلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا «تۈرك» لۈك، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان كونكرېت جۇغراپىيەلىك ماكان جەھەتتىن مەلۇم «يۇرت» لۇق ياكى «شەھەر» لىك مەنسۇبىيىتى مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا ئۇلار خىتاي، رۇس ۋە باشقا يات تائىپىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ئۆزلىرىنىڭ «مۇسۇلمان» لىق كىملىكىنى، ئەرەب، پارس- تاجىك، ئافغان، ھىندى ۋە باشقا مۇسۇلمان قەۋملەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا «تۈرك» لۈك كىملىكىنى، ئۆز- ئارا بىر- بىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا «قەشقەرلىك»، «ئەنجانلىق» دېگەندەك «يۇرت» لۇق كىملىكىنى ياكى «سارت»، «تارانچى» دېگەندەك ئىگىلىك شەكلى جەھەتتىكى ئوخشىمىغان كىملىكىنى تەكىتلەيتتى. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئوسمانلى سۇلتانلىقىنىڭ زەئىپلىشىشى، قىرىم تاتارلىرىنىڭ رۇسلار تەرىپىدىن مىللىي ئاسسىمىلياتسىيەگە دۇچ كېلىشى ھەمدە مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ئومۇمىي چۈشكۈنلۈك سەۋەبىدىن يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى مىللىي كىملىكى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن تۈركچىلىك ئىدىيەلىرى ھەمدە يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى ئىسلامىي كىملىك مەسىلىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا جانلىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ 1905- يىلىدىكى رۇسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن، تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركچىلىك ئېڭى باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئىسمائىل غاسپىرالى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ مىللەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ھەمدە پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر ئۆتتۈرىسىدا ئورتاق ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش غايىلىرى «تەرجىمان»، «ۋاقىت»، «تىل يارىش»، «شۇرا» قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ھەتتا ئۇيغۇرلار ۋەتىنىگە كەڭ تارقالدى. ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ماكارتنېي 1909- يىلى خىتاي دائىرىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ «يەرلىك تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا پان- ئىسلامىزملىق پىكىر ئېقىمىنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقى» ھەققىدە مەلۇمات يازغانلىقى مەلۇم.[36]

تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆرۈلۈۋاتقان «يېڭى تۈركچىلىك» پىكىر ئېقىمى چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنى قاتتىق خاتىرجەمسىزلەندۈردى. بۇنىڭ بىلەن چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ،

(36) Macartney, G., "Eastern Turkistan: The Chinese as Rulers Over an Alien Race", In: Proceedings of the Central Asian Society, 10 March, 1909, pp. 18-19.

ئۇلار نەشر قىلىشۋاتقان تۈرلۈك گېزىت- ژۇرناللارنى تەقىب قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى ئىگىلىك شەكلى ۋە تىل- شېۋە پەرقىگە قاراپ ئۇششاق ئېتنىك تۈركۈملەرگە بۆلۈپ باشقۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. لېكىن 1914- يىلى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا 1917- يىلى چار پادىشاھنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن بۇ پىلان ئىشقا ئاشماي قالىدۇ. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن يېڭىدىن قۇرۇلغان سوۋېتلار ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى قېرىنداش خەلقلەرنى ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئۇششاق ئېتنىك تۈركۈملەرگە ئايرىيدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ «مىللەت» ناملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ. مۇشۇ ئاساستا سوۋېتلار ئىتتىپاقى تەركىبىدە مىللىي ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنى تەسىس قىلىدۇ. ئاندىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئەدەبىي تىلى، يېزىق ۋە ئىملا قائىدىسى ھەمدە ھازىرقى زامان مىللىي ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلىش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىلگىرىكى «مۇسۇلمان»، «تۈرك» ياكى ھەرقايسى «يۇرت» ناملىرى بىلەن ئاتالغان مەۋھۇم ھالەتتىكى كىملىكتىن قول ئۈزۈپ، مىللىي ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ناملىرى بويىچە ھازىرقى زامان مىللەتلىرىگە ئايرىلىپ چىقىدۇ. سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كۆرۈلۈۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى مىللىي كىملىكىنى بەرپا قىلىش ئىشلىرىغا چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسلام دىنى 10- ئەسىردىن باشلاپ قاراخانىيلار خاندانلىقى تەۋەسىگە ئومۇملاشقاندىن كېيىن «ئۇيغۇر» نامى كۇچانى پاسىل قىلغان قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى تېرىتورىيەسىدە ياشىغۇچى بۇددىست ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدىغان بولغان. بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرىمۇ «دىۋانۇ لۇغەت- تىت تۈرك» تە ئېنىق مەلۇمات بېرىدۇ.[37] 14- ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىسلاملىششى بىلەن تۇرپان ئويمانلىرىدىمۇ «مۇسۇلمان» لىق دىنىي كىملىكى «ئۇيغۇر» لۇق مىللىي كىملىكىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن «ئۇيغۇر» نامى تۇرپان ئويمانلىقىدا بارا- بارا ئىستېمالدىن قېلىپ، تېخىمۇ شەرقتىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنىلا كۆرسىتىدىغان نام بولۇپ قالىدۇ. 16- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدىي» ناملىق

(37) مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەت-تىت تۈرك»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل نەشرى، 1-توم، 151-152-بەتلەر.

ئەسرىدە «سارىغ ئۇيغۇر» نامى ئاخىرىقى قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ.[38]

20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، جەدىدچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ زامانىۋى مەتبۇئاتلىرىنىڭ تەسىرىدە بىر قىسىم بالدۇر ئويغانغان سەرخىللار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن تارىختا زور شۆھرەتكە ئىگە بولغان، لېكىن يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن «ئۇيغۇر» نامى قايتا تىلغا ئېلىنىشقا باشلايدۇ. ئىلى ۋە يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان تارىخچى ۋە مەشھۇر ئەدىب نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت 1911- يىلىدىن ئېتىبارەن «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدە ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتنىڭ «ئۇيغۇر بالىسى» دېگەن تەخەللۇسنى ئىشلىتىشى ھەمدە «ئۇيغۇر» نامىنى يېڭى تارىخىي دەۋردىكى مىللىي ئېتنىك نام سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش ئارزۇسىدا بولۇشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى.[39] چۈنكى 1905- يىلىدىكى رۇسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە زەكى ۋەلىدى توغان ۋە باشقا تۈركولوگلارنىڭ ماقالىلىرى يورۇق كۆرۈشكە باشلىغانىدى. بۇ ھال نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتكە ئوخشاش ئۇيغۇر سەرخىللىرىدىكى مىللىي كىملىك ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «تارانچى تۈركلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق رىسالىسىنىڭ سۆز بېشىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز – ئۇيغۇر بالىلىرى، خوتۇسەن تارانچى تۈركلىرى ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تارىخلىرىنى، مىللىي قەھرىمانلىرىمىزنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ياخشى بىلمەيمىز. مىللىي تارىخنى ئوبدان بىلمىگەنلىكىمىزدىن دوست- دۈشمەن، يىراق- يېقىننى پەرقلەندۈرەلمەيمىز... مىللىي تارىخنى بىلىش مۇتلەق لازىمدۇر. لېكىن بۈگۈنگە قەدەر ئۇيغۇر ئۇدۇمىنىڭ مىللىي تارىخى تەتقىق ئېتىلگەن ئەمەستۇر».[40] ئۇ ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە ياشاۋاتقان كەڭ ئاۋام خەلقنىڭ ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ مىللەت نامىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىگە قاتتىق ئېچىنىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇرۇنقى زاماندا ‹ئۇيغۇر› ئاتىلىپ، ھازىر ئاتسىز قالغان

(38) مىرزا ھەيدەر كوراگانى: «تارىخىي رەشىدى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل نەشرى، 1-توم، 763-بەت.

(39) ئابلىز ئورخۇن، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، تۇرپان، 2006-يىللىق 2-سان، 76-64-بەتلەر؛ ئابلىز ئورخۇن: «ئۇيغۇر نامى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى»، «شىنجاڭ تەزكىرەچىلىكى»، ئۈرۈمچى، 2006-يىللىق 4-سان، 43-28-بەتلەر.

(40) نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت: «تارانچى تۈركلىرىنىڭ تارىخى»، «يورۇق ساھىللار» ئالمۇتا: «Zhazushi» نەشرىياتى، 1991-يىل نەشرى، 9-بەت.

چىنى تۈركىستان تۈركلىرىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش مەنزىرىسى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ۋە بىچارىدۇر... يەرلىك بىر تۈركتىن ‹سەن كىم؟› دەپ سورىساڭ، ‹مەن مۇسۇلمان› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ‹ياق، مەن دىنىڭنى سورىمىدىم› دېسەڭ ھودۇقۇپ ‹مەن چەنتو› دەيدۇ. قازاق، قىرغىزلارغا ئارىلاشقان يەرلىكلەر ‹بىز سارت› دەيدۇ. دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. مانا بۇ جاھالەت!»[41]

1914- يىلىدىن 1917- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنى كېزىپ چىققان ياش تاتار ئالىمى نوشىرۋان يائۇشېۋ رۇسىيەدىكى تاتار مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇرلار ھاياتى ھەققىدە نۇرغۇن ماقالە- خەۋەرلەرنى ئېلان قىلىدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلار يۇرتىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە «شۇرا» ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن ماقالىلىرىدە يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللەت نامىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنلىكى ھەمدە مىللىي كىملىكىنى بىلمەيدىغانلىقىدىن چوڭقۇر قايغۇرىدۇ: «ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ‹سىز كىم بولىسىز؟› دەپ سورىسا، ‹چەنتو بولىمىز› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ، ‹چەنتو› خىتايلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ئات بولۇپ ‹يۆگىمە باش› دېگەن مەنىدە. خىتايلار ئالتەشەھەردە مۇسۇلمانلارنىلا ئەمەس، بەلكى تۇڭگانلاردىن باشقا بارلىق مۇسۇلمانلارنى ‹چەنتو› دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردە مىللىي تارىخ، ئانا تىل ۋە مىللىي ئەدەبىيات ئۆتىدىغان مەكتەپ - مەدرىسلەر يوق. بولسىمۇ بۇخارا ئۇسلۇبىدا. مانا شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي يۈرۈشىدۇ. بۇ يەردە ئۆز ئانا تىلىدا توغرا يازالايدىغان ۋە ئوقۇيالايدىغان شۇنداقلا مىللىي تارىختىن خەۋەردار كىشىلەر بەكمۇ ئاز.»[42] ئۇنىدىن باشقا، نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ «ۋاقىت»، «شۇرا» قاتارلىق تاتار مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ماقالە- خەۋەرلىرى ئۆز دەۋرىدىكى ئورتا ئاسىيادىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلار ئارىسىدىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان. ئۇئىشى شىنىچىرۇ ئەپەندىمۇ بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلىپ، «شۇ مەزگىللەردىكى ‹ۋاقىت› گېزىتى بىلەن ‹شۇرا› ژۇرنىلىدىكى خەۋەرلەردىن قارىغاندا، نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ نامى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تونۇلغان دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ» دەيدۇ.[43]

---

(41) نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت: «بىزنىڭ تۇرمۇش»، «يورۇق ساھىللار» 96-94-بەتلەر.
(42) نوشىرۋان يائۇشېۋ: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2005-يىللىق 2-سان، 8-بەت.
(43) ئۇئىشى شىنىچىرۇ: «نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ساياھىتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، ئۈرۈمچى، 2004-يىللىق 2-سان، 15-6-بەتلەر.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مىللىي ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ چېگراسىنى ئايرىش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ناملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەمدە ئورتاق ئەدەبىي تىلىنى يارىتىش قاتارلىق بىر يۈرۈش زور سىياسىي- ئىجتىمائىي ئۆزگەرتىشلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ سىياسىي- ئىجتىمائىي دولقۇندا سوۋېتلار ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى قەشقەرىيە ۋە تارانچى جامائىتىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللىي- ئېتنىك نامى ھەمدە ئورتاق ئەدەبىي تىلى مەسىلىلىرىمۇ يېڭى كۈنتەرتىپكە قويۇلىدۇ. 1921- يىلى 6- ئاينىڭ 21- كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى قۇرۇلتىيى تاشكەنتتە چاقىرىلىدۇ. قۇرۇلتايدا مەشھۇر سىياسىيون ۋە جامائەت ئەربابى ئابدۇللا روزىباقىيېف (1897- 1938) نىڭ تەشەببۇسى بىلەن شۇ مەزگىللەرگە قەدەر «ئالتەشەھەرلىك»، «قەشقەرلىك»، «تۇرپانلىق»، «تارانچى» دېگەندەك تۈرلۈكناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بۇ خەلقنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى تارىختا قوللانغان «ئۇيغۇر» دېگەن ئورتاق ئېتنىك نامىنى قانۇنىي يوسۇندا ئەسلىگە كەلتۈرۈش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. قۇرۇلتايدا ئابدۇللا روزىباقىيېف ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «تارىختا ۋە بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشىمىزدا ‹قەشقەرلىك›، ‹تۇرپانلىق›، ‹تارانچى› دېگەندەك ئايرىم مىللەتلەر مەۋجۇت بولغان ئەمەس، بەلكى ‹ئۇيغۇر› دېگەن بىرلا مىللەت بار. قەشقەر بىر شەھەرنىڭ نامى، ئۇيغۇرلار يۇرتىدا بۇنداق شەھەرلەر كۆپ. خۇددى ‹تاشكەنتلىك›، ‹ئەنجانلىق› دېگەن ناملار ئايرىم مىللەتلەرنى تەشكىل قىلالمىغىنىدەك ‹قەشقەرلىك›، ‹ئىلىلىق› دېگەن ناملارمۇ مىللىتىمىزگە نام بولالمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ‹ئۇيغۇر› دېگەن مىللەت نامىمىزغا ماس ھالدا ھەممىگە ئورتاق بولغان ‹ئۇيغۇر تىلى› دېگەن بىرلا تىل بار».(44)

ئابدۇللا روزىباقىيېف باشچىلىقىدىكى سەرخىللارنىڭ كۈچلۈك تەشەببۇسى بىلەن بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا «ئۇيغۇر» دېگەن تارىخىي ئېتنىك نامىنى قوبۇل قىلىش ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىنى ئىلى- يەتتەسۇ (تارانچى) دىيالېكتى بىلەن پەرغانە (قەشقەر) دىيالېكتى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش قارار قىلىنىدۇ.(45) ئەمەلىيەتتە، سوۋېتلار ئىتتىپاقىدا يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ

(44) يولداش ئەزەمەتوف تۈزگەن: «20-ئەسىر نامايەندىلىرى»، ئالمۇتا، 2005-يىل، 31-بەت.
(45) ھەيدەروف، ئا. ت.، «سابىق سوۋېتلار ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلىنى بەرپا قىلىش جەريانى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993-يىللىق 4-سان.

مەيدانغا كېلىشى 1918 - يىلىنىڭ بېشىدا ئالمۇتىدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «سادايى تارانچى» گېزىتى بىلەن 1921 - يىلى ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ گېزىتنىڭ نەشر قىلىنىشى ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلىرىدە ياشايدىغان 500 مىڭدىن 700 مىڭغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئۈچۈن»[46] دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن ئابدۇلھەي مۇھەممەدى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆلچەملىك ئەدەبىي فورمىسىنى يارىتىشتا ئۇيغۇر تىلىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي دىئالېكتلىرىدىن ئورتاق پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەمدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «ئەگەر بىز يازما ھۆججەت ۋە كىتاب- ماتېرىياللارنى ساپ قەشقەر شېۋىسىدە ياكى ساپ تارانچى شېۋىسىدە نەشر قىلىدىغان بولساق ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىمىز. شۇ سەۋەبتىن، بىز سوۋېتلار ئىتتىپاقى ۋە خىتايدا ياشايدىغان پۈتكۈل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئەدەبىي تىل ۋە ئىملا قائىدىسىنى بەرپا قىلىشىمىز زۆرۈر».[47] 1926 - يىلى سوۋېتلار ئىتتىپاقى مەركىزىي نەشرىياتى تەرىپىدىن ياش ئالىم ئابدۇلھەي مۇھەممەدىنىڭ «ئۇيغۇرچە يېزىق يوللىرى» ناملىق كىتابى نەشر قىلىندۇ. ئاپتور بۇ كىتابىدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىملا قائىدىلىرىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى تۇنجى قېتىم ھازىرلاپ بېرىدۇ.

ھالبۇكى، ئابدۇلھەي مۇھەممەدى قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قەشقەر ۋە تارانچى شېۋىلىرىنى تەڭ ئېتىبارغا ئالغان ھالدا ئورتاق ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئىملاسىنى يارىتىش تەشەببۇسلىرى سوۋېتلار ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرى ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى توختىتىپ قالالمايدۇ. بۇ ئىختىلاپلار ئەمەلىيەتتە سىياسىي ئۈستۈنلۈك ۋە تەسىر دائىرە تالىشىش جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىشكە باشلايدۇ. چۈنكى ئابدۇللا روزىباقىيېف باشچىلىقىدىكى ئالمۇتانى مەركەز قىلغان «تارانچىلار» گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن قادىر ھاجى ھاشىم ھاجىيېف رەھبەرلىكىدىكى تاشكەنتنى بازا قىلغان «قەشقەرلىكلەر» گۇرۇپپىسى تەبىئىي يوسۇندا ئۆزلىرىنى بولشېۋىكلار پارتىيەسى رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىنى ئىشقا

(46) يولداش ئەزىمەتوف تۈزگەن: «20-ئەسىر نامايەندىلىرى»، ئالمۇتا، 2005-يىل، 31-بەت.
(47) ئابدۇلھەي مۇھەممەدى: «مۇھىم بىر مەسىلە»، «كەمبەغەللەر ئاۋازى»، 1927-يىل 21-مارت، 1-ئاپرېل سانلىرى.

ئاشۇرۇشنىڭ يېتەكچى كۈچ دەپ ھېسابلىغان.[48] مەلۇم بولۇشىچە، قەشقەردىن پەرغانە ۋادىسىغا چىققان ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلىرىدىن ئەلى ھاجى نورۇز ھاجى ئوغلىنىڭ 1925- 1927- يىللىرى قادىر ھاجىنىڭ «قەشقەرلىكلەر» گۇرۇپپىسىغا قوشۇلغان. ئۇلارنىڭ ئۆزبېكىستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيەسىگە يوللىغان دوكلاتىدىمۇ «ئۇيغۇرىستاننىڭ مىللىي ئازادلىقى ۋە كېلەچەكتىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن» ئۆزلىرىنىڭ ئاۋانگارت گۇرۇپپا ئىكەنلىكىنى ھەمدە جىددىي ياردەمگە موھتاجلىقى ئەسكەرتىلگەن.[49]

1920- يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلانغان سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت نامىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەمدە ئورتاق ئەدەبىي تىلنى يارىتىش يولىدىكى تارتىشمىلار ھەمدە بۇ ھەقتىكى ئۇيغۇرچە كىتاب- ماتېرىياللار ياڭ زېڭشىننىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدىمۇ مەلۇم تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. «ئۇيغۇر» دېگەن مىللىي نام ھەمدە مىللىي كىملىك تۇيغۇسى بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق سەرخىللار ئارىسىدا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. تەرەققىيپەرۋەر سودىگەر مەقسۇت مۇھىتىنىڭ قوللىشى بىلەن تۇرپان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ ئاقارتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تاتار جەدىدچى زىيالىيلىرىدىن ھەيدەر سايرانى 1917- يىلى تۇرپان ئاستانىدە تۇغۇلغان تۇنجى ئوغلىغا «ئۇيغۇر» دەپ ئىسىم قويىدۇ. ئاشۇ يىللاردا يالقۇنلۇق شېئىرلىرى بىلەن ئەل ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىغان ياش شائىر ئابدۇخالىقمۇ ئۆزىگە «ئۇيغۇر» دېگەن تەخەللۇسنى تاللىۋالىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىگە «ئۇيغۇر» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىشى بىر تەرەپتىن ئۇستازى ھەيدەر سايراننىڭ تەسىرىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تاغىسىغا ئەگىشىپ رۇسىيەنىڭ شەمەي، قازان، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلىرىدە جەدىدچىلەرنىڭ گېزىت- ژۇرناللىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر ماقالىلەر بىلەن تونۇشقانلىقى ھەمدە مىللىي كىملىكنى ھېس قىلىپ يەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. بەزى مەنبەلەر ھەتتا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 1921- يىلىدىكى سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاشكەنتتە چاقىرىلغان تۇنجى قۇرۇلتىيىغا قاتناشقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

(48) David Brophy, The fate of the ”Young Kashgaris”: A page from the political history of Xinjiang, Contact Zone between Nomadic and Sedentary Worlds: New Sources and Viewpoints for Asian Studies, Research Institute for Oriental Cultures Gakuin University, No. 57, Tokyo, 2012, pp. 61-77.
(49) David Brophy, ibid, pp. 61-77.

1930- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە داغدۇغىلىق مىللىي قۇتۇلۇش ئىنقىلابلىرى باشلىنىدۇ. 1933- يىلى ئاپرېلدا مىلىتارىست شېڭ شىسەي ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆز قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر مەھەل سوۋېت ئىتتىپاقىغا مايىل بولۇپ دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە قولىغا كەلتۈرگەن «سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئاستىدىكى ھازىرقى زامان سوۋېت مىللەتلىرى» ھەمدە ئۇلارنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى «مىللىي ئەدەبىي تىللىرى» ھەققىدىكى سىياسىي تەجرىبىلىرىنى ئۇيغۇر ئېلىگە ئېكسپورت قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىۋاسىتە كۆرسەتمىسى بىلەن «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت» ئۆلكە تەۋەسىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ يېڭى ئېتنىك ناملىرىنى بېكىتىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ تىل- يېزىقلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلىدۇ. 1934- يىلى 11- ئاينىڭ 29- كۈنى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت» دۇبەن شېڭشىسەي بىلەن مۇئاۋىن رەئىس خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىمزاسىدا پەرمان ئېلان قىلىپ، شۇ كەمگىچە «چەنتو»، «مۇسۇلمان» ياكى ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن يەرلىك ئاھالىنى «ئۇيغۇر» دېگەن رەسمىي ئورتاق مىللىي نام بىلەن ئاتاشنى قارار قىلىدۇ ھەمدە بۇ نامنىڭ خىتايچە يېزىلىشىنى «维吾尔» دېگەن ئۈچ خەت بىلەن يېزىشنى بەلگىلەيدۇ.[50]

1934- يىلدىن كېيىن ئۈرۈمچى، ئىلى، چۆچەك قاتارلىق شىمالدىكى شەھەرلەردە نەشر قىلىنغان گېزىت- ژۇرناللار ۋە كىتابلاردا ئاساسىي جەھەتتىن سوۋېتلار ئىتتىپاقىدا بەرپا قىلىنغان ئۇيغۇر ئورتاق ئەدەبىي تىلىنىڭ تەسىرى كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. ئۆز دەۋرىدىكى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت» نىڭ نەشر- ئەپكارى بولغان «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى 1935- يىلى تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، گېزىتنىڭ تىل ۋە ئىملاسىنى ئاساسىي جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار قوللىنىۋاتقان ئورتاق ئەدەبىي تىلغا يېقىنلاشتۇرىدۇ.[51] شۇنداق قىلىپ، 1930- يىللارنىڭ باشلىرىدا

(50) «新疆日报», 1934年11月29日版； 包尔汉：«新疆五十年», 民族出版社, 北京, 1982年版, 第528-529页；新疆维吾尔自治区对外文化交流协会编：«维吾尔民俗文化», 新疆美术摄影出版社, 2006年版, 第4页

(51) ئابلىز ئورخۇن، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى»، «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، تۇرپان، 2006-يىللىق 2-سان، 76-64-بەتلەر؛ ئابلىز ئورخۇن: «ئۇيغۇر نامى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى»، «شىنجاڭ تەزكىرەچىلىكى»، ئۈرۈمچى، 2006-يىللىق 4-سان، 43-28-بەتلەر.

ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە شەكىللەنگەن ۋە جەدىدىي رەۋىشتە تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» سوۋېت ئىتتىپاقىدا بەرپا قىلىنغان ئۇيغۇر ئورتاق ئەدەبىي تىلىنىڭ فورمىسىنى قوبۇل قىلغان ھالدا ئۈرۈمچى ۋە ئىلى تەلەپپۇزى ئاساسىدا راۋاجلىنىشقا باشلايدۇ.

## - 5 -

قازان ۋە قىرىم تاتارلىرى قوزغىغان جەدىدىچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋەتىنىگە تارقىلىشىدا 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ جەدىدىي تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان ھازىرقى زامان تاتار ئەدەبىياتى مۇھىم روللارنى ئوينىدى. 1905- يىلىدىكى رۇسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن يېڭى پۇرسەتكە ئېرىشكەن تاتار ئەدەبىياتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ دەۋردە مىللىي مەتبۇئاتچىلىقنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىشى تاتار ئەدەبىياتىنى ئۆز تۈپرىقىدىن ھالقىپ چىقىشتەك يېڭىچە ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلدى. خۇددى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «يەنە بىر تەرەپتىن، رۇس، تۈركىيە ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىدىكى دېموكراتىك پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرى بىلەن تاتار مەدەنىيىتىدە ئويغىنىش دەۋرى باشلىنىپ، يېڭى زامان تاتار ئەدەبىي تىلى ۋە شۇ تىل بىلەن يارىتىلغان تاتار ئەدەبىياتى شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ جەھەتتە شاھابىددىن مارجانى، ئىبراھىم ھەلەفىن، ئىسمائىل غاسپىرالى قاتارلىق تاتار مەرىپەتچىلىرى باشچىلىقىدىكى زىيالىيلار قاتلىمى ۋە ئۇلارنىڭ قازان، ئۇفا، قىرىم قاتارلىق جايلاردا تەسىس قىلغان بىر قاتار مەتبۇئات ۋە نەشرىياتلىرى چوڭ روللارنى ئوينىدى. 1905- يىلىدىكى بىرىنچى رۇس ئىنقىلابى بىلەن تۈركىيە مىللىي بۇرژۇئازىيەسىنىڭ سۇلتانلىق تۈزۈمگە قارشى دېموكراتىك ئىنقىلاب ھەرىكەتلىرى تاتار يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا، مەجىت غاپۇرى، فاتىخ ئەمىرخان، ئابدۇللا توقاي، سەغىت رەمىيېۋ، غالىمجان ئىبراھىموف قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدىب ۋە شائىرلار يېتىشىپ چىقىپ يېڭى زامان تاتار ئەدەبىياتىنىڭ تاكامۇللىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن يېڭى تاتار ئەدەبىياتى تاتارىستان دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرمۇنچە خەلقلەر بىلەن ئۇيغۇرلار يۇرتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى».[52]

(52) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: « ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن تاتار ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز-ئارا تەسىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، ئۈرۈمچى، 1988-يىللىق 2-سان؛ ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996-يىل نەشرى، 222-200-بەتلەر.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ دەۋردىكى تاتار جەدىدچى مەتبۇئاتلىرىدىن «تەرجىمان»، «ۋاقىت»، «تىل يارىش»، «شۇرا» قاتارلىق گېزىت- ژۇرناللار تولۇق يوللار بىلەن ئۇيغۇرلار ۋەتىنىگە كىرىپ بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە ئوقۇرمەنلىرىنىڭ يېڭى تاتار ئەدەبىياتىغا بولغان تونۇشىنى كۈچەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى)، ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق ئۇيغۇر ئەدىبلىرى بىلەن نوشىرۋان يائۇشېفقا ئوخشاش تاتار جەدىدچى زىيالىيلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە يازغان ماقالە- خەۋەرلىرى يۇقىرىقى مەتبۇئاتلاردا ئۈزلۈكسىز ئېلان قىلىنىپ، تاتار جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تونۇشىنىمۇ ئىلگىرى سۈردى. شۇ دەۋرلەردە يەنە ئۇيغۇرلار يۇرتىدا زامانىۋى مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىق تېخى ئومۇملاشمىغان بولغاچقا، ئۇيغۇر بىلىم ئادەملىرىدىن موللا بىلال نازىم (1823- 1899) نىڭ «غازات دەر مۈلكى چىن»، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخي ئەمنىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى قازاندىكى تاتار مەتبەئەلىرىدە تاش باسما ئۇسۇلى بىلەن بېسىلىپ كەڭ تارقالغان. بۇ ھال ئۆز دەۋرىدە قازان، قىرىم تاتارلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن.

تاتار ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى مۇھاكىمە قىلغاندا ئەڭ ئالدى بىلەن تاتار يېڭى شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارى شائىر ئابدۇللا توقاي (1886- 1913) نى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھەقتە 20- ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر مۇنداق دەيدۇ: «ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئالدى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە ئاساس سالغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇلار بىلەن زامانداش ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرلىرى شۇنداقلا كېيىنكى دەۋردىكى شائىرلار ئىجادىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. بۇ جەھەتتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. مەيلى تېما، مەزمۇن ياكى تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن بولسۇن، ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئابدۇللا توقاينىڭ تەسىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تاتار تىلى بىلەن يازغان شېئىرىمۇ بۇنىڭ بىر دەلىلى».[53]

يېڭى تاتار ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى ئەڭ دەسلەپ قوبۇل قىلغان كىشى ئىلى ۋە يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان تارىخچى ۋە ئەدىب نەزەرخوجا

(53) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، يۇقىرىقى ماقالىگە قاراڭ.

ئابدۇسەمەت ئوغلى (1887- 1951) دۇر. ئۇ 1911- يىلىدىن باشلاپ «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسى بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلىدا تۈرلۈك ژانىردىكى ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى شېئىر ۋە پىروزا ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، يېڭىدىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن تاتار ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901- 1933) تاتار يېڭى ئەدەبىياتى بىلەن ئەڭ بالدۇر تونۇشقان ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ناھايىتى ياش چاغلىرىدىن باشلاپلا تۇرپان ئاستانىدىكى «ئۇسۇلى- جەدىد» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان تاتار زىيالىيلىرىدىن ھەيدەر سايرانى (1886- 1943) دىن دەرس ئاڭلىغان ھەمدە ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن تاتار ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان.[54] 1915- يىلىدىن كېيىن سودا- تىجارەت قىلىدىغان تاغىسىغا ئەگىشىپ رۇسىيەنىڭ شەمەي، قازان، ئۇفا، ئورىنبۇرگ، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلىرىگە كۆپ قېتىملار بارغان. بىر مەزگىل قازاندا تۇرۇپ ئوقۇغان شۇنداقلا تاتار ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئابدۇللا توقاي قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان. 1920- يىللاردىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىدە پارتلاش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش مەيدانغا كەلگەن. ئۇ تاتار ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدىكى گۈپۈلدەپ تۇرغان مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي كىملىك روھىدىن ئىلھاملار ئالغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئېغىر ئىجتىمائىي رېئاللىقى، ئاۋام ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جاھالەت، نادانلىق ھەمدە ھوقۇقسىزلىق شۇنداقلا مىللەتنىڭ بېشىغا مىنىۋالغان خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى شائىرنىڭ ئويغاق قەلبىنى قاتتىق ئازابلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار شېئىرلىرى بىلەن خەلقنى ئويغىتىشقا بەل باغلايدۇ.

1930- يىللاردىكى مىللىي قۇتۇلۇش ئىنقىلابى جەريانىدا يېڭىدىن شەكىللەنگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېخىمۇ زور تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدا ئارقا- ئارقىدىن ئەسەرلەر يورۇقلۇققا چىقىشقا باشلايدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىمۇ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي نورمىسىنى بەرپا قىلىشقا كىرىشىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1922- 1945)

(54) ئىلچى سايرانى: «تەرەققىيات ئەلچىسى، ئاتاقلىق مائارىپچى – ھەيدەر سايرانى»، «جۇڭگو تاتارلىرى»، ئۈرۈمچى، 2006-يىللىق 1-سان، 85-بەت.

ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش شېئىرلىرى بىلەن تونۇلىدۇ. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئىلىدىكى تاتار مەكتىپىدە ئوقۇغان بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپلا تاتار يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە يازغان نۇرغۇن شېئىرلىرىدىمۇ ئابدۇللا توقاينىڭ مۇئەييەن تەسىرلىرىنى بايقاشقا بولىدۇ. زاماننداشلىرىنىڭ ئەسلىمىسىگە قارىغاندا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1944- يىلى ئابدۇللا توقاينىڭ «مۇھەببەت» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ تۆۋەندىكى شېئىرنى يازغانلىقى مەلۇم:

ھەي، سۆيۈملۈك توقاي،
ئەشئارىڭنى ئوقاي.
ئىلھام ئالدىم سەندىن،
مەن نېمىدىن قورقاي؟
قۇۋۋەت بەردىڭ ماڭا،
دۈشمەن كۆزىنى چوقاي![55]

20- ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەكىللىرىدىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر (1923- 1995) مۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت ھاياتى داۋامىدا ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بىز ئۇنىڭ 1945- يىلى يازغان «بىلمەدىم» ناملىق شېئىرىنى ئابدۇللا توقاينىڭ شۇ ناملىق شېئىرىغا تەقلىد قىلىپ يازغانلىقىنى بايقايمىز:

ھەر كىشىنىڭ قىممىتى ۋىجدان ئىكەندۇر بىلمەدىم،
ۋىجدانى يوق كىمسەكى، ھەيۋان ئىكەندۇر بىلمەدىم.
مىللەتنى ۋەيران ئېيدەن خائىن ئىلە زالىم ئېرۇر،
چۈنكى ئۇنلەر ۋىجدانى ساتقان ئىكەندۇر بىلمەدىم.
ئۇنلەر بۈگۈن ھەر نە دېسە مىللەتىم ئاڭلار ئىمىش،
كى، مىللەتىم ئۇيقۇدا ياتقان ئىكەندۇر بىلمەدىم.
مىللەتىم ئۇيقۇدا ياتسا، ئۇنلەرى كۈلەر ئىمىش،
ئۇيقۇلۇق مىللەت ئاڭا شادىيان ئىكەندۇر بىلمەدىم.
ئويغىنىشقا تەلمۈرۈپ، ئاچسا كۆزىنى مىللەتىم،
چارەسى ئۆلۈم ئىلە زىندان ئىكەندۇر بىلمەدىم.
كىمكى چەكسە مىللەت زارۇ- نادامەت ئاھىنى،
ئۇنى قانلىق دارغا ئاسقان ئىكەندۇر بىلمەدىم.
تەڭرىنىڭ ھېچ بىر قۇلىغا كەلمىگەن بارچە زۇلۇم،

(55) ئابدۇسالام توختى: «بۈيۈك تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى»، «جۇڭگو تاتارلىرى»، ئۈرۈمچى، 2006-يىللىق 1-سان، 45-39-بەتلەر.

مىللەتىمنىڭ باشىغە كەلگەن ئىكەندۇر بىلمەدىم.
ئەمدى مىللەت ئۈستىدە قالغانى بىر ئەسكى تون،
ئۇمۇ كۆيسە بىر كۈنى ئارمان ئىكەندۇر بىلمەدىم.
چەكمەيىن ئارمان دېسە، چالىشىپ بۇ مىللەتىم،
پاتسا يول – ئۇ يول ئېرۇر ئىرفان ئىكەندۇر بىلمەدىم.[56]

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن تاتار جەدىد ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلىرىدىن ئىلھام ئالغان ھەمدە مەلۇم تەسىرلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن دېيىشكە بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئابدۇللا توقاي ۋەكىللىكىدىكى تاتار جەدىد ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىلىرى ئۆز شېئىرلىرىدا كىلاسسىك تاتار شېئىرىيىتىنىڭ تىل ۋە ۋەزىن جەھەتتىكى ئېغىرلىقى، ئەرەبچە- پارسچە كەلىمىلەرنىڭ كۆپ بولۇشىدەك ھالىتىدىن قول ئۈزۈپ، شېئىر تىلىنى تاتار ئېغىز تىلىغا يېقىنلاشتۇرغان. ئۇلار ئۆز شېئىرلىرىدا ئىشلەتكەن يەڭگىل، چۈشىنىشلىك سۆز- ئىبارىلەر ۋە ئەركىن شېئىرىي قۇرۇلما ئارقىلىق يېڭى تارىخىي دەۋردىكى تاتار ئەدەبىياتىنى ئاممىباپلىققا يۈزلەندۈرگەن. بۇ جەھەتتە نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىمۇ چاغاتاي تۈركىي شېئىرىيىتىنىڭ تىل ۋە ۋەزىن جەھەتتىكى ئېغىرلىقىدىن تەدرىجىي قول ئۈزۈپ، ئۆز شېئىرلىرىنىڭ تىلىنى ئۇيغۇر جانلىق ئېغىز تىلىغا يېقىنلاشتۇرغان. ئاددىي، چۈشىنىشلىك خەلق تىلىنى شېئىرىيەتكە ئېلىپ كىرىپ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەڭ خەلق ئىستېمالىغا يۈزلىنىشىنى كۈچەيتكەن. مەسىلەن:

ئەللى- بەللى ئېتەر بۇ،
مەدرەسەگە كېتەر بۇ.
تىرىشىپ ساباق ئوقىغاچ،
غالىم بولۇپ جىتەر بۇ.

ئەللى- بەللى كۆيلەرىم،
ھېكايەتلەر سۆيلەرىم.
سىڭا تىلەك تىلەرىم،
بەختلى بول، دۇيارىم.[57]

(56) ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «تارىم بويلىرى»، تىيانشان نەشرىياتى، نەنجىڭ، 1948-يىل نەشرى، 27-26-بەتلەر.
(57) Ghabdulla Toqay, «Eserler» (2-tom: «Shighirler, Poemalar»), Qazan: Tataristan

- ئابدۇللا توقاي: «بىشەك جىرى»

ئەي، تارانچىلار،
كۆزۈك ئېچىڭلار.
ۋاقىت بولارمۇ؟
بۇ قۇللۇقلاردىن،
بۇ خورلۇقلاردىن،
مەڭگۈ قۇتۇلار،
كۈنلەر تۇغارمۇ؟[58]

- نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى): «مېھنەتكەش تارانچىلارغا»

بېشىڭنى ئېلىپ كەتتىڭ،
بىرمۇ كەلمىدىڭ ئەي يار.
خېتىڭ يوق، خەۋىرىڭ يوق،
دىققەت، ھەيرىتىم ئارتار.

ئۇيغۇر زارۇ- زار يىغلار،
بىرمۇ ئاڭلىماس ئۇل يار.
بولدۇم كويۇڭدا خۇمار،
كىمگە قىلارمەن ئىزھار.[59]

- ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئىنتىزارلىق»

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق شائىرلار ئابدۇللا توقاي ۋەكىللىكىدىكى تاتار جەدىدچى ئەدىبلىرىگە ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىدە مىللەتنىڭ نۆۋەتتىكى مەۋجۇتلۇق ھالىتى، تەرەققىيات مەسىلىسى ھەمدە كېلەچىكى ھەققىدە كەسكىن ئويلانغان. ئوتلۇق، جەڭگىۋار مىسرالار ئارقىلىق پۈتكۈل مىللەتنى ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە ھەمدە مىللىي ھوقۇقلىرى ئۈچۈن كۈرىشىشكە چاقىرغان. ۋولگا- ئىدىل بويلىرىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان تاتار جەدىد ئەدەبىياتى بىلەن ئىلى- تارىم ۋادىسىدا پارلىغان يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېما ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى پاراللېللىقى بىزگە قېرىنداش ئىككى خەلقنىڭ ئوخشاش تارىخىي شارائىتتىكى تەقدىرداشلىقى ھەمدە ھەمنەپەسلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. مەسىلەن:

Kitab neshriyati, 1985-jil, 78-79-betler.

(58) نەزەرخوجا ئابۇسەمەت «يورۇق ساھىللار»، 158-157-بەتلەر.

(59) مەھمۇد زەيدى نەشرگە تەييارلىغان: «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل نەشرى، 12-10-بەتلەر.

قاچان سوڭ، ئىھ فەقىر مىللەت بەھرىڭ،
قاچان كېتەر كېچەڭ، كېلەر نەھارىڭ؟

كېلەر مەللە قەبرىگە مىن سۆرىلگەچ،
قىيامەت كۈندە مىن ئۆلىپ تىتىلگەچ.[60]

- ئابدۇللا توقاي: «كۆز»

جۇملە فىكرىم كېچە- كۈندۈز سىزگە غائىد مىللەتىم،
سىيەتىڭدۇر سىيەتىم ھەم غىللەتىڭدۇر غىللەتىم.[61]

- ئابدۇللا توقاي: «كۆز»

ياش يۈرىكىم ئەركىن ئېلىپ تېپەلمەيدۇ،
كۆڭۈلدىكى غەزىنىسىنى سېپەلمەيدۇ.
"ئۇيغۇرىستان – ئېلىم" دەيدۇ تېپىرلايدۇ،
تار قەپەزدىن چىقىپ ئۇچۇپ كېتەلمەيدۇ.
خىزمىتىڭنى شۇ چاغقىچە قىلالمىدىم،
ئۇسلۇقۇڭغا بىر يۇتۇم سۇ بېرەلمىدىم.
قانات قېقىپ ئۇچۇپ يەتسەم قېشىڭغا، ئاھ!
بوينۇمدىكى بۇ قەرزىمنى ئۈزەلمىدىم.[62]

- ئابدۇلھەي مۇھەممىدى: «ياش يۈرىكىم»

ئەي، پېقىر ئۇيغۇر، ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،
سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.
بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،
ئاھ، سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.
ئېچىنار كۆڭلۈم ساڭا، ئەي ئۇيغۇرۇم،
سەپدىشىم، قېرىندىشىم، بىر تۇغقىنىم.
كۆيۈنۈپ ھالىڭغا ئويغاتسام سېنى،
ئاڭلىمايسەن، زادى نېمە بولغىنىڭ؟
كېلىدۇ بىر كۈن پۇشايمان قىلىسەن،
تەكتىگە گەپىڭ شۇ چاغدا يېتىسەن.
«خەپ!» دېسەڭ ئۇ چاغدا ئۈلگۈرمەي قالۇر،
شۇندا ئۇيغۇر سۆزىگە تەن بېرىسەن.[63]

- ئابدۇخالىق ئۇيغۇر: «ئويغان»

(60) Ghabdulla Toqay, «Eserler» (1-tom: «Shighirler, Poemalar»), 110-111-betler.
(61) Ghabdulla Toqay, «Eserler» (1-tom: «Shighirler, Poemalar»), 114-bet.
(62) يولداش ئەزمەتوف تۈزگەن: «20-ئەسىر نامايەندىلىرى»، ئالمۇتا، 2005-يىل، 54-بەت.
(63) مەھمۇد زەيدى نەشرگە تەييارلىغان: «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»، 9-8-بەتلەر.

ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت، موللا مۇسا سايرامى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە باشقا شائىر- ئەدىبلەر ئۆز شېئىرلىرىدا خۇددى ئابدۇللا توقاي ۋەكىللىكىدىكى تاتار جەدىدچى قەلەم ئىگىلىرىگە ئوخشاشلا مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە يېڭىچە مائارىپ ئاقارتىشىغا يۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان مۇتەئەسسىپ كۈچلەر، رىياكار سوپى- ئىشانلارنىڭ ئىلىمغا ھەتتا ئىسلام دىنى تەشەببۇسلىرىغىمۇ زىت كېلىدىغان «پەتىۋا» لىرىنى پاش قىلىدۇ. پاكىزە ئەقىدىنى، ئىلىم- مەرىپەتنى، ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى مەدھىيەلەيدۇ. مەسىلەن:

كۆزىن يۇمغان، مويىن بۆككەن، باشىندا چالما چورنالغان،
كيبەن چالما، كىبەك باشتا: ئىشان بولغان ئىمىش ھايۋان![64]
- ئابدۇللا توقاي: «ئىشان»

دوستلارىم، قەرداشلارىم، سىز موللىلارغا ئېيتىڭىز،
ئوقۇۇسۇن بۇ ئىككى قۇرنى مىنى كۆمگەچ قەبرەمە.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئابدۇللا توقاي تاتار مىللىتىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن ئويغىنىشىدىكى كەسكىن بىر ئوپپىراتسىيەچى ئىدى. ئۇ ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە باشتىن- ئاخىر مىللەت ۋۇجۇدىنى چىرماپ تۇرغان نادانلىق، جاھالەت ۋە خۇراپاتلىققا قارشى قەلەم تەۋرىتىپ، ئاخىرقى تىنىقلىرىدا بۇ زۇلمەت دۇنيانى پاكلىيالمىغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىدۇ:

بىتتى كۈچ، سۇندى قىلىچ، قايتمادى ئۆچ، شۇل بولدى ئىش،
كىرلەنىپ بىتتىم ئۆزىم، دۇنيانى پاكلى ئالمادىم.

ئابدۇللا توقاينىڭ شېئىرلىرى «يالغۇز قازاندىلا ئەمەس، ئورتا ئاسىيادىكى باشقا نەشر- ئەپكارلاردا قايتا- قايتا بېسىلىپ، بارغانسېرى ئۆرلەۋاتقان ئىنقىلاب بورانلىرى بىللە بىللە پەرۋاز قىلىپ، ئورتا ئاسىيادا ئويغانغان دېموكراتىك پىكىر ئېقىملىرىغا قاتناشتى.»[65] ئەمدى ئابدۇللا توقاي ۋەكىللىكىدىكى تاتار جەدىدچى شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى رىياكار ئىشانلارغا ۋە تەركى- دۇنياچىلىقنى تەرغىب قىلغۇچى سوپىلارغا قارشى تەنقىدىي روھنىڭ ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىدە قانداق ئىپادە قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى:

---

(64) Ghabdulla Toqay, «Eserler» (2-tom: «Shighirler, Poemalar»), 19-bet.

(65) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى قىسقىچە بايان»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىل نەشرى، 357-بەت.

كېچەلەرى ئۇيۇماي «ھۇۋ- ھۇۋ» نى ئېيتىپ،
يەنە چىللە ئولتۇرۇپ تەسبىھ ئېيتىپ.
ئۆزىنى كۆرسەتىپ پىرى ھىدايەت،
ۋە لېكىن ئازغۇزۇپ يولدىن زەلالەت.
بۇ كۈندە نەفسىغە قۇل ھەممە ئىشان،
قەيەردە نەفسىنى ئۆلتۈرگەن ئىشان!؟(66)

- موللا مۇسا سايرامى شېئىرلىرىدىن

ئىشان ھەزرەت ئېيتەر دۇئا:
«مۇرىت مېلى ماڭا سوۋغا،
ماڭا قارشى بولغانلارغا،
لەنەت- لەنەت ھەم بەددۇئا! »
موللا- ئاخۇن ئېيتەر غوۋغا:
«ئىشان- مىشان بارى بىكار،
ئاۋام مېلى ماڭا سوۋغا.
قارشى بولساڭ – ئۇلۇغ گۇناھ! »
.........
بارلىق گۇناھ تارانچىدا،
تاران بولغان ساپانچىدا.
شۇنداق ئېغىر بالالارغا،
ھامان چىدا، ھامان چىدا!(67)

- نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى): «تەييارتاپلار»

ئومۇم ھالىمىزغا قايغۇرۇش بىزلەردە ھاماقەتلىك،
ئالالىساق ئىككى- ئۈچ خوتۇن، دېگەيلەر خوپ شىجائەتلىك.
يوغان سەللە، ئۇزۇن تونلار بىلەن بىزلەر دىيانەتلىك،
كۆرىنىشكە زاھىرەن تەقۋا، كۆرۈنمەستە خىيانەتلىك.(68)

- ئابدۇخالىق ئۇيغۇر: «رۇبائىي ۋە پارچىلار»

تۆتىنچىدىن، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋەكىللىكىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر شائىرلىرى تاتار يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ مۇئەييەن تەسىرلىرىنى ئىجادىي يوسۇندا قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئابدۇللا توقاي قاتارلىق تاتار جەدىدچى شائىرلىرىنىڭ نادىر شېئىرلىرىغا نەزىرە باغلاپ تەقلىدىي شېئىرلارنىمۇ يازغان. بۇ خىل شېئىرلار گەرچە شېئىرىي تىل، ئۇسلۇب ۋە تېما جەھەتتىن ئابدۇللا توقايغا تەقلىد قىلىنغان بولسىمۇ،

(66) ئەسەت سۇلايمان، «20-ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق»، «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل نەشرى، 67-بەت.
(67) نەزەرخوجا ئابۇسەمەت «يورۇق ساھىللار»، 172-171-بەتلەر.
(68) مەھمۇد زەيدى نەشرگە تەييارلىغان: «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»، 96-90-بەتلەر.

لېكىن مەزمۇن جەھەتتىن ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىققا يېقىندىن يانداشتى. مەسىلەن:

ساداقەت بىزدە يوقمىش، بولماسا يالغانىمىز باردۇر،
نىفاك تاۋكاسىندا كۆپلەپ مەدال ئالغانىمىز باردۇر.
نەزافەتكە رىئايەت يوق ئىمىش بىزدە – نە بۆھتاندۇر،
ئانىڭ چۈن يۇرت سايىن بىزنىڭ بىرەر قۇمغانىمىز باردۇر.
سانائەت يوق، ھۈنەر يوق دېپ يامانلىلار ئورنىسغا،
يەھۇدىدەن جىگىل مال تاپقۇچى ئىشانىمىز باردۇر.
تاغىن بىزدە غىلىم ئەھلى – زىيالىلەردە يوق دىلەر،
ئوتتۇز يىللاپ بۇخار، قارغالىدا تۇرغانىمىز باردۇر.
خۇدىژنىكلار ۋە رەسساملەردە باردۇر، يوق دىيالماسلەر،
مەككە، مەدىنە دېپ تۈرلى بوياۋ ساتقانىمىز باردۇر.[69]
- ئابدۇللا توقاي: «بىزنى ئورنىسز يامانلىلار»

زاماننىڭ ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا،
بىرىنى شاگىيو سايلاپ ئارقىدىن داۋايىمىز باردۇر.
يەنەن يۇرت پايدىسىغا جەمئىي بولماقلىق بەسى مۈشكۈل،
ئەگەر بىر يەردە توي بولسا بېرىپ ياتقانىمىز باردۇر.
ئومۇمنىڭ پايدىسىنى يۈز يىلدا ھەم چۈشەنمەيمىز،
زىيان قىلماق ئۈچۈن بولسا، ئەجەب چاققانىمىز باردۇر.
بىرى ياخشىلىق قىلسا ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق،
ئەپى كەلسە بېرىپ ئەۋرەتلەرىن ئاچقانىمىز باردۇر.
خاتائەن دوستىمىزدا بىر ئەيىب زاھىر بولۇپ قالسا،
يوشۇرماي بىرگە ئوننى تېپىپ قاتقانىمىز باردۇر.
بابالار شۆھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سېغىنماسمىز،
غەپلەتۇ جاھالەتتە كۆز يۇمۇپ پو ئاتقانىمىز باردۇر.
خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى ھەم يوقتۇر،
قۇۋلۇق- شۇملۇق بىلەن رەڭمۇ رەڭ يالغانىمىز باردۇر.
ئىلىم- پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۈچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.
قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ باغلىسا بەلنى تۈرلۈك- تۈمەن بۆھتانىمىز باردۇر.
ئابدۇخالىق، بەس، يېتەر، ئاۋارە بولما قاخشىما،
شۇ چاغ كەلگەندە بىزلەردە ئازابقا تەييار ۋىجدانىمىز باردۇر.[70]
- ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «باردۇر»

(69) Ghabdulla Toqay, «Eserler» (1-tom: «Shighirler, Poemalar»), 184-185-betler.
(70) مەھمۇد زەيدى نەشرگە تەييارلىغان: «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى»، 15-13-بەتلەر.

خۇلاسە قىلغاندا، 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مىللىي كىملىك ۋە ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى باغچاسارايدىن ياڭرىغان جەدىدچىلىك سادالىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بويلاپ تەۋرەش ھاسىل قىلغان كۈچلۈك دولقۇنىدا ئوتتۇرىغا چىقتى. جەدىدچىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا پۈتكۈل ساھەلەر بويىچە دەۋرگە ماسلىشىش ھەمدە تەڭ قەدەمدە مېڭىشنى تەشەببۇس قىلغان بۈيۈك ئويغىنىش ھەرىكىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، يېڭى تارىخىي شارائىتتا تۈركىي تىللىق قېرىنداش خەلقلەرنىڭ تىل، مەدەنىيەت ۋە مىللىي دۆلەتچىلىك جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشىنى ھەمدە تۈركچىلىك غايىلىرىنىڭ يېپىغا مەھكەم چىگىلىشنى كۈچەپ تەشۋىق قىلغان مىللىي، ئىجتىمائىي ۋە دۇنياۋى ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتىدۇر. 20- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەر – يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى، مىللىي قۇتۇلۇش ئىنقىلابلىرى، ئۇيغۇر سەرخىللار توپىنىڭ شەكىللىنىشى ھەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قېلىپلىشىشى قاتارلىق جەريانلارمۇ خېلى زور دەرىجىدە تاتار جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بويلاپ شەرققە سۈرۈلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولدى. تاتار جەدىدچىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا زور دولقۇنغا ئايلانغان ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچىلىق سادالىرى 1905- يىلىدىكى رۇسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان مىللىي تەرەققىيات ۋە مىللىي ھوقۇق تەلەپلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. جەدىدچىلىك ئېقىمى قوزغاتقان مىللىي ئويغىنىشنىڭ قىرىم، قازان، كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يۇقىرى پەللىسى ئاخىرىقى ھېسابتا تۈركچىلىك ۋە مىللىي دۆلەتچىلىك غايىلىرىدە ئىپادىلەندى. ۋەھالەنكى ، 1917- يىلىدىكى بولشېۋىكلار ئىنقىلابىدىن كېيىن، جەدىدچىلەر ۋە ئۇلار قوزغىغان جەدىدچىلىك ھەرىكىتى يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن سوۋېتلار ئىتتىپاقىنىڭ قىزىل رېجىمى تەرىپىدىن «پان- ئىسلامىزم» ۋە «پان- تۈركىزم» قالپاقلىرى بىلەن ئەيىبلەندى شۇنداقلا رەھىمسىزلەرچە تەقىب قىلىندى. ئەمما جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋەتىنىدىكى تەرەققىيات جەريانى ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىپ، تاكى 1930- ۋە 1940- يىللاردىكى مىللىي ئىنقىلابلار جەريانىدىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى.■ مۇھەررىر ۋە كوررېكتورى: ئا.ئاقھۇن

رەھمەتۇللا ياسىنئوغلى

# ئۇيغۇر جەدىدچىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا قىسقىچە نەزەر

ئۇيغۇرلار «جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسى بىلەن 80 – يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن تونۇشۇشقا باشلىدى. 1986 – يىلى ئابدۇللا تالىپنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئۆچرىكلار» ناملىق ئەسىرى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ئارقا – ئارقىدىن يورۇقلۇققا چىققان «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە» ... دېگەندەك تارىخى رومانلارنىڭ سايىسىدە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر «جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسى ھەققىدە گۇڭگا بولسىمۇ مۇئەييەن چۈشەنچىگە ئىگە بولغان ئىدى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 – يىللىق 2 – سانىدا، ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى ئۇئىشى شىنچىرۇنىڭ «قەشقەردىكى جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» ماۋزۇلۇق ماقالىسى، تەتقىقاتچى ئۆمەرجان نۇرى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن بىرى ئۇيغۇر تارىخ تەتقىقاتى ساھەسىدە «جەدىدچىلىك» كەلىمىسى كۆپ زىكىر قىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تارىخى رومان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا مەنبەلەردە، ئۇيغۇر ۋەتىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا تۈركىي قەۋملەر تۇپراقلىرىدا 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخى ھادىسىلەر قەھرىمانلىق ھېكايىسى شەكلىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ «ھېكايە» لەردە ئەجايىبي قەھرىمان سۈپىتىدە ئوبرازلاشتۇرۇلغان «جەدىدچىلەر» ۋە ئۇلارنىڭ ئەجايىبي پائالىيىتى بولغان «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» ئوقۇرمەنلەرنى سۆيۈندۈرسە، سەلبىي پېرسوناژ سۈپىتىدە تەرىپلەنگەن «قەدىمچىلەر» نىڭ قالاقلىقى، ساتقۇنلۇقى، خەلققە قىلغان خىيانەتلىرى كىشىنى غەزەپلەندۈرەتتى...

يېقىندىن بىرى «جەدىدچىلىك» تېمىسى تېخىمۇ جەلپكارلىققا ئېرىشىپ، مەستانىلىرى تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. بىر قىسىم ئىلمىي لېكسىيە ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا، «جەدىدچىلىك» ئاساسى تېما قىلىنغان «قەھرىمانلىق

ھېكايىسى» تونۇلغان يۇقىرى ساپالىق تەتقىقاتچىلىرىمىز تەرىپىدىن قايتا تەكرارلىنىشقا باشلىدى.[1] بۇ ئەھۋال 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا قىزىققۇچىلارنى ئىنتايىن سۆيۈندۈرۈپ، يېڭى ھاياجان تۇيغۇلىرىغا چۆمدۈرگەن بولسىمۇ، تەتقىقاتچىلارنىڭ «جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسىنى تېخىمۇ ئابستىراكىتلاشتۇرۇپ، موللا مۇسا سايرامى[2]، بۇرھان شەھىدى[3]، ھەتتا ئۆز ۋاقتىدا ئۆزبېكىستاندا «خۇداسىزلىق گېزىتى» نى چىقارغان ھەمزە نىياز ھېكىمزادىنىمۇ[4] جەدىدچى قاتارىدا تىلغا ئېلىشى، ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرۇپ قويۇش بىلەن بىرگە، ئەسلىدىلا گۇڭگا بولغان «جەدىدچىلىك» چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ خىرەلەشتۈرۈۋەتتى.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن «جەدىدچىلىك» ئۇقۇمىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا تونۇشتۇرۇشنى ئاساسي مەقسەت قىلىپ، قولىمىزدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

## «جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسى ۋە «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى»

### 1. ئىسلام دۇنياسىدا دىنىي ئويغىنىش:

ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابى نەتىجىسىدە، ئىلىم – پەننىڭ پارتلاش خاراكتېرلىك تەرەققىياتقا ئېرىششى ۋە بۇ ئارقىلىق بايقالغان، ئىسپاتلانغان تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ۋە باشقا بۇرھانىي دەلىللەر، ئومۇمىي جەھەتتىن بارلىق دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرىگە، كونكرېت جەھەتتىن ئىسلام دىنىنىڭ تونۇش ۋە ئەقىدە ئاساسلىرىغا زەربە بولدى. بۇ دەۋردە ئىسلام دۇنياسى ۋە ئىسلامىي چۈشەنچىلەر «تەرجىمە ھەرىكىتى»[5] دەۋرىدىكىدەك كۈچلۈك بولماستىن، ھەر ساھەدە تۈرلۈك مەسىلىلەر كۆرۈلۈۋاتقان

(1) 2012 – يىلى 11 – ئايدا تۈركىيەنىڭ ئەنقەرە شەھرىدە جەدىتچىلىك ھەققىدە ئىككى قېتىملىق ئىلمى لېكسىيە بېرىش ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا خېلى تونۇلغان تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغانلىقى ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرۈشكە باشلىدى.

(2) 2012 – يىلى 11- ئاي ئەنقەرە ئۇنىۋېرستېتىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمى لېكسىيەدە تىلغا ئېلىندى.

(3) 2012 – يىلى 12 – ئايدا «ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى» ئىستانبۇلدا ئۇيۇشتۇرغان ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىدا تىلغا ئېلىندى.

(4)دوكتور ئەسەت سۇلايمان 2012 – يىلى 11 – ئايدا ئەنقەرەدە سۆزلىگەن ئىلمى لىكسىيەدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

(5) ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان، قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىش ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ ئىسلام ئەقىدە چۈشەنچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم يات كۈلتۈر ۋە چۈشەنچىلەر بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئۇچرىششى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

، سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن ئاجىزلىشىپ تەرەپ – تەرەپتىن زېمىن قولدىن كېتىۋاتقان، پۈت تىرەپ تۇرۇش نۇقتىسىغا موھتاج بولۇۋاتقان ئېغىر ئەھۋالدا ئىدى.[6]

سانائەت ئىنقىلابى نەتىجىسىدە كۈچەيگەن ياۋروپا يېڭى دېڭىز يوللىرىنى ئېچىپ غەربتە ئامېرىكا ، شەرقتە ئاسىيا تۇپراقلىرىنى مۇستەملىكە قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئىشغال قىلغان رايونلارغا تەرەققىي قىلغان پەن بىلىملىرى ۋە يېڭى تېخنىكىلارنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە مۇستەملىكىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىقتىن ئىبارەت ئەسلى ماھىيىتىنىمۇ بىرگە ئېلىپ بارغان ئىدى. سانائەت ئىنقىلابى ياۋروپانى سىياسىي، ھەربىي جەھەتتە كۈچلەندۈرۈپلا قالماستىن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈپ، يېڭىچە دېموكراتىيە قاراشلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىدى. بۇ يېڭى پىكىرلەرنىڭ تۈرتكىسىدە، ئامېرىكا قىتئەسىدە يەرلىك قەۋملەرنى تامامەن بويسۇندۇرغان ياۋروپالىق كۆچمەنلەر، ياۋروپا بىلەن مەدەنىيەت بىرلىكىنى ساقلىغان ئاساستا سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن ھۆرلۈككە ئېرىشىپ، ئارقا – ئارقىدىن مۇستەقىل دۆلەتلەرنى قۇرۇپ چىقتى.

يېڭى دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ئىسلام دۇنياسى كونتروللۇقىدىكى يىپەك يولى خارابلىششقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ياۋروپا جاھانگىرلىرى ئىسلام دۇنياسىنى قورشاپ، مۇستەملىكە قىلىشقا باشلىدى.[7] ئەڭ دەسلەپ 1510 – يىلى ھىندونېزىيە مۇستەملىكە قىلىندى. شىمالدا 1480 – يىللىردىن بىرى رۇسلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى قازاقىستان زېمىنى، 1731 – يىلغا كەلگەندە تامامەن رۇسلارنىڭ مۇستەملىكىسگە ئايلاندى.[8] 1502 – يىلى ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنىڭ يىقىلىشى بىلەن، ئىدىل – ئۇرال رايونى بىر قانچە خانلىقلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. خانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەشتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان رۇسلار، بۇ خانلىقلارنى بىر - بىرلەپ يوقىتىشقا باشلىدى، 1552 – يىلىغا كەلگەندە قازان خانلىقىنى يوقىتىپ، پۈتۈن ئىدىل – ئۇرال رايونىنى مۇستەملىكىسى ئاستىغا ئالدى ۋە بۇ رايوندا مۇسۇلمان تۈرك قەۋملىرىنى رۇسلاشتۇرۇش، خىرىستىيانلاشتۇرۇشقا باشلىدى.[9] تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان خەلقنىڭ كۆرسەتكەن قارشىلىقلىرى، زور ھەربىي كۈچ پەرقى سەۋەبلىك مەغلۇبىيەت

(6) م. سائىت ئۆزەرۋارلى: «كەلامدا يەنىلىك ئارايىشلارى» (كالام ئىلمىدە يېڭىلىق ئىزدىنىشلىرى)، ئىسام يايىنلارى (ئىسام نەشرىياتى)، 2008 - يىل ئىستانبۇل، 37 – بەت؛

(7) «ئىسلاما گىرىش» (ئىسلامغا كىرىش) تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسى، 542 – بەت؛

(8) يۇقىرىدىكى كىتاب ، 546 – بەت؛

(9) ئىبراھىم ماراش: «تۈرك دۇنياسىندا دىنى يەنىلەشمە» (تۈرك دۇنياسىدا دىنىي يېڭىلىنىش)، ئۆتۈكەن نەشرىياتى ، ئىستانبۇل 2002، 18 – بەت؛

بىلەن نەتىجىلەندى. ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزى قىسىملىرىنى كونترول قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىغا ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئوسمانلى دۆلىتىدىمۇ 1699 – يىلدىكى «كارلوفچا شەرتنامىسى» دىن كېيىن مەغلۇبىيەتچىلىك پىسخىكىسى ئاساسى ئورۇننى ئىگىلىدى. بولۇپمۇ رۇسلار بىلەن تۈزۈلگەن «كۈچۈك كاينارجا شەرتنامىسى» (1774 - يىلى) نەتىجىسىدە، قىرىمدەك مۇتلەق كۆپ قىسىم ئاھالىسى مۇسۇلمان بولغان بىر زېمىن قولدىن كەتتى.[10] شۇنداق قىلىپ 19 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ نۇرغۇن زېمىنى غەربنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى.

18 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ، ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان مۇسۇلمان زېمىنلىرىدا، خەلقنىڭ تاجاۋۇزچىلارغا بولغان قارشىلىقى دېگەندەك كۈچلۈك بولمىدى. بۇنىڭغا ياۋروپالىقلار ئېلىپ كەلگەن يېڭى پەن بىلىم، يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئىجتىمائىي – كۈلتۈرىي چۈشەنچىلەرنىڭ ئۇلارنى ئىلغار ئوبراز بىلەن پەردازلاپ، ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئەسلى ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ قېلىشى سەۋەب بولغان ئىدى. مەسىلەن: مىسىرلىق تارىخچى جەبەرى (1756 - 1825) ناپالېئوننىڭ مىسىرنى ئىشغال قىلىشىنى تەسۋىرلىگەندە، فىرانسۇزلارغا تەشۋىش ۋە قورقۇنچ ئىچىدە قارىغانلىقىنى ئىپادىلىسىمۇ، فىرانسۇزلار قۇرغان «مىسىر تەتقىقات ئىنستىتۇتى» نى، ئۇ يەردىكى رەسىم، خەرىتە، كىتابلارنى ، بولۇپمۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە غەيرىتىنى ماختاپ تىلغا ئالىدۇ.[11]

شۇنداق قىلىپ، غەرب تاجاۋۇزچىلىرى ھەربىي كۈچى ئارقىلىق بويسۇندۇرالمىغان مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ قارشىلىقىنى، ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن يېڭى تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي – كۈلتۈرىي چۈشەنچىلىرى بىلەن يۇمشىتىشقا مۇۋەپپەق بولدى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا ئىسلام دىنى سەۋەب بولغان دەپ قارايدىغان، غەربلىشىش تەشەببۇسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بارلىققا كەلدى. ماتېرىيالىزم، پوزىتىۋىزم ۋە دارۋىنىزم دېگەندەك ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ئاساسلىرىغا تەھدىت ھېسابلىنىدىغان ئېقىملار ئىسلام دۇنياسىدا تارقىلىپ، بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى قايمۇقتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالىغان بولسىمۇ، ئەدەبىيات، سەنئەت، پىكىر ۋە چۈشەنچە ساھەلىرىدە كەڭ كۆلەملىك غەربلىشىش ھەرىكىتى شەكىللەندۈرەلمىدى.[12] ئىسلامچى

(10) م. سائىت ئۆزەرۋارلىنىڭ يۇقىرىدىكى ئەسىرى، 38 – بەت؛

(11) م. سائىت ئۆزەرۋارلىنىڭ يۇقىرىدىكى ئەسىرى، 40 – بەت؛

(12) بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، دىنغا قارشى كۈچلەر ھېچقانچە ئىجتىمائىي تەسىر پەيدا

پىكىردىكىلەر دارۋىن قاتارلىقلارنىڭ نەزەرىيەلىرىگە رەددىيە بېرىش بىلەن بىرگە، غەربلىكلەرنىڭ ئىدىيە – چۈشەنچىلىرىدىن بەكرەك، بىلىم ۋە تېخنىكىسىغا قىزىقتى.[13]

ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمان دۇنياسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەرەب، تۈرك ۋە ھىندى خەلقلىرى ياشايدىغان زېمىنلار، ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان تاجاۋۇزچى كۈچلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭغا قارشى ئۆزىنىڭ دىنىي، مىللىي ۋە كۈلتۈرىي كىملىكىنى قوغداش ئۈچۈن، تۈركىيەدىن ئىسمائىل ھەققى ئىزمىرلى، ئابدۇللەتىف ھارپۇتى، فىلىبەلى ئاھمەد ھىلمى، مىسىردىن مۇھەممەد ئابدۇ، م. رەشىد رىزا، م. فەرىد ۋەجدى، ھىندىستاندىن جامالىدىن ئافغانى، شىبلى نۇئمانى، سەئىد ئەخمەدخان، مۇھەممەد ئىقبال... قاتارلىق مۇسۇلمان ئالىملىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلار ئىسلام ھەققىدە يېڭىچە تونۇش ۋە چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئىسلام ئاساسىدا ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدەندى، شۇنداقلا كەڭ ئىسلام دۇنياسى مىقياسىدا روشەن تەسىر پەيدا قىلدى. ئىسلام دۇنياسىدىكى بۇ ئىجتىمائىي ھەرىكەت ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ئىسلام دۇنياسىدىكى دىنىي ئويغىنىش» دەپ ئاتالدى. ئۇلارنىڭ دىنىي كىملىكنى قوغداش، ئىسلامنى ئاساس قىلىش جەھەتلەردىكى قاراشلىرى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇلار مەنسۇپ بولغان خەلق ۋە ۋەتەن دۇچ كەلگەن ئىجتىمائىي – كۈلتۈرىي، ئىجتىمائىي – ئىقتىسادىي مەسىلىلەر پەرقلىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدا مۇناسىپ پەرقلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئەرەب ئەللىرىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىملارنىڭ قارىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى ساپ بولغان ئىسلام ئەقىدىسىگە قايتىش تەشەببۇسىنى مەركەز قىلاتتى، پائالىيەتلىرىنىڭ سىياسىي ئىسلاھات ۋە ئىنقىلاب خاسلىقى قويۇق ئىدى، ئۇلار شۇ ئىدىيەۋى ئاساستا ھەرىكەت ئېلىپ بارغاچقا «سەلەفىيچىلەر» (ئەسلىيەتچىلەر)، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى «سەلەفىيلىك ھەرىكىتى » (ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى) دەپ ئاتالدى.[14] ھىندىستان

قىلالمىغان بولسىمۇ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن غەربنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا سىياسىي يېتەكچىلىك ئورنىغا چىقتى، 1920 – يىللاردىن 1960 – يىللارغا قەدەر ئىسلام دۇنياسى ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك دىنسىزلاشتۇرۇش زىيانكەشلىكى ئاستىدا قالدى. ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىمۇ بىر مەزگىل پەسكويغا چۈشى، 1960 – يىللاردىن ئېتىبارەن ئىسلامچى كۈچلەر سىياسىي سەھنىدە كۈچ كۆرسىتىشكە باشلىدى. ___تەپسىلاتىغا قىزىققۇچىلار هاملتون. ئا . ر . گىبب نىڭ «ئىسلامدا مودرېن ئەغىلىملەر» (ئىسلامدا زامانىۋى ئېقىملار) دېگەن كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىڭ!

(13) م. سائىت ئۆزەرۋارلىنىڭ يۇقىرىدىكى ئەسىرى، 37 – بەت؛

(14) بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولۇش ئارزۇسىدىكىلەر «خەلقئارالىق ئىسلام دولقۇنى» دېگەن كىتابلارغا ۋە تۈركىيەدىكى «سەلەف ھەرىكىتى » مەخسۇس تېمىسىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت

رايوندىن يېتىشىپ چىققان ئالىملارنىڭ ئىسلاھات قاراشلىرى ۋە پائالىيەتلىرى بىلەن، ئەرەب ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرى ۋە پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا بەزى روشەن پەرقلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، «ئەسلىيەتچىلىك» ئىدىيەسىنى مەركەز قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ «دىنىي ئەسلىيەتچىلەر» گە مەنسۇپ قىلىندى.[15]

مۇسۇلمان تۈرك دۇنياسىدىكى دىنىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ، مۇسۇلمان ئەرەب دۇنياسىدىكى دىنىي ئويغىنىش ھەرىكىتىدىن پەرقلىنەتتى. ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ سىياسىي مەركىزى بولغان بۈگۈنكى تۈركىيە رايونىدا ، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ۋە ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ كېچىككەنلىكىنى، تەرەققىيات جەھەتتە ياۋروپا بىلەن ئارىسىنىڭ ئۇزىراپ كەتكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. نەتىجىدە ئۆز قىممەت قاراشلىرى ۋە دىنامىزىمى ئاساسىدا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، كۈچلۈك ياۋروپا بىلەن روبىرو تۇرالىشىدىن ئۈمىدنى ئۈزدى، ھەمدە ياۋروپانىڭ قۇرۇلمىسى ۋە سىستېمىسىنى ئەينەن قوبۇل قىلىش، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ياۋروپانى تەقلىد قىلىشتىن ئىبارەت ئاسان يولنى تاللىدى. ئوسمانلى دۆلىتىنى غەرب دۇنياسىغا بېقىندۇرۇدىغان بۇ يول غەلىبىلىك بولمىدى. ئوسمانلى دۆلىتى ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن 1839 – يىلى «تەنزىمات»، 1856 – يىلى «ئىسلاھات» پەرمانلىرىنى چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىممەت قاراشلىرىدىن «پىداكارلىق» بىلەن ۋاز كەچتى. بىراق ياۋروپا بۇنى يېتەرلىك كۆرمىدى، تېخىمۇ كۆپ «پىداركارلىق» كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى.[16]

ئىككىنچى ئابدۇلھەمىد دەۋرىدە (1876 - 1909) ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە مۇۋازىنەت ساقلىنىپ، دۆلەتتە قىسمەن بولسىمۇ قايتا يۈكسىلىش كۆرۈلگەن بولسىمۇ،

---

قىلسا بولىدۇ.

(15) ھاملتون گىبب ئەپەندى 1946 – يىلى يازغان «ئىسلامدا مودېرىن ئەغىلىملەر» (ئىسلامدا زامانىۋى ئېقىملار) دېگەن كىتابىدا ئىسلام دۇنياسىدا شەكىللىنىۋاتقان پىكىر ئېقىملىرىنى «سەكۇلەر» (دەھرىلەر)، «فوندامەنتالىستلەر» (دىنىي ئەسلىيەتچىلەر) ۋە «مودەرنىستلەر» (يېڭىچىلار، زامانىۋىلار) دەپ ئۈچكە ئايرىيدۇ. ئۇ ئەسىردە جامالىدىن ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇ قاتارلىقلارنى «مودەرنىستلەر» قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ. بۇ خىل تۈرگە ئايرىش ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا توغرا بىر تۈرگە ئايرىشتۇر. بىراق بىز ئىسلامغا مەنسۇپ بولماستىن، بەلكى قارشى پىكىردە بولغان «دەھرىلەر» تۈرىنى، ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ پىكىر ئېقىمى تىزىملىكىدىن چىقىرىۋېتىشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جامالىدىن ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇھ قاتارلىقلارنىڭ ئىدىيەسىدە زامانىۋىلىشىش ئامىللىرىمۇ بىر قەدەر ئېغىر سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەقىدە چۈشەنچىسىدە «سەلەفىيلىك» (دىنىي ئەسلىيەتچىلىك) ئىدىيەسى مەركەز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى «سەلەفىيچىلەر» گە مەنسۇپ كۆرۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. بۇ ھەقتە ئوقۇرمەنلەرنى تېخىمۇ ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، پات ئارىدا ئايرىم بىر تېما ئۈستىدە تىرىشچانلىقىمىزنى كۆرسىتىمىز، ئىنشائاللاھ!

(16) «ئىسلاما گىرىش» (ئىسلامغا كىرىش) تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ديانەت ئىشلىرى باشقارمىسى، 517 – بەت؛

دۆلەتنى يىقىلىشتىن ئىبارەت ئاقىۋەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، تامامەن يېڭىچە بىر پروگراممىا ۋە ئىدىيە بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان «ئىتتىھاد ۋە تەراققى پارتىسى» (بىرلىك ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى) ۋە ئۇنىڭ ياش، سەمىمىي ، بىراق تەجرىبىسىز رەھبەرلىرى دەۋرىدە، ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىمۇ تۇيماستىن كىرىپ قالغان «دۇنيا ئۇرۇشى» ئالتە ئەسىرلىك بۈيۈك دۆلەتنى تامامەن يىقىتتى. مەھمەت ئاكىفنىڭ «مەن ئەزەلدىن ھۆر ياشىدىم ھەم ھۆر ياشارمەن» مىسرالىرىدا تەرىپلىگىنىدەك، مۇسۇلمان تۈركىيە تۈركلىرى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ، مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇردى.[17]

تۈركىيە تەۋەلىكىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر ئىسلام دۇنياسى دىنىي ئويغىنىشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسى ۋە ئەمەلىي پائالىيىتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى تەرەققىيات، غەرب دۇنياسىغا يېتىشىش، زامانىۋىلىشىش بولغاچقا، تەرەققىيات ۋە زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ بەزى پرىنسىپال قىممەت قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىلگەن ئىدى، شۇڭلاشقا تۈركىيەدىكى دىنىي ئويغىنىش ھەرىكىتى «دىنىي مودىرنلەشمە»، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە «دىنىي زامانىۋىلىشىش» دەپ ئاتالدى.

تۈركىيەنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىدىكى مۇسۇلمان تۈرك تۇپراقلىرىنىڭ ئەھۋالى باشقىچە ئىدى. يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك 1552- يىلى ئىدىل – ئۇرال رايونى ، 1699 – يىلى قىرىم رايونى ، 1731 - يىلى بۈگۈنكى قازاقىستان رايونى ، 1895 – يىلى بۈگۈنكى ئۆزبېكىستان ۋە قىرغىزىستان رايونى ، 1879 – يىلى بۈگۈنكى تۈركمەنىستان رايونى رۇسلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى.[18] 1878 – يىلى گومران بولۇش ئالدىدا تېپىرلاۋاتقان ئاجىز چىڭ مانجۇ ئىمپېرىيەسى رۇسلارنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرىيە دۆلىتىنى يىقىتىپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر رايونىنى ئىشغال قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى.[19] زامانىۋى دەۋرنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدىغان 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى 1920 – يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بۈگۈنكى ئەزەربەيجان رايونىنى ئىشغال

(17) «ئىسلاما گىرىش» (ئىسلامغا كىرىش) تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ديانەت ئىشلىرى باشقارمىسى، 517 – بەت؛
(18) «ئىسلاما گىرىش» (ئىسلامغا كىرىش) تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ديانەت ئىشلىرى باشقارمىسى، 542 – بەت؛
(19) ئابدۇرەشىت جېلىل قارلۇق، «ئۇيغۇر يەنىلەشمە سۆرەجىندەكى ئىستانبۇل ئەكولۇ ۋە ئونۇن بازى تەمسىلجىلەرى ئۆزەرىندە» (ئۇيغۇر جەدىدچىلىكىدىكى ئىستانبۇل تارمىقى ۋە ئۇنىڭ بەزى ۋەكىللىرى ھەققىدە) (ماقالە)، تۈرك كۈلتۈرۈ دەرگىسى (تۈرك كۈلتۈرى ژۇرنىلى )، 2009 – يىل 2 – سان، 291 – بەت؛

قىلىش بىلەن، تۈركىيەدىن باشقا بارلىق مۇسۇلمان تۈرك زېمىنلىرى رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندى.[20]

تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا قالغان مۇسۇلمان تۈرك تۇپراقلىرىدىكى ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇستەقىل ۋە سىياسىي ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان تۈركىيەدەك «زامانىۋىلىشىش» خىيالىدا بولۇش تازا ياراشمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى مۇھىم مەسىلە دىن، تىل، ئىجتىمائىي – كۈلتۈر ئاسسىمىلياتسىيەگە، سۈرگۈن قىلىش، قەتلىئام، تارقاقلاشتۇرۇش شەكىللىرىدىكى سىياسىي – ئەسكىرىي يوقۇتۇشلارغا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تالان - تاراجلارغا قارشى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئىدى.

دەل مۇشۇنداق ئىجتىمائىي – سىياسىي شارائىتقا دۇچ كەلگەن مۇسۇلمان تۈرك خەلقلىرىنىڭ دىنىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ، ئۆزىگە خاس ئايرىم بىر ئىندىۋىدۇئاللىقنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خىل خاسلىقتىكى دىنىي ئويغىنىش ھەرىكىتىگە «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» دەپ نام بېرىلدى، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئىشتىراكچىلىرى «جەدىدچىلەر» دەپ ئاتالدى.

شۇنى تەكرار ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مەيلى مۇسۇلمان ئەرەب دۇنياسىدا بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمان ھىندىستان رايونىدا بولسۇن، مەيلى مۇسۇلمان تۈرك دۇنياسىدا بولسۇن، ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ىىخلىرىنى 18 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئىزدەپ تېپىش مۇمكىن. ھەر قايسى رايونلاردىكى دىنىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئۆزىگە خاس تارىخى ۋە بۇ تارىخنى ياراتقۇچىلىرى بار بولۇپ، ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانى كىچىك ئېقىنلارنىڭ بىرىكىشىدىن زورايغان دەرياغا ئوخشايدۇ. دېمەكچىمىزكى، ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن ئەڭ دەسلەپكى بىر بارلىققا كەلتۈرگۈچىسى يوق، بۇ ھەرىكەتنى كىم بارلىققا كەلتۈرگەن، كىم كىمگە تەسىر كۆرسەتكەن، قانداق تارقالغان دېگەندەك سوئاللار ھەرقايسى كىچىك ئېقىنلار يۆنىلىشى بويىچە تەتقىق قىلىنىشى كېرەك. مەسىلەن: مۇسۇلمان ئەرەب دۇنياسىدىكى دىنىي ئويغىنىش قانداق بارلىققا كەلگەن، ئاساسچىسى كىم، قانداق داۋاملاشقان ۋە كېڭەيگەن، مۇسۇلمان تۈرك دۇنياسىدىچۇ؟ دېگەندەك. بىپايان ئىسلام زېمىنىدا،

(20) «ئىسلاما گىرىش» (ئىسلامغا كىرىش) تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ديانەت ئىشلىرى باشقارمىسى، 547 – بەت؛

سىرتقى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ياكى خىرىسىغا دۇچ كەلگەن ھەر قانداق بىر قەۋمدىكى تۇيغۇن كىشىلەرنىڭ، بۇ تاجاۋۇز ۋە خىرىسقا قارىتا، مىڭ يىللىق مەدەنىيەت بىرلىكى ۋە بىرلىككە كەلگەن قىممەت قاراشلىرى ئاساسىدا، بىر بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئويغىنىش، سىلكىنىش ۋە ئىنكاستا بولۇشى تەبىئىدۇر. ھەر قايسى رايون ۋە خەلقلەردە بارلىققا كەلگەن ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ، تەرەققىي قىلىش ۋە كېڭىيىش جەريانىدا قىسمەن بولسىمۇ ئۆز ئارا تەسىرىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىمىساقمۇ، 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن بىر قەدەر كۆلەملىك شەكىلدە ئۇچرىشىشقا ۋە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى دېيەلەيمىز. ئەمەلىيەتتىمۇ 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، ئۆز ئارا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ئېقىملىرى 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۆزلىرىدىكى پەرقلەرگە ئاساسەن «دىنىي ئەسلىيەتچىلىك» (سەلەفىيلىك)[21]، «دىنىي زامانىۋىلىشىش» (دىنىي مودەرنلەشمە) ۋە «جەدىدچىلىك» (دىنىي يېڭىلىنىش) دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالدى، ھەمدە تارىخ ۋە چۈشەنچە تەتقىقاتلىرىدا بۇ ناملار مەخسۇس ئىسىم سۈپىتىدە قوللىنىشقا باشلىدى. 20 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن ئىسلام دۇنياسىدىكى بۇ ھەرىكەتلەر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، «ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى» دەپ ئاتالدى.

## 2. «جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسى:

«جەدىد» (ئەرەبچىدە جەدىد دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) كەلىمىسى ئەسلىدە ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «قەدىم»، «كونا»، «ئەسكى» نىڭ زىتى بولغان «يېڭى» دىن ئىبارەت، بۇ كەلىمە سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن پېئىلغا تەۋە بولغاندا «يېڭىلاش» مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ. «جەدىد» كەلىمىسى ئۇقۇم جەھەتتىن بىر شەيئىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ، بۇزۇلۇپ ئورنىغا يېڭى بىر شەيئىنىڭ قويۇلۇشىنى، ياكى ئەسلى شەيئىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ بەلگىلىك خاسلىق ۋە ئالاھىدىلىكىنى قايتا جانلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.[22]

(21) ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ «سەلەفىيچىلىك» تارمىقى ئۆزلىرىنى «سەلەفىيچىلەر» دەپ ئاتىغان ۋە بۇ نام 19 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا مەخسۇس ئىسىمغا ئايلانغان. ئۇقۇم مەنىسىگە قىزىققۇچىلار «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسى، «يەنى سەلەف» (يېڭى سەلەف) ماددىسىغا مۇراجىئەت قىلسىڭىز بولىدۇ؛

(22) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسى، «جەدىت» ماددىسى؛

«ئىسلاھات» كەلىمىسىمۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «بۇزۇق» نىڭ ئەكسى «تۈزۈك» تىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ كەلىمە سۆز تۈركۈمى جەھەتتىن پېئىلغا تەۋە بولغاندا «تۈزەش» مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ. «ئىسلاھات» كەلىمىسى ئۇقۇم جەھەتتىن نۇقسانىنى، قۇسۇرنى، خاتالىقنى تۈزىتىش، كەمچىلىكنى تولۇقلاش دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ. بۇ ئىككى كەلىمىنىڭ لۇغەت مەنىسى ئىسلامىي چۈشەنچىلەردىكى بەزى ئىستىلاھ مەنىلەرنىمۇ شەكىللەندۈرگەن.[23]

ئەرەبچىدىكى «جەدىد» كەلىمىسىگە، تۈركچىدىكى «چى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «يېڭىلىغۇچى» مەنىسىدىكى «جەدىدچى» ئاتالغۇسى، بۇنىڭغا «لىك» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «يېڭىلىغۇچىلىق ياكى يېڭىلاش» مەنىسىدىكى «جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسى شەكىللەنگەن.[24]

ئۇنداقتا «جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىكى تەبىرى نېمە؟ بىز نۇرغۇن ئىزاھلىق لۇغەت ۋە ئېنسىكلوپېدىيەلەرگە قاراپ باقتۇق، ئۇلاردا ئاساسەن «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياكى ئىدىل – ئۇرال تاتار مۇسۇلمانلىرىنىڭ 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلىغان، كۈلتۈر ۋە مائارىپ ساھەسىدىكى يېڭىلىنىش ھەرىكىتى»[25] دېگەندەك ئوخشاش بىر خىل تەبىر بېرىلگەن .

«جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسىنىڭ ئەڭ دەسلەپ قاچان، كىم تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ۋە قوللىنىلغانلىقىغا كەسكىن ھۆكۈم قىلالمىساقمۇ، يازما ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى ھېسابلىنىدىغان «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» نىڭ دەسلەپكى تەشەببۇسچىلىرىدىن بىرى بولغان شاھابىددىن مەرجانى (1818 – 1889) نىڭ قوللانغانلىقى مەلۇمدۇر.[26]

---

(23) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسى، «ئىسلاھ» ماددىسى؛
(24) جەدىد كەلىمىسى ئەرەبچە كەلىمە بولغاچقا ئەرەب، ھىندى رايونىدىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىدىمۇ ئىشلىتىلگەن. بىراق ئۇلار ئەرەبچىدىكى «يېڭى، يېڭىلىق، يېڭىچە » دېگەن مەنىلىرى بويىچە قوللانغان، خاس ئىسىم شەكلىدە قوللىنىلمىغان. بۇ كەلىمىگە «چى، لىك» دېگەندەك تۈركچە قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەن «جەدىتچى»، «جەدىدچىلىك» دېگەن ئاتالغۇلار خاس ئىسىم سۈپىتىدە قوللىنىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەرەب، ھىندى رايونلىرىدا«ئۇسۇلى جەدىد» كەلىمىسىنى قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئوخشاشلا خاس ئىسىم شەكلىدە قوللانمىغان.
(25) «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسى، «جەدىت» ماددىسى؛
(26) ئىبراھىم ماراش: «تۈرك دۇنياسىندا دىنى يەنىلەشمە» (تۈرك دۇنياسىدا دىنىي يېڭىلىنىش)، ئۆتۈكەن نەشرىياتى ، ئىستانبۇل 2002، 31- 33 – بەت؛

3. جەدىدچىلىك ھەرىكىتى :

مۇسۇلمان تۈرك قەۋملىرى ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ رۇسلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان، ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلغان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، مەۋجۇتلۇقى تەھدىت ئاستىدا قالغان ئىدىل – ئۇرال خەلقى، باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قارىغاندا نىسبەتەن بالدۇر ئويغىنىشقا باشلىدى. ئىشغال قىلىنغاندىن بىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن شىددەتلىك ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى، يېكاتېرىنا II (1762 ـ 1796) نىڭ دەۋرىگە كەلگەندە بىر ئاز يۇمشىدى. 1788 – يىلى 9 – ئاينىڭ 22 – كۈنى پادىشاھ يېكاتېرىنانىڭ پەرمانى بىلەن ئۇفادا «دىنىي مۇھەممەدى ئىدارىسى» (Orenburskoe Muhammedanskoe Duhovnoe Sobranie) نامىدا بىر مۇپتىلىق قۇرۇلدى. بۇ يۇمشاق سىياسەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ئىدىل – ئۇرال تۈركلىرى، بەزى چوڭ شەھەرلەردە تېزلىك بىلەن مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى قۇرۇپ چىقتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىدىن ئۆتكۈزگەن ئاساستا، بىر قەدەر ئىلغار پىكىرلىك ئىماملار، موللىلار ۋە مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى.(27)

رۇسلار سىياسەتنى يۇمشىتىش بىلەن بىرگە، خىرىستىيانلاشتۇرۇش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى تېخىمۇ ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، قازاندا «Duhonaya Akademiya» نامىدا مىسسىئونېرلارنىڭ دىنىي ئاكادېمىيەسىنى قۇرۇپ چىقتى. 1785 – يىلى قازاندا ئېچىلغان رۇس گىمنازىيۇمى 1769 – يىلدىن باشلاپ تاتار تىلى سىنىپى ئاچتى، 1804 – يىلغا كەلگەندە قازاندا رۇسلار تەرىپىدىن ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇلدى.(28)

رۇسلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىستان رايونى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۈزۈلۈپ قالغىلى ئۇزۇن بولغان ئىدىل – ئۇرال رايونى بىلەن تۈركىستان رايونىنىڭ ئالاقە يولى ئېچىلىشقا باشلىدى. 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئىدىل – ئۇرال رايونىدىن بۇخارا ۋە سەمەرقەنت مەدرىسلىرىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغانلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىدى. گەرچە شۇ دەۋرلەردە بۇخارادا ئوقۇغان تالىپلار، بۇخارا مەدرىسە مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ۋەتىنىگە تەقلىد قىلىپ

(27) ئىبراھىم ماراشنىڭ يۇقىرىدىكى كىتابى، 19 – بەت؛
(28) ئىبراھىم ماتاشنىڭ يۇقىرىسى كىتابى، 20 – 22 بەتلەر؛

ئاپارغان بولسىمۇ، ئىدىل – ئۇرال رايوندا بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا، يەنى 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپلا، رايوندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دىنىي چۈشەنچە ۋە مائارىپ سىستېمىسىدىن نارازى بولۇش ۋە باتناش باشلىنىپ كەتكەن ئىدى.[29]

يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئابدۇرەھىم ئوتىۇزمەنى (تولۇق ئىسمى: ئابدۇرەھىم ئىبنى ئوسمان ئىبنى سەرمەكى ئەلقىرىمى ئوتىۇزمەنى، 1754 - 1834)، ئەبۇ ناسىر قۇسراۋى (تولۇق ئىسى: ئەبۇ ناسىر ئىبنى يارمۇھەممەد ئىبنى ئەشتەرەك ئەلقازانى ئەلھانەفى ئەلقۇسراسى، 1776 - 1812) ۋە ئەخمەدجان ياقۇپ (تولۇق ئىسمى: ئەخمەدجان ئىبنى ئەمرخان ئىبنى قوچقار ئىبنى ياقۇپ، ؟ - 1813) قاتارلىق دىنىي ئالىملاردا بارلىققا كەلگەن ئىسلام دىنىنى توغرا تونۇش، جەمئىيەتتىكى خاتا چۈشەنچىلەر ئۈستىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قاراشلىرى ۋە بۇ قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ شاگىرت – تالىپلىرىغا شەرھىلىشى، شۇنداقلا ئۆزلىرى مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان كىچىك مەدرىسلەردە بەزى يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشى بىلەن، ئىدىل – ئۇرال ۋادىسىدا دىنىي ئويغىنىشنىڭ بىخلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئىدى. 19 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئالىم شاھابىددىن مەرجانى (1818 - 1889) تەرىپىدىن «جەدىد» كەلىمىسى قوللىنىلدى ۋە «جەدىدچىلىك» ئىدىيەسى رايوندىكى ئىلىم ئادەملىرى ئارىسىدا يېيىلىشقا باشلىدى.[30]

19 – ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ، ئىدىل – ئۇرال رايونىدىكى دىنىي ۋە مىللىي ئويغىنىش ئىجتىمائىي ھەرىكەت بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى. بىر تەرەپتىن شەمسىددىن مۇھەممەد كۈلتەسى (1856 - 1930)، ئالىمجان بارۇدى (1857 - 1921)، ئابدۇللاھ بۇبى (1871 - 1922)، مۇھەممەد نەجىپ تۈنتەرى (ئۆلۈم تارىخى م. 1930)، رىزائەددىن فەخرىددىن (1858 - 1936)، زىيائەددىن كامال (1873 - 1942)، مۇسا جارۇللاھ (1875 – 1949) قاتارلىق تۇيغۇن، پىكرى ئۆتكۈر ئالىم ئۆلىمالارنىڭ ئىدىيە – تونۇش جەھەتتىكى ئويغىنىش ۋە ئويغىتىش ھەرىكىتىنىڭ ئىجتىمائىيلىششىنى، ھۈسەيىن فەيزىخان (1821 - 1866)، قاييۇم ناسىرى (1825 - 1902)، زەينۇللاھ رەسۇلى (1833 - 1917)، فاتىخ كەرىم (1870 - 1937)، زاھىر

(29) ئىبراھىم ماراش: «تۈرك دۇنياسىندا دىنى يەنىلەشمە» (تۈرك دۇنياسىدا دىنىي يېڭىلىنىش)، ئۆتتۈكەن نەشرىياتى ، ئىستانبۇل 2002، 20 – بەت؛

(30) ئىبراھىم ماراش: «تۈرك دۇنياسىندا دىنى يەنىلەشمە» (تۈرك دۇنياسىدا دىنىي يېڭىلىنىش)، ئۆتتۈكەن نەشرىياتى ، ئىستانبۇل 2002، 73 - 113 – بەت؛

بەگ (1870 ـ 1902)، ئابدۇرەشىد ئىبراھىم (1857 ـ 1944)، كەششاف تەرجۇمانى (1877 ـ 1943)، زاكىر قادىرى (ئۆلۈم تارىخى م. 1995)، جامالىدىن ۋەلىدى (1887 ـ 1932)، ئەھمەد ھادى مەخسۇدى (1868 ـ 1941)، ئاياز ئىسھاق (1878 ـ 1954) قاتارلىق مائارىپچىلار «ئۇسۇلى جەدىد» (يېڭى ئۇسۇل) بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇش ئارقىلىق قوللىسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەرىپەتپەرۋەر باي – تىجارەتچىلەر ماددىي جەھەتتىن قوللىدى. يېرىم ئەسىرلىك ئىدىيە، تونۇش جەھەتلەردىكى ئىدېئولوگىيەلىك ئىسلاھاتلارنى بېسىپ ئۆتكەن بۇ دىنىي، مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى، 1885 – يىلىغا كەلگەندە ئىسمائىل بەگ غاسپىرالىنىڭ مائارىپ ۋە مەتبەئە ئارقىلىق قوللىشى نەتىجىسىدە، تىز سۈرئەتتە ئىجتىمائىيلىشىپ، پۈتۈن ئىدىل – ئۇرال ۋادىسىغا كېڭىيىپلا قالماستىن، شەرقتىكى تۈركىي مىللەتلەرگە تېگىشلىك تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى، شۇنداقلا ئىسلام دۇنياسىدىكى «دىنىي ئەسلىيەتچىلىك» (سەلەفىيلەر ھەرىكىتى)، «دىنىي زامانىۋىلىشىش» (دىنىي مۇدەرنلەشمە) دېگەندەك دىنىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئىسلام دىنىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ قالدى.[31]

بىز يۇقىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» نى ئىسلام دىنىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنى ئاساسى نىشان قىلغان بىر تەركىبى قىسمى ۋە غوللۇق تارمىقى دەپ ئېيتالايمىز.

ئەمدى بىز «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» نىڭ ئاساسلىق خاسلىقى بولغان، ئىجتىمائىي ئىسلاھات جەھەتتە قانداق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

ئىدىل – ئۇرال مۇسۇلمان تۈرك خەلقىنىڭ دىنىي، مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى بولغان «جەدىدچىلىك»، رايون تەۋەسىدە ئىدىيەۋى ۋە پېئىلى (ئەمەلىي ھەرىكەت تىپىدىكى) جەھەتتىن بىر يۈرۈش ئەمەلىي ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى.

(31) «جەدىدچىلىك» ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە مۇشۇنچىلىك توختىلىمىز، تەپسىلاتىغا قىزىققۇچىلار دوكتور ئىبراھىم ماراشىنىڭ يۇقىرىدىكى كىتابىغا مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسەر دوكتور ئىبراھىم ماراشىنىڭ تاتارىستاندا ئۈچ يىل تۇرۇپ قىلغان جاپالىق تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، كىتابتا نۇرغۇن بىرىنچى قول مەنبەلەر كۆرسىتىلگەن. بىز ئاز بىر قىسىم بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا باققان بولساقمۇ، ھەممىسىنى كۆرۈپ بولۇش ئىمكانى بولمىدى. ئىلمىي ئەخلاققا رىئايە قىلىش يۈزىسىدىن دوكتور ئىبراھىم ماراشىنىڭ كىتابىدىنلا ئىزاھات كۆرسەتتۇق، بىرىنچى قول ماتېرىيالغا قىزىققىدىغانلارغا، بىز كۆرسەتكەن ئىزاھاتلارنى يىپ ئۇچى قىلىپ، ئەسلى كىتابتىكى ئىزاھاتلار بويىچە ئىزدەپ كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

1) ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتىن ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتلار:

بۇ تېمىدا سۆزىمىزنىڭ قىسقا بولۇشى ئۈچۈن، پەقەت ئۈچ مەسىلە بىلەنلا قانائەت قىلىمىز.

بىرىنچى، ئىمان بىلەن چۈشەنچىنى، ئىلىم بىلەن ئىلىمغا ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنى ئايرىش:

«جەدىدچىلىك» دىنىي ئويغىنىش ھەرىكىتى بولغاچقا، دىنىي مەركەز قىلىپ ھەرىكەت قىلدى. دىنىي، مىللىي يوقىلىش خەۋپى ئاستىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئالىم مەرجانى، ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. بارلىق دىن ۋە پىكىر سىستېمىلىرىدا بولغىنىغا ئوخشاش، ئىسلام دۇنياسىدىمۇ تارىختىن بىرى مەزھەپۋازلىق، گۇرۇھۋازلىق مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ بەزىدە پەس كويغا چۈشسە، بەزىدە قانلىق جەڭگە – جېدەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ تۈردىكى پىكىر ئىختىلاپلىرىنى يىلتىزىدىن يوقىتىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزۈل – كېسىل ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق بۇ ئىختىلاپلارنى پەس كويغا چۈشۈرۈش، پىكىر ئىختىلاپىنىڭ زىددىيەتكە، زىددىيەتنىڭ دۈشمەنلىككە ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن بولاتتى.[32] بۇ ھەقتە مەرجانى «ئىماندا بىرلىككە كېلىش ، چۈشەنچىگە ھۆرمەت قىلىش»، «ئىلىم بىلەن ئىلىمگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنى ئايرىش» پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىكىر ئاساسى «جەدىدچىلىك» نى «دىنىي ئەسلىيەتچىلىك» (سەلەفىلىك) تىن روشەن پەرقلەندۈردى.[33] مەسىلەن : «ئاللاھ نىڭ بىرلىك بارلىقىغا ئىمان ئېيتىش» تا بىرلىككە كېلىپ ، «ئاللاھ نىڭ قانداق بىر؟ قانداق بار؟» لىقى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرگە ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش. چۈنكى بارلىق مۇسۇلمانلار «ئاللاھ نىڭ بىرلىك بارلىقى» غا ئىشىنىدۇ ۋە ئىمان كەلتۈرىدۇ، بىراق بەزىلەر «ئاللاھ پۈتۈن كائىناتتىن ئايرىم بىردۇر» دېسە، يەنە بەزىلەر «ئاللاھ بارلىق مەۋجۇداتنى ئوراپ تۇرىدۇ» دەپ قارايدۇ. بەزىلەر «ئاللاھ ئاسماندا» دېسە، يەنە بەزىلەر «ئاللاھ غا نىسبەتەن بوشلۇق ئۇقۇمى يوق، ئۇ ئاسماندىمۇ ئەمەس، يەردىمۇ ئەمەس...» دەپ قارايدۇ. بەزىلەر «ئاللاھ نىڭ قولى بار، يۈزى بار...» دېسە، يەنە

(32) سۇلايمان ئۇلۇداغ: «ئىسلام دۈشۈنجەسىنىن ياپىسى» (ئىسلامىي چۈشەنچىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى)، 238-بەت؛

(33) نۇرغۇن ئەسلىيەتچىلىك ۋەكىللىرى تەسەۋۋۇپ قاتارلىق بەزى دىنىي ئىلىملەرنى ئىنكار قىلىدۇ.

بەزىلەر «ئاللاھ نىڭ قولى يوق، يۈزى يوق...» دەيدۇ. بەزىلەر «ئاللاھ پۈتۈن كائىناتقا بىر قانۇنىيەت بەلگىلىدى، كائىنات قانۇنىيەت بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ...» دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر «قىلمۇ ئاللاھنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن تەۋرەيدۇ، ئاللاھ ھەر قانداق شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغىچە شەخسەن ئۆزى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ...» دەپ قارايدۇ، ۋەھاكازا ... ئۇلار بۇ خىل چۈشەنچە پەرقى تۈپەيلىدىن بىر بىرىنى دىنسىز، كاپىر، زىندىق دېگەن ئېغىر تىللار بىلەن ھاقارەتلەيدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئۆز پىكرىگە ئاساس بولغىدەك دەلىللىرى بار ئىدى...[34]

قانداق قىلىش كېرەك؟ مەرجانى «ئىمان بىلەن قاراشنى ئايرىش» پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنى «ئاللاھ نىڭ بىرلىك ۋە بارلىقى» ئىمان مەسىلىسى، ئۇنى ئىنكار قىلغانلار كاپىر بولىدۇ، «ئاللاھ نىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىنىڭ قانداق رەۋىشتە ئىكەنلىكى » چۈشەنچە مەسىلىسى بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە چۈشەنچىسىنى تېڭىش، يەنى ئۆز چۈشەنچىسىنى ئىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش قارىشىنى تەلەپ قىلىش ھەققى يوق. چۈشەنچە پەرقى تۈپەيلىدىن باشقىلارنى زىندىق، پاسىق دەپ ھاقارەتلەشكە، كاپىر دەپ مۇسۇلمانلىق دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە تېخىمۇ ھەققى يوق ... (سەلەفىيلىكتە بۇ خىل قاراش سەل ئاجىز)

مەرجانىنىڭ «ئىلىم بىلەن ئىلىم ۋەكىللىرىنى ئايرىش» قارىشىنى مۇسا جارۇللاھ قاتارلىق جەدىدچىلەر تېخىمۇ كۈچەلەندۈردى. ئۇ كالام، تەسەۋۋۇپ ۋە باشقا ئىسلام كىلاسسىك ئىلىملىرىنى، نۆۋەتتە بۇ ئىلىمگە ۋەكىللىك قىلىۋاتقانلاردىن ئايرىپ مۇئامىلە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەسىلەن: مۇسا جارۇللاھ شۇ دەۋردە تەسەۋۋۇپقا ۋەكىللىك قىلىۋاتقان سوپى ۋە تەرىقەت شەيخلىرىنى، ئۇلارغا قارىغۇلارچە ئەگەشكەن مۇرىتلىرىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، تەسەۋۋۇپ ئىلمىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ۋە تۆھپىسىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ماختىغان ئىدى...[35]

بۇنىڭدىن باشقا جەدىدچىلەر ئىسلام دىني چۈشەنچە ساھەسىدىكى نۇرغۇن مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ ۋە مۇناسىپ ھەل قىلىش چارە – قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ماقالىمىزنىڭ ئەسلى تېمىسىدىن چەتنەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئىككىنچى

(34) ماقالىمىزنىڭ تېمىسى دائىرىسى ئىچىدە بولمىغاچقا تەپسىلاتى بېرىلمىدى.
(35) ئىبراھىم ماراش: «تۈرك دۇنياسىندا دىنى يەنىلەشمە» (تۈرك دۇنياسىدا دىني يېڭىلىنىش)، ئۆتۈكەن نەشرىياتى ، ئىستانبۇل 2002، 117 - 126 – بەت؛

مىسالغا ئۆتىمىز.

ئىككىنچى، «قۇرئان كەرىم» نىڭ تەرجىمىسى مەسىلىسى:

مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان بولۇپ، مۇسۇلمانلىق ئېتىقادىدا ئاللاھ نىڭ سۆزى دەپ ئىمان كەلتۈرۈلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» تارىختىن بىرى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ كەڭ يېيىلىشى تېخى يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئىش. «قۇرئان كەرىم» - «مەخلۇق (يارىتىلغۇچى)» مۇ ئەمەسمۇ؟[36] تېمىسىدىكى، ئىسلام دۇنياسىدا ئەسىرلەردىن بىرى تالاش – تارتىش قىلىنىپ كەلگەن بۇ مەسىلە، ئىمامى بۇخارىدەك مەشھۇر ئالىملارنىڭمۇ سۈرگۈن قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان بولۇپ، نەتىجە سۈپىتىدە «قۇرئان ئاللاھ نىڭ سۆزىدۇر، لەۋزى (ئوقۇلۇشى، چىققان ئاۋاز قاتارلىق جىسمانىي تەرىپى) مەخلۇقتۇر» دېگەن ھۆكۈم مۇقىملاشقان ئىدى. جەدىدچىلەرمۇ بۇ ھۆكۈمگە ئاساسەن ئەڭ دەسلەپ ھەل قىلغىنى «قۇرئاننى باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىش مۇمكىنمۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن مەسىلە بولدى. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ بۇبى بىلەن مۇسا جارۇللاھ كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان جەدىدچىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار «قۇرئان كەرىم ئاللاھ نىڭ سۆزىدۇر، بۇ نۇقتىدىن قۇرئاننى تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. قۇرئاننىڭ لەۋزى مەخلۇقتۇر، مەخلۇق بولغان لەۋزىنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىلغا تەرجىمە قىلىش مۇمكىن» دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى. بۇ ھۆكۈم چىقىرىلغاندىن كېيىن «قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىدىكى ئورنى نېمە ؟» دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنىڭغا قارىتا مۇسا جارۇللاھ بىر قانچە ماقالە يېزىش ئارقىلىق «قۇرئان ئاللاھ نىڭ سۆزىدۇر، ئۇنى تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا ئىبادەت قەتئىي ھالدا قۇرئاننىڭ ئەسلى تىلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. لەۋزىنى تەرجىمە قىلىش مۇمكىن، بىراق تەرجىمە ھەرىكىتىگە تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ چۈشەنچىسى[37] ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ تەرجىمىسى

(36) ئىسلام ئالىمىدىكى ئەڭ چوڭ پىتنە دەپ قارىلىپ كېلىۋاتقان بۇ مەسىلە، يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ نىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇر تېغىدا بىۋاستە سۆزلەشكەنلىكىنى دەلىل قىلىپ ، ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىشى سەۋەبىدىن، بەزى مۇسۇلمان ئالىملار قۇرئاننى قوغداش يۈزىسىدىن تۇتۇش قىلغان مەسىلە ئىدى.

(37) بۇ يەردىكى چۈشەنچە قۇرئاننىڭ تەرجىمىسىگە ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىنى قىستۇرىدۇ دېگەنلىك بولماستىن، ئەرەب تىلىمۇ باشقا تىللارغا ئوخشاش ئالاقىلىشىش قورالى بولغانلىقى ئۈچۈن، تىل مۇئەييەن مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، تىلدىن چىقىدىغان مەنانىڭ بايان قىلغۇچىنىڭ ئەسلى مەقستى ۋە ئاڭلىغۇچىنىڭ چۈشەنچىسى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولۇشى ناتايىن. مۇسا جارۇللاھ بۇ يەردە شۇنى مەقسەت قىلىدۇ.

قۇرئان ھېسابلانمايدۇ، تەپسىر قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، پەقەت ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكام – قائىدىلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈنلا قوللىنىشقا بولىدۇ، ئىبادەتتە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.[38]

ئۈچىنچى ، ئاياللار مەسىلىسى:

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىسلامغا قىلىنغان ھۇجۇملاردا ئاياللار مەسىلىسى ئاساسى تېمىلارنىڭ بىرىدۇر. دەۋرىمىزدىمۇ غەربنىڭ غەربلەشتۈرۈش ھۇجۇم نىشانى ئاساسەن ئاياللار ۋە ئاياللار مەسىلىسى بولۇۋاتىدۇ. 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىدىل – ئۇرال ۋادىسىدىمۇ، رۇسلارنىڭ رايون خەلقىنى رۇسلاشتۇرۇش، خىرىستىيانلاشتۇرۇش ھۇجۇملىرىدا ئاياللار مەسىلىسى مۇھىم ئورۇننى تۇتقان ئىدى. جەدىدچىلەر قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن ئىسپات كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ ئىنسانىي نۇقتىدىن باراۋەر ئىكەنلىكىنى ، ئەر ۋە ئايالنىڭ ئاللاھ ئالدىدا ئۆز ئالدىغا ھېساب بېرىدىغان ئايرىم بىر نەپسى بارلىقىنى، بىراق ھاياتى دۇنيادا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتى ئوخشاش بولمىغاچقا ھوقۇقىنىڭمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تەڭسىزلىكتىن دېرەك بەرمەيدىغانلىقى، ئەكسىچە تولۇق مەنىدىكى بىر ئادالەت ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، «بىر دېھقان بىلەن بىر تۆمۈرچىگە ئوخشاشلا بىردىن بازغان بېرىلسە ، باراۋەر مۇئامىلە قىلىنغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنداق تەقسىماتنىڭ دېھقانغا قىلىنغان ناھەق مۇئامىلە بولىدىغانلىقى» غا ئوخشاش مىساللار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىسلام ئاياللارغا بەرگەن، بىراق ھايات ئەمەلىيىتىدە ئاياللار مەھرۇم قىلىنغان ھەق ۋە ھوقۇقلىرىنى ئاياللارغا قايتۇرۇپ بېرىش تەشەببۇس قىلىندى.

ئاياللار ھەق – ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن،

(38) بۇنىڭدىن توپتوغرا 100 يىل ئىلگىرى قۇرئاننى تەرجىمە قىلىش ۋە قۇرئان تەرجىمىسىنىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، بىر تىلدا بىر قانچە تەرجىمە نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلدى، ھەر قايسى مۇسۇلمان مىللەت خەلقلىرىمۇ قۇرئان تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ دىندىكى ئورنى مەسىلىسىدە بىرلىككە كەلدى. بۇنىڭدىن 100 يىل كېيىن «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» نەشر قىلىپ تارقاتقان «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نۇرغۇن سۆز چۆچەكلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ نۆۋەتتىكى شارائىتىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇنداق بىر تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدىن ئەندىشە قىلىش ھەرقانداق بىر مەسئۇلىيەتچان مۇسۇلماننىڭ ھەققىدۇر. بىراق «قۇرئان كەرىم» تەرجىمىسىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە تېخىچە ئايدىڭلىشىپ بولالمىغانلىقى، تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچان بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىي ئەندىشە قىلىشىغا تېگىشلىك مەسىلىدۇر.

ئاياللارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششى، مەسچىت قاتارلىق دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا بېرىش ھەقلىرى بىلەن بىرگە، ئاياللارنىڭ شەرئەت ھۆكۈملىرى دائىرىسى ئىچىدە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ھەقلىرى ئاساسى تېما بولدى. 1906 – يىلى 2- ئاينىڭ 13 – كۈندىن 23 – كۈنگىچە ئېچىلغان «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقى قۇرۇلتىيى» دا، يېزىق ئۈستىدە بولسىمۇ ئاياللارنىڭ سايلاش ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىندى، ئاياللارنىڭ مەسچىتكە بېرىش ھەققى مۇزاكىرە قىلىندى، 1916 – يىلى ھەج سەپىرىدىن يېنىپ كەلگەن مەريەم بىنتى تۆمۈرپۇلات، ئۇفادىكى بىر مەسچىتتە ئەتراپتىكى ئاياللار بىلەن بىرگە جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇدى، شۇنىڭدىن بىرى ئاياللارنىڭ مەسچىتلەرگە بېرىشى ئومۇملىششقا باشلىدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئاياللارنىڭ شەرئەت ھۆكۈملىرىگە ئۇيغۇن رەۋىشتە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششى بىر قەدەر ئومۇملىشىپ، 1917 – يىلغا كەلگەندە جەدىدچى ئابدۇللاھ بۇبىنىڭ سىڭلىسى مۇخلىسە بۇبى خانىم، بەش نەپەر قازىدىن تەركىب تاپقان قازىلار ھەيئىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ سايلىنىپ، ئىسلام تارىخىدىكى تۇنجى ئايال قازى بولۇپ قالدى.[39]

2) پېئىلى (پائالىيەت خاراكتېردىكى ) ئىسلاھاتلار:

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك جەدىدچىلىك دىنىي، مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى بولۇش بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەرىكىتىمۇ ھېسابلىنىدۇ. جەدىدچىلەر ئىدىيۋىي – تونۇش جەھەتتىكى يېڭى قاراش ۋە ئىسلاھاتلىرىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ۋە يېيىش جەھەتتە ئىككى خىل ئەمەلىي پائالىيەت ئېلىپ باردى، ئۇنىڭ بىر نەشرىياتچىلىق، يەنە بىرى مائارىپ ئىدى.

نەشرىياتچىلىق ئىسمائىل بەگ غاسپىرالىنىڭ 1881 – يىلى باغچەسارايدا نەشر قىلغان «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى» ناملىق رۇسچە رىسالىسى بىلەن ئىدىيەۋى ئاساسى سېلىنىپ، 1883 – يىلى «تەرجىمان» گېزىتىنىڭ نەشردىن چىقىشى بىلەن رەسمىي باشلاندى. بۇنىڭغا ئۇلاپلا «شۇرا»، «ۋاقىت»، «ئاڭ»، «نۇر»، «يۇلتۇز»، «تۇرمۇش»، «ئەلئىسلاھ»، «ئىسلام دۇنياسى» ... قاتارلىق گېزىت ژۇرناللار ئارقا – ئارقىدىن نەشر

(39) جەدىدچىلەر بۇنىڭدىن باشقا ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەردە توختالغان بولۇپ، قىزىققۇچىلار بولسا ئىبراھىم ماراش: «تۈرك دۇنياسىندا دىنى يەنىلەشمە» (تۈرك دۇنياسىدا دىنىي يېڭىلىنىش)، ئۆتۈكەن نەشرىياتى ، ئىستانبۇل 2002، 177 - 192 – بەتلەر ۋە 248 – 268 – بەتلەرگە مۇراجىئەت قىلسۇن.

قىلىنىپ، جەدىدچىلەرنىڭ تولۇق ماقالە، رىسالە قاتارلىق ئەسەرلىرى بېسىلدى ۋە جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى.[40]

مائارىپ جەھەتتىكى ئەھۋالغا كەلسەك، «جەدىدچىلىك» ۋە «ئۇسۇلى جەدىد» توغرىسىدا گەپ بولسا، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ خىيال دۇنياسىدا بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار بىلەن بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر بايلار بىر يەگدىن قول چىقىرىپ، يېڭى - يېڭى مەكتەپلەرنى سېلىپ، پەن - مائارىپ قىزىپ كەتكەن بىر قاينام - تاشقىنلىق مەنزىرە پەيدا بولىدۇ. ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئۇنداق تەسەۋۋۇردا بولۇشى ئىنتايىن تەبىئىي ، چۈنكى ئۇلارغا بېرىلگەن مەلۇمات شۇنداق ئىدى...

ئىدىل - ئورال رايونىدىكى جەدىدچىلەر 1885 - يىلىغا كەلگەندە مائارىپ ساھەسىدە پائالىيەت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلار مائارىپ ساھەسىدىكى ھەرىكەتكە نەشرىياتچىلىق پائالىيىتىدىن ئىككى - ئۈچ يىل كېيىن كىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جەدىدچىلەرنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى ھەرىكىتى بىزگە بىلدۈرۈلگەندەك ئۇنداق قاينام تاشقىنلىققا چۆمگەن ماددىي ئىسلاھات ھەرىكىتى بولماستىن، مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يېڭىلاشتىن ئىبارەت بولغان يۇمشاق دېتال ئىسلاھاتى ھەرىكىتىدۇر. جەدىدچىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مائارىپ ساھەسىدىكى پائالىيىتىنى «ئۇسۇلى جەدىد» (يېڭىچە ئۇسۇل) دەپ ئاتايدۇ.

18 - ئەسىرنىڭ ئالدى كەينىدىكى ئىدىل - ئورال رايونىدا ، ھەر بىر مەھەللىنى ئاساس قىلغان بىردىن مەدرىسلەر (مەكتەپ) بار ئىدى. بۇ مەدرىسلەردە مەھەللە ئىماملىرى دەرس بېرەتتى. مەكتەپ باشقۇرۇش سىستېمىلاشمىغان، ھەر خىل سەۋىيەدىكى، ھەر خىل ياشتىكى بالىلارغا بىر سىنىپتا، ئايرىم - ئايرىم ساۋاق بېرىلەتتى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قالاق، ئۈنۈمسىز ئىدى...

جەدىدچىلىك ئىدىيۋى ئاساسچىلىرىدىن قۇرساۋى ۋە مەرجانى قاتارلىق دەسلەپكى جەدىدچىلەر، ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەدرىسلەردە بەزىبىر يېڭى ئوقۇتۇش

(40) ئىبراھىم ماراش: «تۈرك دۇنياسىندا دىنى يەنىلەشمە» (تۈرك دۇنياسىدا دىنىي يېڭىلىنىش)، ئۆتۈكەن نەشرىياتى ، ئىستانبۇل 2002، 40 - بەت؛

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، شۇ دەۋىردە ئىدىل - ئورال رايونىدا تىلغا ئېلىنغان گېزىت ژۇرناللاردىن باشقا خېلى كۆپ نەشرىياتلار ۋە گېزىت -ژورناللار بارلىققا كەلگەن، بىراق ئۇلار جەدىدچىلىك ھەرىكىتىگە مەنسۇپ بولماستىن، كوممۇنىزم قاتارلىق باشقا ئىدېئولوگىيەلەر ئاساسىدا خىزمەت قىلاتتى.

ئۇسۇللىرىنى ئىشلەتكەن ئىدى. بىراق «ئۇسۇلى جەدىد» نىڭ بىر ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئومۇملىششى ۋە مائارىپ ئەمەلىيىتىدە تەتبىقلىنىشى 1880 – يىللاردىن كېيىنكى ئىش. «ئۇسۇلى جەدىد» نىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاساسلىق تەشەببۇسلىرى «ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، يىلدا ئىككى قېتىم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇغۇچىلارنى سەۋىيەسىگە قاراپ سىنىپقا ئايرىش (بۇ سەۋەبتىن ئۇسۇلى جەدىد ئۇسۇلى تەدرىجىيە دەپمۇ ئاتالغان)، ئىمتىھان تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش...» دىن ئىبارەت بولسا، ئوقۇتۇش مېتودى جەھەتتىكى تەشەببۇسلىرى «فونېتىكىلىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش، تالىپلارنى خەت يېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىپ تەربىيەلەش ، يادلىتىش ئۇسۇلىدىن بىلدۈرۈش ئۇسۇلىغا ئۆتۈش، ئاۋۋال ئانا تىل ساۋادىنى چىقىرىپ ئاندىن قۇرئان ساۋادىنى چىقىرىش، ساۋات چىقىرىشتا ئېلىپبە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھەرپلەرنى بۆلۈپ ئۆگىتىش، ھەرپ، بوغۇم ، سۆز ۋە جۈملە تەرتىپى بويىچە ئۆگىتىش، ماتېماتىكا دەرسىنى قوشۇمچە قىلىش...»[41] دىن ئىبارەت بولغان ۋە شۇ بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىلغان.[42]

3) جەدىدچىلەر ۋە قەدىمچىلەر:

بىز بۇ يەردە قەدىمچىلەر ھەققىدە قىسقىچە قوشۇمچە قىلىشنى ئىنتايىن زۆرۈر دەپ بىلدۇق. چۈنكى ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇلۇپ كەلگەن «قەھرىمانلىق ھېكايىسى» نىڭ ئاساسلىق سەلبىي پېرسوناژى «قەمدىمچىلەر» زالىملارنىڭ يالاقچىسى، خائىن تەبىئەتلىك ئىنسانلار ئىدى. ئەمەلىيەتتە «جەدىد، جەدىدچى، جەدىدچىلىك، ئۇسۇلى جەدىد» دېگەندەك ئاتالغۇلار، ئىجتىمائىي ئىسلاھات خاسلىقىدىكى، دىنىي، مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» نىڭ ئىشتىراكچىلىرى تەرىپىدىن

(41) جەدىدچىلىك ھەرىكىتى داۋامىدا «ئۇسۇلى جەدىد» ئاساسەن باشلانغۇچ دىنىي مائارىپ ساھەسىگە ئومۇملىشالىغان بولۇپ، بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتەپلىرىدە تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، فىزىكا خىمىيە ... دېگەندەك دەرسلەرنىڭ دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى قەيەردىن ئالغانلىقى ئېنىق ئەمەس. «ئۇسۇلى جەدىد» نىڭ نېمە ئىكەنلىكى ، 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى بىلىشنى خالىسىڭىز، «ئەمەل» دەرگىسى (ژۇرنىلى )، 1997 – يىللىق 4-3- ئايلىق، ئومۇمىي 219 - سانىدىكى، ئىبراھىم ماراشنىڭ «ئىسمائىل گاسپىرالىنىن بىلىنمەيەن بىر رىسالەسى: "مەكتەپ ۋە ئۇسۇلى جەدىد نەدىر"» (ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ بىلىنمىگەن بىر رىسالىسى: «مەكتەپ ۋە ئۇسۇلى جەدىد دېگەن نېمە ؟») دېگەن ماقالىگە قاراڭ. مەزكۇر ماقالىدە ئىسمائىل بەگ غاسپىرالىنىڭ «مەكتەپ ۋە ئۇسۇلى جەدىد نەدىر؟» دېگەن ماقالىسى تولۇق تېكىستى بىلەن بېرىلگەن . (ژۇرنال 12 – 18 - بەتلەر)

(42) ئىبراھىم ماراش: «تۈرك دۇنياسىندا دىنى يەنىلەشمە» (تۈرك دۇنياسىدا دىنىي يېڭىلىنىش)، ئۆتۈكەن نەشرىياتى ، ئىستانبۇل 2002، 22- بەت، 39- 43- بەتكىچە ۋە 277 – بەت؛

ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، شۇنىڭغا ئوخشاش «قەدىمچىلەر» ئاتالغۇسىمۇ ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ئىدى. ئىنسانىيەت ئالىمىدە پىكىر پەرقىنىڭ مەۋجۇتلۇقى مۇتلەق ئەمەلىيەتتۇر. شۇ ۋەجىدىن 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىدىل – ئۇرال رايونىدا بارلىققا كەلگەن جەدىدچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىغا قارشى چىققانلارمۇ بار بولۇپ، جەدىدچىلەر ئۇلارنى مۇتەئەسسىپ، جاھىل، كونىلىقنى ياقىلىغۇچى قاتارىدا سۈپەتلەپ «قەدىمچىلەر» نامىنى بېرىپ ، جاھالەت گۇرۇھى دېگەن مەنىدە «قارا گۇرۇھلار» دەپمۇ ئاتىغان ئىدى. قەدىمچىلەر بولسا بۇ نام ۋە ئەيىبلەشلەرگە قارشى چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ «دىنىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، دىنىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىلار» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەكسىچە جەدىدچىلەرنى «قارا گۇرۇھلار» دەپ ئەيىبلىگەن ، ئۆز ئالدىغا «دىن ۋە مەئىشەت» قاتارلىق گېزىت – ژۇرناللارنى چىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جەدىدچىلەر بىلەن مۇنازىرىلەشكەنىدى...[43]

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئۇيغۇرلارغا بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بېرىلگەن مەلۇماتلاردىكى زالىملارنىڭ يالاقچىسى، خائىن تەبىئەتلىك كىشىلەر باشقا، 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ئىدىل – ئۇرال رايونىدىكى جەدىدچىلىككە قارشى پىكىرە بولغان قەدىمچىلەر بولسا باشقا ئىنسانلاردۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ 1917 – يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، رۇس بولشېۋىكلىرىنىڭ تۇنجى يوقىتىش نىشانى قەدىمچىلەر بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن نۆۋەت جەدىدچىلەرگە كەلگەن.[44] جەدىدچىلىك ھەرىكىتىمۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پىچاقتا كەسكەندەك توختاپ قالغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخى جەريان ئايرىم بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇپ، 1930 – يىللىرىغا كەلگەن بەزى جەدىدچى ۋە قەدىمچىلەرنىڭ بولشېۋىك بولۇپ كېتىشى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بولشېۋىكتەك كۆرۈنىشى، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تېخىمۇ خىرەلەشتۈرۈپ، تەتقىقاتنى قېيىنلاشتۇرىۋەتتى.[45]

(43) ئىبراھىم ماراش: «تۈرك دۇنياسىندا دىنى يەنىلەشمە» (تۈرك دۇنياسىدا دىنىي يېڭىلىنىش)، ئۆتۈكەن نەشرىياتى ، ئىستانبۇل 2002، 22 – بەت؛

(44) ئۇنىڭ ئۈستىگە «دىن ۋە مەئىشەت» نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرىدىكى ماقالىلەرگە نەزەر تاشلانسا، قەدىمچىلەرنىڭ بىز بىلگەندەك خائىن ئىنسانلار بولماستىن، مۇستەقىل پىكىرلىك ئىنسانلار ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ يېتەلەيمىز. بىلىشىمىزچە قەدىمچىلەرنى مۇتەئەسسىپ دەپ سۈپەتلەشمۇ ئۇلارغا ئۇۋۋال قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنى ئەنئەنىچى دەپ سۈپەتلەش بىر قەدەر مۇۋاپىق بولسا كېرەك.

(45) ئىبراھىم ماراش: «تۈرك دۇنياسىندا دىنى يەنىلەشمە» (تۈرك دۇنياسىدا دىنىي يېڭىلىنىش)، ئۆتۈكەن نەشرىياتى ، ئىستانبۇل 2002، 310- 312 - بەت؛

## ئۇيغۇرلار تارىخىنى «جەدىدچىلىك» كە باغلاپ ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار

يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 – يىللىرىدىن باشلاپ تونۇلۇشقا باشلىدى. 90 – يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر يېقىنقى زامان مائارىپ تارىخى ئومۇمىي يۈزلۈك «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» گە چېتىلدى، ئۇيغۇر مائارىپ تەرەققىياتى «جەدىدچىلىك» تەسىرى ئاستىغا قويۇلۇپ تەتقىق قىلىندى ۋە ئىزاھلاندى. ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى ئۇئىشى شىنچىرونىڭ 1996 – يىللىرى يازغان «قەشقەردىكى جەدىدچىلىك ھەرىكىتى » ناملىق ماقالىسى دوكتور ئۆمەرجان نۇرى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىللىق 2 – سانىدا ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن بىرى ئۇيغۇرلارنى «جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسىغا چېتىشتىن شەكىللەنگەن تېمىلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار قىزىپ كەتتى. بۇ خىل ھەۋەس ۋە قىزىقىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەردە، «جەدىدچىلىك» نىڭ ئەسلى خاسلىقى، خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە سەل قارىلىشى بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋر تارىخى ماھىيىتىگە سەل قارالغانلىقتىن، 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر تارىخى «جەدىدچىلىك» نىڭ تەسىرى ئاستىغا قويۇپ ئىزاھلاندى. بۈگۈنگە كەلگەندە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەر شۇ دەۋر تارىخىنى «جەدىدچىلىك» تىن ئايرىپ چۈشىنەلمەيدىغان ھالغا كەلدى.

بىز تۆۋەندە ئۇيغۇرلار بىلەن «جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسى بىر بىرىگە چېتىلغان تېمىلارنى چۆرىدىگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان بەزى تەتقىقاتلار بىلەن قىسقىچە تونۇشۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تەتقىقات ۋە ئوبزور ماقالىلىرىگە قاراپ باقايلى:

ئۇيغۇرلاردىكى جەدىدچىلىك ھەققىدە خېلى كۆپ ماقالە، ئەسەرلەر يېزىلغان بولسىمۇ، ئىلىم ساھەسىدە ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار كۆپ ئەمەس. شۇڭلاشقا ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى ئۇئىشى شىنچىرۇنىڭ «قەشقەردىكى جەدىدچىلىك ھەرىكىتى » ناملىق ماقالىسىنى بۇ ھەقتە يېزىلغان تۇنجى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماقالە دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇئىشى شىنچىرونىڭ ماقالىسىدە:

1 - شىنچىرو ماقالىسىگە «قەشقەردىكى جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» دەپ ئىسىم

قويۇپ، مۇقەددىمە قىسمىدىلا ماۋزۇدىكى «جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسىنىڭ ئىدىل – ئۇرالدىكى «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى»نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىزاھلاش بىلەن بىرگە، شۇ دەۋر ئۇيغۇر تارىخىنى «جەدىدچىلىك» نىڭ تەسىرى ئاستىدا يارىتىلغان قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئارقىدىنلا شىمىن ياسوشى ۋە ۋاڭ كې لارنىڭ قارىشىغا ئاۋاز قوشۇپ، ھەتتا 1930 – يىللىرىدىكى ئىنقىلابىنىمۇ «جەدىدچىلىك» نىڭ تەسىرىدە يۈز بەرگەن دەپ قارايدۇ.[46] شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، شىنچىرو ماقالىسىنى «ۋاقىت» گېزىتىنىڭ 1906 – يىلى 2- ئاينىڭ 26 – كۈنىدىن، 1918 – يىلى 1- ئاينىڭ 26 – كۈنىگىچە بولغان سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان 180 پارچە ئەتراپىدىكى، «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1908 – يىلى 1 – سانىدىن، 1918 – يىلى 1- سانىغىچە بولغان سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان 50 پارچە ئەتراپىدىكى، مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەردىن پايدىلىنىپ يازغانلىقىنى، خەۋەرلەرنىڭ غۇلجا، ئۈرۈمچى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى تاتار مۇخبىرلىرى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.[47] تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر ۋەتىنىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ 230 ئەتراپىدىكى خەۋەرلەرنىڭ ئىچىدە «جەدىدچىلىك» ۋە «ئۇسۇلى جەدىد» گە مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنىڭ 30 دىن ئاشمايدىغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خەۋەر ماقالىلىرىنىڭ مۇئەللىپلىرى خەۋەرلەرنىڭ «كوچا پاراڭلىرى» غا ئاساسەن يېزىلغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.[48]

2 - ماقالىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدىكى مۇسابايلار ھەققىدىكى مەلۇماتلاردا، ئىدىل – ئۇرال «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» بىلەن مۇسابايلارنىڭ سودا ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت قۇرالمايدۇ.[49] چۈنكى مۇسابايلارنىڭ سودا ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە ۋەتەندىكى ئىچكى ۋەزىيەت ئۆزگىرىشى، مۇسابايلارنىڭ ياۋروپاغا تۇتاشقان تىجارەت تورىدىن ئېچىلغان ۋە كېڭەيگەن نەزەر دائىرىسى قاتارلىق ئامىللار ئاساسلىق رول ئوينىغان بولۇپ، ئىدىل – ئۇرال «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» نىڭ تىلغا ئالغۇچىلىك تەسىرى بولمىغانلىقى ئېنىق .

(46) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى ژۇرنىلى 2000- يىل 2- سان 20 –بەت؛
(47) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى ژۇرنىلى 2000- يىل 2- سان 21 – بەت؛
(48) ئۆمەرجان نۇرى: «باياننى ھەقىقەت ۋە ئۇنىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولغان ماقالىلەر»؛ «ئانا يۇرت» ژۇرنىلى 2013 – يىل 1 – سان، 106 – بەت؛
(49) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى ژۇرنىلى 2000- يىل 2- سان 21 – 24- بەت؛

3 - شىنچىرو ماقالىسىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە، ئابدۇرەھىم توختىنىڭ «قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخى» ناملىق ئەسىرىنى ئاساس قىلىپ، شۇ دەۋر ئۇيغۇر مائارىپىنى ئىپتىدائى دىنىي مائارىپ قىلىپ كۆرسىتىدۇ.[50] بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى تەتقىقاتىدا، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىنى «جەدىدچىلىك» تەسىرى ئاستىدا تەھلىل قىلىشتىن كېلىپ چىققان ئىلمىي خاتالىق سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر دىيارىدا ئەينى زامانىدا مەۋجۇت بولغان خانلىق مەدرىسە قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرى ئىنكار قىلىنىپ، شۇ دەۋر ئۇيغۇر مائارىپىغا «كونا، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، دوگما، قالاق، خۇراپات پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ھالەتتىكى مائارىپ»[51] دېگەندەك گۇڭگا باھالارنى بېرىپلا ، ئىلمىي تەتقىقاتتىن يىراق قالدۇرۇلدى. 1885 – يىلى قۇرۇلغان ئېكساق مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخمۇ، ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ 1885 – يىلى قۇرغان مەكتىپىدىن كېيىن بولۇشى كېرەك، دەپ تەھلىل قىلىنىپ گۇماندا قالدى.[52] شۇڭلاشقا ئۇيغۇر يېقىنقى زامان مائارىپ تارىخى، ئىدىل – ئۇرال «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» نىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ھالدا، ئەمەلىيەتچانلىق بىلەن قايتا تەتقىق قىلىنىشى زۆرۈر بىر تېمىدۇر.[53]

4 - شىنچىرو ماقالىسىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە، ماقالىنىڭ ئاساسى تېمىسى بولغان «قەشقەردىكى جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» ۋە ئۇنىڭ بايراقدارى ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە كۆپ توختىلىدۇ. ئۈچىنچى بۆلۈمگە كەلگەندە «ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەردە ئاچقان مەكتىپىمۇ ئىككىنچى يىلى ئورنىغا خەلپەتلىك قىلىۋاتقان شاگىرتىغا تاشلاپ قويغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىدىن قالدى»[54] دەپ يازىدۇ. بۇ يەردە بىر زىتلىق مەۋجۇت بولۇپ، بۇ زىتلىقنىڭ مەنبىئى «ۋاقىت» ۋە «شۇرا» دېكى خەۋەرلەردۇر. بەزىلىرى ئۇيغۇر دىيارىدا «ئۇسۇلى جەدىد» نىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر بەرسە، بەزىلىرى مائارىپ ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ناچار ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. بىراق ئابدۇقادىر داموللام ئۆز قەلىمى بىلەن مەكتىپىنى تەرك ئېتىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈش داۋامىدا، بۇ ئەھۋالنىڭ راستلىقىنى بايان

(50) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى ژۇرنىلى 2000- يىل 2- سان 25 – بەت؛
(51) ئابدۇرەھىم سابىت:«ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ»؛
(52) سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، 1- قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 – يىلى. 143- 144- بەت؛
(53) مۇساباياۋلارنىڭ غۇلجىدا قۇرغان مەكتىپىدە كەسپىي مائارىپ يولغا قويغانلىقى توغرىسىدا يىپ ئۇچى بار.
(54) شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى ژۇرنىلى 2000- يىل 2- سان؛

قىلىدۇ.[55] ئۇيغۇردىكى «جەدىدچىلىك» نىڭ بايراقدارى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مەكتىپى پەقەت ئىككى يىل داۋام قىلغان بولسا، باشقىسىنى قىياس قىلماق تەس ئەمەس.

يۇقىرىدىكى ماقالىدىن باشقا، ئۇيغۇرلاردىكى جەدىدچىلىك ھەققىدە بىر قەدەر قويۇق ئىلمىي ئۇسلۇبتا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلاردىن دوكتور ئابدۇرەشىت قارلۇق ئەپەندى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ «ئۇيغۇر يەنىلەشمە سۈرەجىندەكى ئىستانبۇل ئەكولى ۋە ئونۇن بازى تەمسىلجىلەرى ئۈزەرىنە» دېگەن ماقالىسىگە قاراپ باقايلى.

دوكتور ئابدۇرەشىت جېلىل قارلۇقنىڭ ماقالىسى:

دوكتور ئابدۇرەشىت جېلىل قارلۇق ئۇيغۇر ۋە «جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىككى ماقالە يازغان بولۇپ، بىرى «تاتار تۈركلەرىنىن ئۇيغۇر جەدىد ئەگىتىمىنە كاتكى ۋە ئەتكىلەرى ئۈزەرىنە»[56] نامىدا، بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان «ئۇيغۇر جەدىد مائارىپى» 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر دىيارىنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان يېڭىچە ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. قارلۇق ئەپەندىنىڭ يەنە بىر ماقالىسىغا «ئۇيغۇر يەنىلەشمە سۈرەجىندەكى ئىستانبۇل ئەكولى ۋە ئونۇن بازى تەمسىلجىلەرى ئۈزەرىنە»[57] دەپ تېما قويۇلغان بولۇپ، بۇ ماۋزۇدا قوللىنىلغان «يەنىلەشمە سۈرەجى»، «ئىستانبۇل ئەكولى» ۋە «ئۈزەرىنە»[58] دېگەندەك مۇجمەل ۋە ئابستراكت مەنىدىكى كەلىمىلەر ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرۇپ

(55) ئابدۇقادىر داموللام: «بايانى ھەققەت»؛
(56) قارلۇق ئەپەندىنىڭ «تاتار تۈركلىرىنىڭ ئۇيغۇر جەدىد مائارىپىغا قوشقا تۆھپىسى ۋە تەسىرلىرى ھەققىدە» ناملىق بۇ ماقالىسىنى تېپىش ئىمكانى بولمىدى. قارلۇق ئەپەندىنىڭ يەنە بىر ماقالىسىدە كۆرسىتىشچە، بۇ ماقالە 2002 – يىلى ئەنقەرەدە «قىرىم» نامىدىكى بىرەر ژۇرنالنىڭ 36 – 40 –بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.
(57) تۈرك كۈلتۈرۈ دەرگىسى (تۈرك كۈلتۈرى ژۇرنىلى )، 2009 – يىل 2 – سان؛
(58) بۇ ئۇيغۇرچىدىكى «ھەققىدە، توغرىسىدا» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ماقالە تېمىسىنى «...ھەققىدە»، «... توغرىسىدا» دەپ قويۇش، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بىرى ئۇيغۇر يازارمەنلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئادەتكە ئايلاندى. قەتئىيلىك مەنىسى بولمىغان بۇ يۇمشاق تەبىئەتلىك سۆزلەردىن، ئەسەرنىڭ تېما ھەققىدىكى شەخسى كۆز قاراش ياكى ئىنتايىن تېيىز تەتقىقات ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرغاچقا ئەسىر ئاتىلغاندىن بىرى تەتقىقات تېمىسىكى ئەسەرلەردە ئاساسى جەھەتتىن قوللىنىشتىن قېلىپ، ئوتتۇرا – باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن ئېلان قىلدۇرىدىغان، قېلىپلاشقان ماقالىلەردىلا قوللىنىپ كەلگەن ئىدى.

قويىدۇ.

1 ـ قارلۇق ئەپەندى ماقالىسىنىڭ«ئۇيغۇر ساھاسىنداكى يەنىلەشمە گىرىشمەلەرى» دېيىلگەن بىرىنچى بۆلۈمدە، «ئۇيغۇر رايونىنىڭ تارىخى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىدىكى زامانىۋىلىشىش جەريانىغا، زامانىۋىلىشىش نەزەرىيەلىرى نۇرىدا باقساق، ئۇشبۇ جەرياننىڭ ياقۇپ بەگ دەۋرىدىن باشلانغانلىقىنى كۆرىمىز»[59]، «19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى باشلانغان ئۇيغۇر زامانىۋىلىشىش جەريانىنىڭ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 1955 ـ يىلى 10 – ئايغىچە بولغان باسقۇچىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا...»[60]، «1949 – يىلدىن بۇگۈنگىچە بولغان 60 نەچچە يىللىق جەرياندا ئاستا – ئاستا بارلىققا كېلىۋاتقان ...»[61] دېگەن بايانلىرى ئارقىلىق، «ئۇيغۇر يەنىلەشمە سۈرەجى» ئاتالغۇسىنىڭ ياقۇپ بەگ دەۋرىدىن بۈگۈنگىچە بولغان «ئۇيغۇرلارنىڭ زامانىۋىلىشىش جەريانى» نى كۆرستىدىغانلىقىنى ئىزاھلايدۇ.

بىز جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىي مېتودلىرىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرى دوكتورى قارلۇق ئەپەندىنىڭ بۇ خىل قارىشى ھەققىدە بىر نېمە دېمەيمىز. بىراق «ئۇيغۇر زامانىۋىلىشىش جەريانى» نى بىر پۈتۈن جەريان دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1910 – يىلغىچە بىر باسقۇچ، 1910 – يىلدىن 1934 – يىلى «12 – ئاپرىل» ئىنقىلابىغىچە بىر باسقۇچ، ئۇنىڭدىن 1949 – يىلغىچە بىر باسقۇچ، 1955 ـ يىلغىچە يەنە بىر باسقۇچ، 1980 – يىلغىچە يەنە بىر باسقۇچ، «11 سېنتەبىر ۋەقەسى» گىچە بىر باسقۇچ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرنى بىر باسقۇچقا ئايرىپ تەتقىق قىلىشنى ئىلمىي مېتودقا تېخىمۇ يېقىن دەپ قارايمىز.

ئەسلى تېمىمىزغا قايتىپ كەلسەك، قارلۇق ئەپەندى ماقالىسىنىڭ بۇ بۆلۈمدە، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش، باشقىلارنىڭ كەينىدە قالماسلىق، مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش، يېڭى دەۋردە يۈت تىرەپ تۇرۇش ئېھتىياجىدىن ئىبارەت ئىچكى سەۋەبلەرنىڭ

(59) ئابدۇرەشىت جېلىل قارلۇق، «ئۇيغۇر يەنىلەشمە سۈرەجىندەكى ئىستانبۇل ئەكولۇ ۋە ئونۇن بازى تەمسىلجىلەرى ئۈزەرىندە» (ئۇيغۇر زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتىدىكى ئىستانبۇل ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ بەزى ۋەكىللىرى ھەققىدە) (ماقالە)، تۈرك كۈلتۈرۈ دەرگىسى (تۈرك كۈلتۈرى ژۇرنىلى )، 2009 – يىل 2 – سان، 292 – بەت؛

(60) يۇقىرىدىكى ژۇرنال ، شۇ ماقالە، 295 ـ بەت؛

(61) يۇقىرىدىكى ژۇرنال ، شۇ ماقالە، 296 ـ بەت؛

ئۇيغۇر ئويغىنىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى[62] ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن ئاقىلانىلىك بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا سىرتقى تەسىر سەۋەبلەرگە كۆپ ئەھمىيەت بىرىدۇ. مۇسۇلمان تۈرك دۇنياسىدىكى دىنىي ئويغىنىش بىلەن، غەربلىشىش خاسلىقىدىكى زامانىۋىلىشىش جەريانلىرىنى بىر بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. نەتىجىدە «جەدىدچىلىك» ھەرىكىتىنىڭ مىللىي، دىنىي ئويغىنىش ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ئىكەنلىكى نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ، سوئىي ئۇسۇلدا «ئىستانبۇل – ئىدىل – ئۇرال لىنىيەسى» نى كەشىپ قىلىدۇ.[63] چۈنكى مەيلى ئىسلام ئويغىنىشى جەھەتتە بولمىسۇن، مەيلى غەربلىشىش خاسلىقىدىكى زامانىۋىلىشىش جەھەتتە بولمىسۇن، «ئىستانبۇل» بىلەن «ئىدىل – ئۇرال» نى بىر لىنىيە قاتارىدا كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربلىشىش خاسلىقىدىكى زامانىۋىلىشىش بىلەن دىننى ئاساس قىلغان مىللىي، دىنىي ئويغىنىش بىر بىرگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىدېئولوگىيە ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن دىننىڭ بەزى پىرىنسىپال قىممەت قاراشلىرىدىن ۋاز كەچكەن تۈركىيە «دىنىي مودەرنلەشمە» ۋەكىللىرىمۇ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن غەربلىشىش خاسلىقىدىكى زامانىۋىلىشىش تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن «ئىسلامچىلار» دەپ ئاتىلىپ، ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ چەتئەلگە قېچىشقا مەجبۇر بولغان.[64]

2 - قارلۇق ئەپەندى ماقالىسىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە، ماقالە تېمىسىدىكى ئىككىنچى مۇجمەل ئاتالغۇ «ئىستانبۇل ئەكولى» (ئىستانبۇل تارمىقى ياكى ئىستانبۇل ئېقىمى) نى ئىزاھلاشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. قارلۇق ئەپەندىنىڭ «ياۋرو – ئاسيا رايونىدىكى تەرەققىياتلارغا پاراللېل ھالدا، بولۇپمۇ تۈرك – ئىسلام يەنىلەشمە[65] ھەرىكىتى جەدىدچىلىكنىڭ تەسىرى بىلەن بارلىققا كەلگەن، ياۋروپاچە مىللەتلىشىش داۋامىدا، جەدىدچىلىكنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان ئىستانبۇل – قازان تەسىرىنىڭ، بۇ مەركەزلەردە ئوقۇشنى تاماملاپ قايتقان ياكى بۇ مەركەزلەردىن تەكلىپ

(62) يۇقىرىدىكى ژۇرنال ، شۇ ماقالە، 293- بەت؛

(63) يۇقىرىدىكى ژۇرنال ، شۇ ماقالە، 292- بەت؛

(64) تەپسىلاتى ئۈچۈن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسى نەشر قىلغان «ئىسلامچىلىق» دېگەن كىتابقا قاراڭ.

(65) قارلۇق ئەپەندى پۈتۈن ماقالىسىدە «يەنىلەشمە» كەلىمىسىنى كۆپ ئىشلەتكەن بولۇپ، قايسى يەردە «يېڭىلىنىش» مەنىسىنى، قايسى يەردە «زامانىۋىلىشىش»(مودەرنلەشمە) مەنىسىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى پەرق ئېتىش ئىنتايىن قىيىن. شۇڭلاشقا بۇ يەردە كەلىمە تۈركچە ئېلىندى.

قىلىنغان، ھەتتا بۇ مەركەزلەردىن مەخسۇس ئەۋەتىلگەن زىيالىيلار تەرىپىدىن كۆچەيتىلگەنلىكى مەلۇمدۇر»[66] دېگەن بايانلىرى، ئۇنىڭ ئومۇمي ئىسلام دۇنياسىدىكى دىنىي ئويغىنىش ۋە مۇسۇلمان تۈرك دۇنياسىدىكى دىنىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ماھىيىتى ، خاسلىقى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىدىن قىلچە مەلۇماتى يوقلىقى ياكى خاتا چۈشەنچىدە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. شۇنداقلا ماقالىنى ئوقۇغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ «جەدىدچىلىك» ۋە ئۇيغۇر دىيارىدىكى مۇناسىۋەتلىك دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە بولغان چۈشەنچىسىنى خاتا يولغا باشلايدۇ ياكى خىرەلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

مەلۇم بىر ھەرىكەت ياكى ئىجتىمائىي ھادىسە ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا تېگىشلىك رول ئوينىغان تارماق، ئېقىملار، ئادەتتە ئۇلارنىڭ خاسلىقى، ماھىيىتى ، ئىدىيەۋى قارىشى، شەكلى ۋە باشقا تەرەپلىرىگە قاراپ تۈرلەرگە ئايرىلاتتى. قارلۇق ئەپەندى ماقالىسىنىڭ بۇ بۆلۈمىدە ئىستانبۇلغا كېلىپ قايتقان ياكى ئىستانبۇلدىن بارغان كىشىلەرنى بىر ئېقىم تۈرگە ئايرىپ، بۇنىڭغا «ئىستانبۇل ئەكولى» (ئىستانبۇل ئېقىمى) دەپ نام بېرىدۇ[67] ۋە يېڭىچە بىر تۈرگە ئايرىش مېتودى كەشىپ قىلىدۇ. قارلۇق ئەپەندى بۇ «يېڭىچە» تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە، ماقالىدە تىلغا ئېلىنىۋاتقان «ئۇيغۇر يەنىلەشمە سۈرەجى» نىڭ «ئىستانبۇل ئەكولى» گە پاراللېل يەنە بىر «ئەكول» نى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ ۋە قويالمايدۇ.[68]

3 - دوكتور قارلۇق ئەپەندى ماقالىسىنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە «ئۇيغۇر يەنىلەشمە سۈرەجىندەكى ئىستانبۇل ئەكولى» ۋەكىللىرى دەپ ئابدۇقادىر داموللام، سابىت داموللام، ئاكا – ئۇكا مۇسابايلار، ئەھمەد كامال ئىلقۇل، مەمەتئېلى تەۋپىق، مەسئۇد سەبرى، قۇربان قودايلارنى بىر رەتتىن ساناپ، مەۋجۇت سىياسىي سىستېما ۋە ھاكىمىيەت سەۋەبىدىن باشقىلىرىنى تىلغا ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.[69] ماقالىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدىكى، 1878 - يىلىدىن 1955- يىلغىچە بولغان تارىخى دەۋرنى باسقۇچلارغا ئايرىماسلىق خاتالىقى ۋە ئىككىنچى بۆلۈمىدىكى «يېڭىچە» تۈرگە

(66) يۇقىرىدىكى ژۇرنال ، شۇ ماقالە، 300- بەت؛
(67) يۇقىرىدىكى ژۇرنال ، شۇ ماقالە، 301- بەت؛
(68) قىزىققۇچىلار پۈتۈن ماقالە تەپسىلاتىغا قاراپ باقسۇن، ھەمدە قارلۇق ئەپەندىنىڭ مەنتىقىسىنى بويىچە «يەنىلەشمە سۈرەجى» نىڭ باشقا بىر «ئەكول» نى ئايرىپ باقسۇن، بىراق بۇ مۇمكىن بولمىسا كېرەك.
(69) يۇقۇردىكى ژۇرنال ، شۇ ماقالە، 299 - 302- بەت؛

ئايرىش مېتودى تۈپەيلىدىن، ماقالىنىڭ بۇ بۆلۈمىدە ئوخشىمىغان تارىخى باسقۇچ ۋە تارىخى شارائىتتىكى تارىخىي ھادىسىلەر بىر بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن، ھەمدە ئوخشاش بولمىغان ئىدېئولوگىيە ئاساسىدا، ئوخشاش بولمىغان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەر بىر «ئەكول» غا مەنسۇپ قىلىنغان. ئەگەر «مەۋجۇت سىياسىي سىستېما ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى» ئىمكان بەرگەن بولسا، قېلىپ قالغان نامدار تارىخى شەخسلەرمۇ بۇ «ئەكول» غا مەنسۇپ قىلىنىپ، «ئىستانبۇل ئەكولى» گە پاراللېل ، بىراق ئەسلىدىمۇ مەۋجۇت بولمىغان يەنە بىر ياكى بىر قانچە «ئەكول» نىڭ مەنسۇپلىرى قاتارىدا سانىغۇدەك ئادەم قالمايدىغاندەك قىلىدۇ.

دوكتور قارلۇقنىڭ مەزكۇر ماقالىسى «جەدىدچىلىك»، «مودرەنلەشمە»، «غەربلىشىش» قاتارلىق ئۇقۇملارنى ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇپ، تارىخى باسقۇچلارنى ئاستىن – ئۈستۈن قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىدىكى «جەدىدچىلىك» ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ، تارىخى ئەھۋاللىرىغا بولغان چۈشەنچىسىنى خاتا يۆلىنىشكە يېتەكلىسىمۇ، ئۇيغۇر مىللىي ئويغىنىشىنىڭ ئاساسلىق مەنبەئىنىڭ ئىچكى ئامىللار ئىكەنلىكىنى ئاقلانىلىك بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇنىڭدىن باشقا ماقالىنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە بەزى شەخسلەر ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەنلىكىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

يۇقىرىقى ئىككى ماقالىنىڭ ئاپتورلىرىدىن باشقا، ئۇيغۇرلار ۋە جەدىدچىلىكنى چۆرىدەپ بىر قەدەر كۆپ ئىزدەنگەن، مەتبۇئاتلاردا خېلى كۆپ ماقالە ئوبزورلىرى ئېلان قىلىنغان يەنە بىر مەشھۇر شەخس، تالانتلىق ئوبزورچى، جامائەت ئەربابى يالقۇن روزى ئەپەندىدۇر.

يالقۇن روزى ئەپەندى تەتقىقاتىنى ئاساسەن ئۇيغۇر مائارىپ تەرەققىياتى ۋە مائارىپ تارىخىنى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇ بۇ ھەقتە يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى كۆپلىگەن ماقالە، ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ كەلدى. يالقۇن روزى ئەپەندى بۇ تۈردىكى ماقالىلىرىنى ئاساسەن بىر خىل ئىدىيە ئاساسىدا، دىققىتىنى تار بولغان زامان – ماكان دائىرىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ يازغان بولغاچقا، ماقالىلەرنىڭ سانى كۆپ، شەكلى رەڭدار بولسىمۇ، مەزمۇنى بىر خىللىقتىن قۇتۇلالمىغان. ئۇنىڭ «لاي قەلئەنىڭ سىرى» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن 16 پارچە ماقالىدىن سەككىزى بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىز «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن

باشلانغان» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىنى بىر قەدەر ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە دەپ ھېسابلايمىز، شۇنداقلا بۇ ماقالە ئۈستىدە توختىلىمىز.

يالقۇن روزى ئەپەندى بۇ ماقالىسىدە، ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم يازغۇچى، تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇنىڭدىن ئىلگىرى سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە تەنقىد قىلىدۇ. ئەدەبىيات بىلەن ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ چېگراسىنى ئايرىپ، ھېسسىياتقا باي ئەدەبىي ئەسەر بىلەن، كۆچلۈك ختىيلىق تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي ئەسەرنىڭ بىر قەلىبتىن، بىر قېلىپتىن ۋە بىر قەلەمدىن چىقالمايدىغانلىقىنى، ئوخشاش قىممەتكە ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىنسانىي ھاياجانلاندۇرۇش كۈچى كۈچلۈك بولسا، ئىلمىي ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنىڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى، ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغان كۈچلۈك قەلەم قۇۋۋىتى ۋە ئۆتكۈر تىللىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسىدە بىر قەدەر قويۇق مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىغان، تار دائىرىلىك ۋەتەن مۇھەببىتى — يۇرتۋازلىقنىڭ، دەرىجىدىن تاشقىرى ئۆزگە بولغان ئىشەنچ — كىبىرلىكنىڭ، ھەددىنى بىلمىگەن مىللەت سۆيگۈسى شەكىللەندۈرگەن — روھىي غالىبىيەتچىلىكنىڭ تەسىرلىرىنى ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدىن تازىلاشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.[70] يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ بۇ تۈرلۈك تەكلىپلىرى ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگە ئۆز — ئۆزىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدا جىددىي سىگنال بەرسە، ئۇنىڭ بۇ ماقالىدە خاتالىقنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىپ كۆرسەتكەن سەمىمىيلىكى ئۇيغۇر ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگە ئۈلگە بولۇشى كېرەك.

يالقۇن روزى ئەپەندى مەزكۇر ماقالىسىدە كۆپ جەھەتتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىدا مۇجمەللىك ساقلانغان دەپ قارايمىز.

1 - يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ ماقالە تېمىسى «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» دەپ قويۇلغان بولۇپ، مەزكۇر تېما ۋە پۈتۈن ماقالە تەپسىلاتىدا «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى» دېگەن ئۇقۇمدا مۇجمەللىك ساقلانغان، روشەن ئايدىڭلاشتۇرۇلمىغان. تۆۋەنتە مەيلى تەبىئىي پەن تەتقىقاتلىرىدا بولمىسۇن، مەيلى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتلىرىدا بولمىسۇن، قوللىنىلغان ئاتالغۇلارنىڭ ئۇقۇم مەنىسى ھەققىدە روشەن

(70) يالقۇن روزى : «لاي قەلئەنىڭ سىرى»، 111- 115 – بەتلەر؛ شىنجاڭ پەن – تېخنىكا نەشرىياتى، 2012- يىل؛

ئېنىقلىما بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. يەنى، ئىسىم شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ ئۆزگە باراۋەر بولمىسىمۇ، قوللىنىلغان ئىسىم كۆرسىتىدىغان شەيئى ياكى ھادىسىنى ئۇلارنىڭ ماھىيىتىگە ئەڭ يېقىن ھالدا ئىپادىلەيدىغان بىر ئېنىقلىمىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق مەزكۇر ماقالىدە «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى» دېگەن ئاتالغۇ زادى نېمىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەققىدە روشەن چۈشەنچە بېرىلمەيدۇ.

ماقالىدە ياۋروپادىكى «ئەدەبىيات – سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى» دىن سۆز باشلىنىپ، ياپونىيە، خىتاي قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىسلاھاتلار ۋە مائارىپ سىستېمىسى ۋە ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىرىشلەر بايان قىلىنىدۇ.(71) ئۇقۇرمەن بۇ مەزمۇنلاردىن «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى» ئۇقۇمىنى «ئۇيغۇر مائارىپ تەرەققىياتىدا دىنىي مەزمۇن چىقىرىپ تاشلانغان، پەننى مائارىپ(72) ئاساس قىلىنغان يېڭى بىر مائارىپ شەكلى» نى كۆرسەتسە كېرەك، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالسا، ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قانداق ئارقا كۆرۈنۈشتە، قانداق شەكىلدە، قانچىلىك كۆلەمدە، قايسى مەزگىلدە بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدە سۆز باشلىنىپ، تېما تاتار جەدىدچىلىك ھەرىكىتىگە يۆتكىلىدۇ.(73)ئوقۇرمەن بۇنىڭدىن «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى» ئاتالغۇسىنى «ئۇيغۇر مائارىپ تەرەققىياتى جەريانىدا، مەزلۇم مىللەتنىڭ بايرىمىدا ئېتىلغان ساليوتتەك، پال – پۇل قىلىپ جىمىرلاپلا يوقاپ كەتكەن ئۇسۇلى جەدىد مەكتەپلىرى» نى كۆرسەتسە كېرەك، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىدۇ. ماقالىدە تاتار جەدىدچىلىك ھەرىكىتىدىن مەلۇمات بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان خاتا، يالغان پىكىر ۋە كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى» 1899 – يىلدىن باشلانغان(74) دەپ ھۆكۈم بېرىلىدۇ. بۇ بايانلار ماقالىدە

---

(71) يالقۇن روزىنىڭ يۇقىرىدىكى ئەسرى، 116- 122 – بەتلەر؛

(72) بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «پەن» تار مەنىدىكى ئۇقۇم بولۇپ، كەڭ مەنىدىكى «ئىلىم» ئاتالغۇسىغا تەڭداش ئەمەس. مائارىپ پائالىيىتى ئىلىم پائالىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر غەرب دۇنياسىدا مائارىپ پائالىيىتى ئىلمىنى پەن بىلىملىرى ۋە فىلولوگىيە بىلىملىرى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇ ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان تەبىئىي پەن ئىجتىمائىي پەن ئاتالغۇلىرىغا تەڭداش كېلىدۇ .

(73) يالقۇن روزىنىڭ يۇقىرىدىكى ئەسرى، 123 – بەت؛

(74) يالقۇن روزىنىڭ يۇقىرىدىكى ئەسرى، 154- بەت؛ يالقۇن روزى بۇ مەسىلىگە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىپ، تارىخى ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاكا – ئۇكا مۇسابايلارنىڭ مەرىپەت پائالىيىتى تۇنجى بولۇپ ئاتۇشتا باشلانغان دېگەن كۆز قارىشىدىن ۋاز كېچەلمىگەن. ئېنىق تارىخى مەلۇماتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئاكا – ئۇكا مۇسابايلارنىڭ مەرىپەت پائالىيىتىنىڭ تۇنجى قەدىمى غۇلجا بېسىلغان بولۇپ، غۇلجىدىكى «ھۈسەينىيە مەكتەپ» ى تەربىيەلەش ئۈچۈن

تىلغا ئېلىنغان «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى» نىڭ، 1899- يىلىدىن بۇگۈنگىچە بولغان ئۇيغۇر مائارىپىنى كۆرسىتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

1899 – يىلىدىن بۇگۈنگىچە بولغان ئۇيغۇر مائارىپ جەريانىنى، «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى» دېگەن يالغۇز بىر ئاتالغۇ ئارقىلىق ئىپادىلەش، ئوخشاش بولمىغان تارىخى دەۋرلەرنى، ئوخشاش بولمىغان مائارىپ جەريانىنى بىر بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، مەسىلىنى تېخىمۇ مۇجمەل، تېخىمۇ خىرە قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، ھەممىيلەنگە مەلۇمكى 19 – 20 – ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر تارىخي جەريان، بۇ تارىخى جەرياندىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ كۆرگەن كۈنىمۇ بەكلا «رەڭدار». بۇ جەرياندا مائارىپ يېزىقىدا ئۈچ قېتىم ئۆزگىرىش، سەككىز قېتىم ئىسلاھات بولدى. بۇ جەرياندا مائارىپ تىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن قوش تىللىق مائارىپ شەكلىگە ئۆزگەردى. نەچچە قېتىم دەرسلىك ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلدى. دېمەك ، بۇ تارىخى جەرياندا ئۇيغۇر مائارىپى بىر قانچە قېتىم زور كۆلەملىك شەكىل ئۆزگەرتسە، بىر قانچە قېتىم نىشان ۋە ماھىيەت جەھەتتىن تۈپتىن ئۆزگەردى. شۇڭلاشقا بۇنداق زور كۆلەملىك ئۆزگىرىش، ھەتتا ماھىيەت جەھەتتىن بىر بىرىگە تۈپتىن قارمۇ – قارشى بولغان مائارىپ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بىر ئاتالغۇ ئاستىدا ئىزاھلاش ۋە تەتقىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس، تەتقىق قىلىنغان تەقدىردە ئېنىقكى خاتا نەتىجە بېرىدۇ.

بىز ئۇيغۇر يېقىنقى زامان مائارىپىنى بىر قانچە بۆلەككە بۆلۈپ تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش كېرەك دەپ قارايمىز. 1935- يىلىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر مائارىپىنى بىر دەۋر بۆلىكى[75]، 1949 – يىلغىچە بىر دەۋر بۆلىكى، 1966 – يىلغىچە بىر دەۋر بۆلىكى،

ئىستانبۇلغا ئەۋەتكەن مەسۇم ئەپەندى 1902 - يىلى «مۈلكىيە مەكتىپى» دىن «دارىلمۇئەللىمىن» مەكتىپىگە ئالمىشىش ھەققىدىكى ئىلتىماسى («غۇلجىدا مەكتەبى ھۈسەينىيە مۇئەللىمى مەسۇم ئەپەندىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى تەقىب قىلىش ئۈچۈن دەرسائادەت مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىنىشى»، تۈركىيە جۇمھۇرىيەتنى باش مىنىستىرلىقى دۆلەت ئارخىپلىرى باش ئىدارىسى ئوسمانلى ئارخىپلىرى باشقارمىسى، يىلدىز تەسنىپى مۇتەنەۋۋى مەرۇزات ئەۋراقى بۆلۈمى 234 - نومۇر، 187 - رەت، ھىجرىيە 1320- يىلى.) تىن قارىغاندا، ھۈسەيىن باينىڭ غۇلجىدا مەكتەپ ئاچقان ۋاقىت 1900 - يىلىنىڭ ئالدى – كەينىدە بولۇشى مۇمكىن. ھۈسەيىن باينىڭ 1910 - يىلى ئىستانبۇلدا ئېلان قىلدۇرغان مەكتۇپ (ھۈسەيىن مۇساباي: «كاشغەردىن مەكتۇپ»، سىرەتال مۇستەقىم، 1910 - يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئىستانبۇل) تىن قارىغاندا، مۇسابايلار 1910 - يىلىدىن ئىلگىرى قەشقەر (ئەينى چاغدا ئاتۇش بەشكىرەمگە قارايتتى) دە ئاچقان يېڭىچە مەكتەپ، قۇرغان مەتبەئە يوق ئىدى .

(75) ئۇسۇلى جەدىد مائارىپىدا، ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى مائارىپى نىشان، مەزمۇن ۋە ماھىيەت جەھەتتىن ھېچقانچە

1980 – يىلغىچە بىر دەۋر بۆلىكى، 2004 – يىلغىچە بىر دەۋر بۆلىكى، بۈگۈنگىچە بىر دەۋر بۆلىكىگە ئايرىش كېرەك.[76]

2 - يالقۇن روزى ئەپەندى ۋە باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات مېتودى ۋە ئىدىيەسىدە ھۆكۈمران بولۇپ كېلىۋاتقان يەنە بىر نۇقسان ، 20 – ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئويغىنىش ھادىسىسىنىڭ ئانا سەۋەبىنى جەدىدچىلىكتىن، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا تاتار جەدىدچىلىكتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت تەتقىقات يۆنىلىشىدۇر. بۇنداق مېتود ۋە ئۇسۇل تەتقىقاتنى ئانا تېمىسىدىن، يەنى ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت، مائارىپ، جەمئىيەت، ئىقتىساد ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشتىن يىراقلاشتۇرۇپ، سىرتقى سەۋەب ۋە تەسىرنى تەتقىق قىلىشقا باشلاپ قويىدۇ. ئىچكى ئامىللارنى تەتقىقات نەزىرىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. نەتىجىدە سىرتقى تەسىر مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ، نەتىجىنى سەۋەبتىن بەكرەك تەسىرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاپتور ۋە ئۇلارنىڭ ماقالىلىرىدىن باشقا ئەدەبىيات، تارىخ، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىدىيە – چۈشەنچە تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئىلمي چېگراسىدىن ھالقىپ كەتكەن بەزى ھەۋەسكارلار، «جەدىدچىلىك» ۋە ئۇيغۇر ئاتالغۇلىرىنى چۆرىدەپ بەس – بەستە پىكىر قىلىشتى، ئەسەر يېزىشتى. بەزى ھەۋەسكار مائارىپ تەتقىقاتچىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىچە مائارىپ تارىخىنى «ئۇسۇلى جەدىد» تىن باشلاپ، «ئازادلىق » تىن كېيىنكى مائارىپ سىستېمىسىغا ئۇلاپ، ئوت بىلەن سۇنى «ئەپلەشتۈرۈش» كە مۇۋەپپەق بولدى.[77] نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى پۈتۈن تارىخنى «جەدىدچىلىك» تەسىرى ئاستىدا چۈشەندۈرۈش مودىغا ئايلاندى...

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر رايونىدا يۈز بەرگەن

---

ئۆزگەرمەستىن، پەقەت ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىر ئاز ئىسلاھات قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆلەم جەھەتتىن ئىنتايىن تار، داۋاملاشقان ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا بولغانلىقى ئۈچۈن ئايرىم بىر مائارىپ تەرەققىيات دەۋر بۆلىكى شەكىللەندۈرمەيدۇ، دەپ قارايمىز.

(76) يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مائارىپ تەرەققىيات تارىخىنى بۇنداق دەۋر بۆلەكلىرىگە ئايرىپ تەتقىق قىلىش، پەقەتلا تەتقىقاتچىلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇلغان بىر تەكلىپ بولۇپ، بۇ تېما ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدىكى دوستلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئايرىم ئىزدىنىش ئارزۇيىمىز بار.

(77) ئېنىق مەنبەنى كۆرسىتىش ئىمكانى بولمىدى. بىراق ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپ تارىخىغا ئائىت ھەرقانداق بىر ماتېرىيالدىن بۇ خىل كەيپىياتنى كۆرۈپ يەتكىلى بولىدۇ.

ھەر بىر ھادىسىنىڭ «جەدىدچىلىك» نىڭ تەسىرى ئاستىدا يۈز بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، سىياسىي ئىسلاھات ۋە ئىنقىلاب خاسلىقى بولمىغان، بىر قەدەر كەڭ ئىجتىمائىي ئاساسقا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئىدىل – ئۇرال تەۋەسىدىمۇ ئومۇمىي ئىجتىمائىي كەيپىياتقا ئايلىنالمىغان، ھەتتا ئاساسلىق يۈزلىنىش ئېقىمى دەرىجىسىگىمۇ كېلەلمىگەن[78] «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» نىڭ تەسىر كۈچى «خەلقئارا سەۋىيە» گە كۆتۈرۈلدى.[79] ئۇيغۇر مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى ئابدۇقادىر داموللامدا «جەدىدچىلىك» نىڭ تەسىرىنى تېپىش ئۈچۈن، داموللامنىڭ مىسىردا زىيارەتتە بولغان، ئىستانبۇلدا ئىككى ئاي ئەتراپىدا تۇرغان[80] مۇبارەك ھەج سەپىرى، قازان، ئۇفا، ئىدىل، ئۇراللارغىچە ئۇزارتىلدى.[81] ئالىم ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دىنىي تەربىيەسىنى ئۆز يۇرتى قەشقەردە، ئالىي دىنىي تەربىيەسىنى بۇخارادا ئېلىپ، ئىدىيەسىنىڭ ئېچىلىشىغا مىسىردىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەتتە بولۇشى، جامالىدىن ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇھلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە ئىبنى شەمىيە، ئىبنى قەيىيم جەۋزىيە قاتارلىق كىلاسسىكلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشى سەۋەب بولغانلىقىدىن خەۋەر بېرىۋاتسا،[82] ئالىمنىڭ ئۈچۈق ئوي پىكىرلىرى يەنىلا ئىدىل – ئۇرالنىڭ تەسىرىگە چېتىلدى.[83] ئىسمائىل غاسپىرالىمۇ ئىدىل – ئۇرال رايونىدا باشلانغۇچ دىنىي مائارىپنىڭ بىر قەدەر ئومۇملاشقانلىقىنى، بىراق ئوقۇتۇش ئۇنۇمىنىڭ تۆۋەن ، ئوقۇتۇشنىڭ سىستېمىلىق ئەمەسلىكىنى، «ئۇسۇلى جەدىد» نىڭ پەقەت باشلانغۇچ دىنىي مائارىپتىلا قوللىنىلغان يېڭىچە باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ ئايرىم بىر ماقالە يازغان تۇرسا،[84] ئۇيغۇر دىيارىدا ئەينى زاماندا مەۋجۇت

(78) ئىبراھىم ماراش: «تۈرك دۇنياسىندا دىنى يەنىلەشمە» (ئىسلام دۇنياسىدا دىنىي يېڭىلىنىش)، ئۆتۈكەن نەشرىياتى ، ئىستانبۇل 2002، 310- 312 - بەت؛

(79) يالقۇن روزى : «ئابدۇقادىر دامولامنىڭ تەرجىمھالى »، ئىسلام ئاۋازى تور بېتىدىن؛

(80) ئابدۇقادىر دامولا: «ئەدەبى بىر مۇساھابە»، «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916- يىلى 12- سان 303-302 - بەتلىرىدىن؛

(81) يالقۇن روزى : «ئابدۇقادىر دامولامنىڭ تەرجىمھالى »، ئىسلام ئاۋازى تور بېتىدىن؛ ئابدۇرەھىم سابىت:«ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان « ئابدۇقادىر دامولام ۋە "مفتاھۇل ئەدەب"» ماقالە؛

(82) ئابدۇقادىر دامولا: «ئەدەبى بىر مۇساھابە»، «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916- يىلى 12- سان 303-302 - بەتلىرىدىن؛

(83) ئابدۇرەھىم سابىت:«ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ»؛

(84) ئىسمائىل بەگ غاسپىرالىنىڭ «مەكتەپ ۋە ئۇسۇلى جەدىد نەدىر؟» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ؛

بولغان خانلىق مەدرىسە قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، «كونا، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، دوگما، قالاق، خۇراپات پاتقىقىغا پېتىپ قالغان ھالەتتىكى مائارىپ» دەپ تەرىپلىنىپ، ئۇلارنىڭ تۆھپىلىرى بىلەن قوشۇپ ئىنكار قىلىندى، مەلۇم بولغان «ئۇسۇلى جەدىد» دەۋرىنىڭ تەلىپىگە، تەرەققىياتىغا ماسلاشقان پەننىي مائارىپ دەپ مەدھىيلەندى، شۇنداقلا پۈتۈن ئۇيغۇر مائارىپ تەرەققىياتى «جەدىدچىلىك» نىڭ تەسىرى ئاستىغا قويۇلدى.[85] شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېقىنقى زامان مائارىپ تارىخى تەتقىقاتىدا بەزى خاتالىقلار ۋە قىيىنچىلىقلار تۇغۇلدى. ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى شەكىللىنىشىنىڭ ئالدى – كەينىدىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى ئىلمىي ئۇسۇلدا يورۇتۇپ بېرىلمەستىن، يۇقىرىدىكى بايانلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك گۇڭگا بايانلار بىلەن ئىنكار قىلىنىپ، چۆرۈۋېتىلدى. ئېكساق مەكتىپىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى 1885 – يىلىدىن[86] 1899 - يىللارغا سۈرۈلدى. ئومۇمەن، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىنىڭ تامامەن «جەدىدچىلىك» تەسىرى ئاستىغا قويۇلۇپ مۇھاكىمە قىلىنىشى، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە دائىرىسىنى تارلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تارىخى ئەمەلىيەتنى يورۇتۇپ بېرىشكە توسالغۇ بولدى.

## خۇلاسە: جەدىدچىلىك بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتى

1 - ئىلىم ساھەسىدە «جەدىدچىلىك» - «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ياكى ئىدىل – ئۇرال تاتار مۇسۇلمانلىرىنىڭ 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باشلىغان، كۇلتۇر ۋە مائارىپ ساھەسىدىكى يېڭىلىنىش ھەرىكىتى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. دېمەك «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ تارىخ بولماستىن، رۇسىيە مۇسۇلمانلىرىغا، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا تاتار مۇسۇلمانلىرىغا مەنسۇپ بىر تارىخى ھەرىكەتتۇر.

مەلۇمكى «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ خاسلىق جەھەتتە ئىجتىمائىي ئىسلاھات خاسلىقىدىكى بىر ھەرىكەتتۇر.

(85) ئابدۇرەھىم سابىت:«ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ»؛

(86) 1884 – يىلى ئاتۇش تەۋەسىدە يەر تەۋرەپ، ئېكساق تەۋەلىكىدىكى مەسچىت ۋە مەدرىسىسىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچۇرغانلىقى، ئاكا – ئۇكا مۇسابايلارنىڭ مەسچىت ۋە مەدرىسىنى كەڭ كۆلەملىك رېمونت قىلدۇرغانلىقى توغرىسىدا تارىخى مەلۇماتلار بار. لېكىن ئۇ مەدرىستە نېمە ئوقۇتۇلغان، قانداق ئوقۇتۇلغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق. مانا بۇ تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك ئاساسى تېما ئىدى. بىراق ئۇيغۇر ئويغىنىشنى جەدىدچىلىكتە چېتىپ چۈشەندۈرۈش زېھنىيىتى سەۋەبىدىن، تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە بىر چەتتە قالدى.

جۇغراپىيە نۇقتىسىدىن ئىدىل – ئۇرال دائىرىسىدە بىر قەدەر كۆلەملەشكەن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قىسمەت تەسىر كۆرسەتكەن بىر ھەرىكەتتۇر. نىشان نۇقتىسىدىن بۇ ھەرىكەت تاتار مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشنى ئاساسىي نىشان قىلغان بىر ھەرىكەتتۇر. بۇ ھەرىكەت تاتار مىللىتىگە مىللىي كىملىكنى ئىپادىلەيدىغان «تاتار» ئىسمىنى بەردى. بۇ ھەرىكەت ئىشتىراكچىلىرى ئۆزلىرىنى «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى» دەپ ئاتايتتى، قۇرغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىمۇ «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى پالانى تەشكىلاتى» دەپ ئاتىلاتتى. دېمەك بۇ ھەرىكەت ئۇلارغا «رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى» دېگەن سىياسىي كىملىكنى بەردى...

2 - ئۇيغۇرلارنى «جەدىدچىلىك» كە چاتىدىغان تارىخى مەنبەلەر، ئاساسەن ئىدىل – ئۇرال رايونىدا چىقىرىلغان بىر قانچە نەشرى ئەپكارلار ۋە ئۇلاردا ئېلان قىلىنغان خەۋەر تىپىدىكى ماقالىلەر بولۇپ، مۇشۇ خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندىمۇ، بىز جار سېلىشۋاتقان «ئۇسۇلى جەدىد» مەكتىپىدىن، پۈتۈن ئۇيغۇر رايونىدا پەقەت بىر قانچىسىلا ئېچىلغان. بۇ مەكتەپلەرنىڭ كۆلىمى، ئوقۇغۇچى سانى، داۋاملاشقان ۋاقتى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. پەقەت ئەھمەد كامالنىڭ ئەسلىمىسى ۋە «ئاسىيادا بەش تۈرك» دېگەن كىتابلاردىن، ئاكا – ئۇكا مۇسابايلار قۇرغان مەكتەپنىڭ ماددىي شارائىتىنىڭ خېلىلا مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىش مۇمكىن. بىراق ئەھمەد كامال قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن مەكتەپنىڭ داۋاملىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان بارمىغانلىقى، قاچانغىچە ئىشلىتىلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. شۇ دەۋر ئۇيغۇر مائارىپ تەرەققىيات تارىخىدا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بۇ مەكتەپمۇ، ئىدىل – ئۇرال جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە ئەمەس، تۈركىيە مودېرنەنلەشمە (زامانىۋىلىشىش) ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى مەلۇم. چۈنكى، مەكتەپ مۇدىرى ئەھمەد كامال تۈركىيە زامانىۋىلىشىش ئېقىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلامنىڭ پىرىنسىپال ئەركانلىرىغا خىلاپ ھالدا، مەزكۇر مەكتەپنىڭ كىچىككىنە مەسچىتىنىڭ مېھراب تەرىپىگە، ئەنۋەر پاشا قاتارلىق ئۈچ شەخسنىڭ رەسىمىنى ئاسقانلىقى مەلۇم.[87]

بۇنىڭدىن باشقا جەدىدچىلىككە بىۋاستە چېتىشقا بولىدىغان بىردىن بىر شەخس ، ئۇيغۇر «جەدىدچىلىك» نىڭ بايراقدارى ئابدۇقادىر داموللامنىڭمۇ، 1912 – يىلى قەشقەر شەھرىدە ئاچقان مەكتىپىنى ئىككىنچى يىلىلا تەرك ئېتىپ ، ئورنىغا

(87) ئادىل ھېكمەت بەي: « ئاسىيادا بەش تۈرك»، 135 – بەت؛

بىر تالىپنى خەلپەت قىلىپ قويۇشى نەتىجىسىدە ئوقۇغۇچى سانىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئازىيىپ، خەلقنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى مەلۇم.[88] شۇنىڭدىن كېيىن داموللام شېھىت قىلىنغان 1924 – يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ، داموللامنىڭ يەنە بىر قېتىم مەكتەپ ئېچىش تىرىشچانلىقى كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. مەشھۇر ئابدۇقادىر داموللام ئۆزى ئاچقان مەكتەپ بىر يېرىم يىل داۋام قىلغان بولسا، باشقا مەكتەپلەرنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس.

1930 – يىللىرى ئاتۇش دىيارىدىكى مەمەتئېلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ مائارىپ پائالىيەتلىرىگە كەلسەك، بۇ پائالىيەت ئەڭ ئاۋۋال ماخمۇت مۇھىتىنىڭ قوللىشى ۋە تەۋپىق ئەپەندىنىڭ پىداكار روھى ئاساسىدا، ئاندىن تۈركىيەلىك بەزى ئۇستازلارنىڭ تەسىرىدە ئېلىپ بېرىلغان. مەزكۇر مائارىپ پائالىيىتى بىر قەدەر كۆلەملەشكەن ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر تارىخىغا تېگىشلىك تەسىر كۆرسەتكەن. بىراق مەزكۇر ھەرىكەتنىڭ ئىدىل – ئۇرال جەدىدچىلىك ھەرىكىتى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. چۈنكى بۇ دەۋردە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا غەربلىشىش ئېقىمىدىكىلەر، غەربنىڭ ياردىمى بىلەن ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان، تۈركىيەدە كامالىزم بايرىقى ئاستىدا دىنسىزلاشتۇرۇش سىياستى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان، ئىدىل – ئۇرال رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان رۇسىيە ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى تۈرك تۇپراقلىرىدا كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بىر دەۋر بولۇپ، ئىدىل – ئۇرال جەدىدچىلىك ھەرىكىتى تارىخقا ئايلانغان، پۈتۈن ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى پەسكويغا چۈشكەن بىر دەۋر ئىدى.[89]

مەلۇمكى ئۇيغۇرلار بىلەن «جەدىدچىلىك» نىڭ ھېچقانچە مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ، «جەدىدچىلىك» نىڭ ماھىيىتى ۋە خاسلىقىغا بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىز بولۇشى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتكەن ئەسرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىكى تارىخىنى «جەدىدچىلىك» كە تېڭىپ چۈشەندۈرۈش ئاساس ئېقىم بولۇپ قالغاچقا، بىرى قوپۇپ «جەدىدچىلىكتەك چوڭ ھەرىكەتتىن خەۋەردار قىلىشى مۇمكىن

(88) ئۇئىشى شىنچىرۇ: «قەشقەردىكى جەدىدچىلىك ھەرىكىتى ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2000 – يىللىق 2 – سان؛
داموللامنىڭ مەكتەپنى تەرك ئېتىش سەۋەبىنى ئۇ ئەجنەبىي تەتقىقاتچىلار بىلەلمىگەن، داموللام «بايانى ھەقىقەت» ناملىق ماقالىسىدە تەتۈر قويۇنىنىڭ كۈچلۈكلۈكنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەندە، نۇشىرۋان يائىشوف يۇمشاق گەپلەر بىلەن ئۇنى ئىرادىسىز ۋە بوشاڭ دەپ ئەيىبلىگەن . ئۆمەرجان نۇرىنىڭ «بايانى ھەقىقەت ۋە ئۇنىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولغان ماقالىلەر» ماقالىسىگە قاراڭ؛
(89) ھ.ئا.ر. گىببىنىڭ يۇقىرىدىكى ئەسرى، تەرجىماننىڭ كىرىش سۆزى قىسمى؛

ئەمەس»[90] دېگەن مەنتىقە بىلەن، «جەدىدچىلىك» بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىغان موللا مۇسا سايرامىنى جەدىدچىلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزسە، يەنە بىرى «ئەھمەد كامال چىقارغان گېزىتنى تارقاتقان» دېگەن باھانە بىلەن بۇرھان شەھىدىنى «جەدىدچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان» دېدى .[91] بۇنى ئاز دەپ خۇداسىزلىق گېزىتىنىڭ ساھىبى، جەدىدچىلىكنىڭ دۈشمىنى ھەمزە نىياز ھېكىمزادە «گېزىت چىقارغان»[92] لىقى سەۋەبىدىن جەدىدچى قاتارىدا شەرەپلەندى. ئومۇمەن شۇ دەۋر تارىخىدا نېمە ئىش قىلغان بولسا بولسۇن، بىر قەدەر نامى چىققان ھەر بىر شەخس «جەدىدچى» تىزىملىكىگە كىرىش شەرىپىگە ئىگە بولۇشقا باشلىدى...

بەزى چەتئەل ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى «ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈۋالغان قەلەندەر» گە ئوخشىتىدىغانلىقى مەلۇم. نېمىشقىدۇر كۆپ ساندىكى كىشىلەر، بۇ ئوخشىتىشتىكى ئالتۇن تاۋاقنى بايلىققا تولغان ئۇيغۇر رايونىغا تەدبىقلايدىكەن. بۇ ئوخشىتىش ئۇنداق مەنا بەرمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى يۇرتىنىڭ قىممىتى يۇرتتىن چىقىدىغان بايلىق بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ، گىياھ ئۈنمەس تەكلىماكان ئاستىدا بىر تېمىم نېفىت بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مۇقەددەستۇر، كۆككە تاقاشقان ئالتاي، تەڭرىتاغ، قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ھېچقانداق مەدەن چىقمىسىمۇ، ئۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قەدىرلىكتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئوخشىتىشتا ئالتۇن تاۋاق قەلەندەرنىڭ قولىدا، يەنى، قەلەندەر ئالتۇن تاۋاققا ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتىدۇ، بىراق قىممىتىنى بىلمەيۋاتىدۇ. نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار ئالتۇن تاۋاققا ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ، يۇرتىنىڭ ئەسلى قىممىتىنى بىلمىسىمۇ، زېمىنىدىن چىقىۋاتقان نېفىت ۋە مەدەنلەرنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدىغان بىرمۇ ئۇيغۇر يوق، دېمەك ئۇيغۇرلار ئالتۇن تاۋاقنىڭ قىممىتىنى بىلەلەيدىغانلاردىن...

بىراق ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن «ئالتۇن تاۋاق كۆتۈرۈۋالغان قەلەندەر» گە ئوخشايدۇ، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزىدىكىنىڭ قىممىتىنى بىلەلمەيدۇ، باشقىلار ۋە باشقىلارنىڭكىگە مەستانە بولىدۇ، شۆلگەي ئېقىتىدۇ. ئۇيغۇر بىلەن «جەدىدچىلىك» تېمىسىنى بىر بىرىگە چېتىپ ئېلىپ بېرىلغان تەھلىل، تەتقىقاتلار بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى بولسا كېرەك.

«جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» نىڭ ئۇيغۇرلارغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىرى

(90) 2012 – يىلى 11 – ئايدا ئەنقەرە شەھرىدە بېرىلگەن جەدىدچىلىك ھەققىدىكى لېكسىيە ؛ ئەركىن تارىمنىڭ «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» دا بەرگەن خەۋىرىدىن؛
(91) 2012 – يىلى 11- ئاي، ئىستانبۇل، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى؛
(92) 2012 – يىلى 11 – ئايدا ئەنقەرە شەھرىدە بېرىلگەن جەدىدچىلىك ھەققىدىكى لېكسىيە ؛

كۆرسەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بىراق ئۇيغۇر تارىخىنى «جەدىدچى» ۋە «جەدىدچىلىك» بىلەن مۇستەھكەم چىتىپ، ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىغا قويۇپ تەھلىل قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزى ياراتقان، ئۆزىگە مەنسۇپ تارىخنى تەتقىق قىلىشقا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

خاسلىق ۋە ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا «جەدىدچىلىك» بىر ئىسلاھات ھەرىكىتى، بىر ئىسلاھات تارىخى. ئۇيغۇرنىڭ تارىخى، بولۇپمۇ 19- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيانقى تارىخى بولسا قان بىلەن يېزىلغان ئىنقىلاپ تارىخىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە 1878 – يىلدىن 1949 – يىلغىچە بولغان تارىخ تېخىمۇ شۇنداق. شۇڭلاشقا بۇ دەۋر ئۇيغۇر تارىخىنى «ئۇيغۇر مىللىي ئىنقىلاب تارىخى» دەپ ئاتاش، ھەمدە شۇ لىنىيە بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ھەم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ھەم زۆرۈر، «جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسىنى ئۇيغۇرغا تېڭىش ھاجەتسىزدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە «مىللىي ئىنقىلاب تارىخى» ئاتالغۇسى يېڭى ئاتالغۇ بولماستىن، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تارىخچىلىرىنىڭ ھەقىقىي پېشۋاسى تەرىپىدىن قوللىنىلغان ئاتالغۇدۇر. بۇ پېشۋا ئۆز ئەسىرىدە 1815 – يىلدىن كېيىنكى ئۇيغۇر تارىخىنى «مىللىي ئىنقىلاب تارىخى» دەپ ئاتىغان. ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەرلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى ھەققىدە، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ تەركىبى قىسمى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھەرىكەت ئىشتىراكچىلىرىنىڭ سانىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى ، ئاساسلىق تەسىرىنى ئىدىل – ئۇرالدىن ئەمەس، تۈركىيە، مىسىر، شامدىن ئالغانلىقىنى بايان قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ھەرىكەت نامىنى «جەدىدچىلىك» بىلەن قىلچە چاتماستىن، ناھايىتى چىرايلىق قىلىپ «مىللىي ئويغىنىش» دەپ ئاتىغان. بۇ خىل ئاتاشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئالىم بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. «مىللىي ئويغىنىش» ئاتالغۇسى بۇ ھەرىكەتنىڭ ئۇيغۇرنىڭ تارىخىغا مەنسۇپ ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ، «ئۇيغۇرلاردا جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسى بولسا، ئۇيغۇر مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى «جەدىدچىلىك» نىڭ كۆچۈرۈلمىسى ياكى ئۇنىڭ تەسىر ئاستىدا بارلىققا كەلگەن كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى شەكلىدە ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «ئۇيغۇرلاردىكى مىللىي ئويغىنىش» نىڭ خاسلىق ۋە خاراكتېرى، «جەدىدچىلىك» ھەرىكىتىدىن خېلىلا پەرقلىنىدۇ. بۇ ئىككى ھەرىكەت ئوخشاشلا دۇنيا ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ تەركىبى قىسمى بولسىمۇ، «جەدىدچىلىك» باشتىن ئاخىرى بىر ئىسلاھات ھەرىكىتى بولسا، «ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئويغىنىشى»

خاسلىق ۋە ماھىيەت جەھەتتىن «دىنىي ئەسلىيەتچىلىك»، «دىنىي مودەرنلەشمە» گە تېخىمۇ يېقىن[93] بولغان يېڭى بىر قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ بىخىدۇر. شۇنىمۇ ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئىدىل - ئۇرال رايونىدىكى «جەدىدچىلىك» ھەرىكىتى 1880 - يىللار ئەتراپىدا باشلىنىپ، 1917 - يىلى قايىنىغان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك توختاپ قالغان[94] بولسا، «ئۇيغۇرلاردا مىللىي ئويغىنىش» 1910 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر قەدەر ئەۋجگە چىقىشقا باشلىغانىدى...

«ئۇيغۇرلاردا مىللىي ئويغىنىش» نىڭ ئىنقىلاب خاسلىقى ۋە خاراكتېرى تونۇپ يېتىلسە، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ يېڭى ئاچقان مەكتىپىنى نېمشقا تەرك ئەتكەنلىكىنى، 1930 - يىللاردىكى ئىنقىلاب سەۋەبىنى ۋە باشقا ھادىسىلەرنى بىر قەدەر مەنتىقلىق چۈشەندۈرگىلى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلار شانلىق تارىخ ياراتقان، ئەمما تارىخ يازمىغان خەلق. شۇڭلاشقىمۇ تارىخ تەتقىقاتلىرىدا ئۆزدىن بەكرەك ئۆزگىگە نەزەر تاشلىنىپ، ئەسلىدىن بەكرەك تەسىردىن مەلۇمات بېرىلىۋاتىدۇ. ئىلمىي تارىخ تەتقىقاتىنىڭ مېتود ۋە باشقا ئىلمىي ئۇسۇللىرىدىن خەۋىرىمىز يوق بولسىمۇ، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەۋملەرنىڭ، رايونلارنىڭ ئۆز- ئارا تەسىر كۆرسىتىشىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز، ھەمدە ھەر قايسى خەلق ۋە رايوننىڭ ئۆزلىرى ياراتقان، ئۆزلىرىگە مەنسۇپ، پەقەت ئۆزلىرىگىلا خاس تارىخىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ھەم ئىشىنىمىز. مەلۇمكى، ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت تارىخى ماتېرىياللارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى پائالىيەتلىرىگە كۆرسىتىلگەن تەسىرلەر تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ۋە مەنسۇپ بولغان قىسمىدىن ھېچقانچە مەلۇمات يوق. مەسىلەن: 840 - يىلى تەبىئىي ئاپەت «تەسىرىدە» قىرغىزلارغا ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلىك «سەۋەبىدىن»

(93) بارلىق تارىخى مەنبەلەر ئابدۇقادىر داموللامغا دىنىي ئەسلىيەتچىلەر ۋە تۈركىيەنىڭ تەسىرى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ «نەسىھەتى ئاممە» ناملىق ئەسىرىدىكى «زامان ئۇيقۇ، غەپلەت زامانى ئەمەس.... باشقىلار دېڭىزلاردا بىلىقتەك ئۈزۈپ، كۆكلەردە قۇشتەك پەرۋاز قىلىۋاتقان بۇ دەۋرىدە....» دېگەندەك خىتابلىرى، زىرىپ قارىھاجىمنىڭ «قۇرئان تەپسىرى» دىكى جەمئىيەت تەھلىللىرى ئېنىق تۈركىيە دىنىي مۆدەرنلەشمە ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق شۇئارلىرىدىندۇر. ئۇنىڭ ئۈستىدە جەدىدچى ئابدۇللا بۇبى 1914 - يىلى غۇلجىغا كەلگەندە، جەدىدچى مۇسا جارۇللا 1930 - يىلى قەشقەرگە كەلگەندە ھېچقانداق قوللاشقا ئېرىشەلمەي قايتىپ كېتىشى. تۈركىيەلىك ئەھمەد كامال 1910 - يىللىرى ۋە يەنە بىر ئامېرىكىلىق ئەھمەد كامالنىڭ 1930 - يىللىرى ئۇيغۇر رايونىدا خېلىلا ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(94) ئىبراھىم ماراش: «تۈرك دۇنياسىندا دىنى يەنىلەشمە» (تۈرك دۇنياسىدا دىنىي يېڭىلىنىش)، 312 - بەت؛

يۈز بەرگەن كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش، «تەيپىڭ تىيەنگو تەسرىدە» يۈز بەرگەن سادىر پالۋان قوزغىلىڭى، «شىنخەي ئىنقىلابى تەسىردە» يۈز بەرگەن تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭى، «جەدىدچىلىك تەسىرى ئاستىدا» يۈز بەرگەن 1930 – يىللاردىكى ئىنقىلاب ، «سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيۇشتۇرغان» ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە كېيىنكى دەۋر تارىخلىرىدىكى «تەسىرلەر» دىن بارلىققا كەلگەن تارىخى ھادىسىلەر... بەزى تارىخچىلار «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رۇسىيەنىڭ ئويىنى، ئىچىلگەن سۈ بىلەن ئاققان قانىدىن باشقا ھەممە نەرسە رۇسلارنىڭ...» دەيدىكەن، ماقۇل ئەھۋال شۇنداقكەن، ھەممەيلەن ئىشەنگەنمۇ بولسۇن، بىراق ئۇيغۇرلارغا مىللىي ئارمىيە شېھىتلىرىنىڭ ۋەتەن سۆيىنى ئىچىپ، ۋەتەن تۇپراقلىرىنى قېنى بىلەن سۇغارغانلىقىدەك تارىخى ئەمەلىيەت يېتەرلىك، تارىخچىلار ئۇيغۇرلارغا ئۇلارنىڭ تۆلىگەن شۇ بەدەللىرىنىڭ ئىچكى سەۋەبىنى ۋە جەريانىنى يورۇتۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى. رۇسلار بۇنداق بىر «ئويۇن» نى نېمىشقا ئۇيغۇر رايونىدىن باشقا بىر يەردە، ئۇيغۇردىن باشقا بىر قەۋم ئۈستىدە ئويىنمايدۇ ياكى ئوينىيالمايدۇ؟ ئۇيغۇرلارنى بۇ ئىنقىلابقا ئاتلاندۇرغان ئىچكى سەۋەب زادى نېمە ؟...

ئەسلى تېمىغا قايتىپ كەلسەك، تارىخ نۇقتىسىدىن «جەدىدچىلىك» ھەرىكىتى ئاخىرلاشتى ۋە ئۆتمۈشكە ئايلاندى. بىراق دۇنيا ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى تېخى داۋاملىشىۋاتىدۇ. كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار گەرچە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىسمىنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ قېنىدىكى ھۆرلۈك ۋە ئادالەتكە بولغان تەلپۈنۈش ھېسسى ئۇيغۇر تارىخىنى يارىتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالماق تەس بولمىسا كېرەك. گەرچە بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار تۈرلۈك خىرىسلارغا دۇچ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھۆرلۈك ۋە ئادالەتكە بولغان تەلپۈنۈش ھېسسى تېخى ئاجىزلاپ قالغاندەك ئەمەس. 19- ئەسىردىن 20 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تارىخى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار بەش قېتىملىق مىللىي ئىنقىلاب تارىخى ياراتقان بولسىمۇ، ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان. بەش قېتىملىق پاجىئە، بەش قېتىملىق مەغلۇبىيەت ئۇيغۇرلارنى بىر ئاز سەگىتكەن بولسا كېرەك، 1980 – يىللاردىن كېيىن ئۇيغۇرلاردىكى دىنىي ئويغىنىش ئىجتىمائىيلىشىش، كۆلەملىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. بۈگۈنگىچە بولغان بۇ ئوتتۇز يىللىق مىللىي، دىنىي ئويغىنىش ھادىسىسى خاراكتېر جەھەتتە ئۆز ۋاقتىدىكى «جەدىدچىلىك» ھەرىكىتىگە بارغانچە ئوخشاپ قالدى. يەنى، بىر قەدەر قويۇق ئىسلاھات تۈسىنى ئالدى. ھازىرمۇ ئۇيغۇر نامىنى «جەدىدچىلىك» ئاتالغۇسى بىلەن چېتىشقا زوقمەنلەر بولسا،

ئۇيغۇرلارنىڭ 1980 - يىلدىن كېيىنكى مىللىي، دىنىي ئويغىنىش ھادىسىسىنى تەتقىق قىلسۇن ۋە ئۇنى «ئۇيغۇرلاردا جەدىدىچىلىك» دەپ ئاتىسۇن. ئېھتىمال كەلگۈسىدە بۇ تارىخ، ئۇيغۇرغا مەنسۇپ تارىخ سۈپىتىدە ياد ئېتىلىشى مۇمكىن.

بەزى ئىسلاھاتلار ئىنقىلاب غەلىبىسىدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ، يەنە بەزى ئىسلاھاتلار ئىنقىلابتىن ئاۋۋال ئېلىپ بېرىلىپ، ئىنقىلابنىڭ ئاساسى ۋە غەلىبە كاپالىتى قىلىنىدۇ. ھۆرلۈك ھېسسىي كۈچلۈك كەلگەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مەكتىپىنى تەرك ئېتىشى، ئۇنىڭ ئىسلاھاتتىن بەكرەك ئىنقىلابقا يۈزلەنگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. سابىت داموللامنىڭ خوتەن غازىلىرىغا، ئېلىخان تۆرەمنىڭ ئىلى – ئالتاي باتۇرلىرىغا قىلغان تەبلىغلىرىمۇ ئىسلاھات چاقىرىقى ئەمەس، بەلكى ئىنقىلاب رىغبىتى ئىدى. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى مىللىي ئىنقىلابلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرلۈك ۋە ئادالەتكە بولغان تەلپۈنۈش ھېسسىي بولۇشى، بۇ ھېس ساھىبلىرىنى ئۈنۈمى ئۇزۇندا كۆرۈلىدىغان ئىسلاھاتتىن بەكرەك، نەتىجىسى تېز ئايرىلىدىغان ئىنقىلابقا ئۈندىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھېسنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىمۇ خېلى كۆپ ياشلارغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى مەلۇم. ئۇيغۇرلار ئۆتمۈشتىكى مەغلۇبىيەتلىرىدىن راستتىنلا ساۋاق ئالغان بولسا، ئىجتىمائىي ئومۇمىيلىقتىكى بىر ئىسلاھات ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا مۇھتاجدۇر. نۆۋەتتىكى مىللىي، دىنىي ئويغىنىش ھادىسىسى زورىيىپ ھەرىكەتكە ئايلىنىپ، بىر قېتىملىق ئىسلاھاتنىڭ ئاساسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن قانچىلىك قان – قېرىنداشلىقى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇيغۇر نامىغا ۋارىسلىق قىلغان بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. تارىختا ئۇيغۇر رايونىدا كىملەر ياشىغان بولمىسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىدۇر. دېمەك ، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى بىلىش ۋە ئۆگىنىش قانچىلىق مۇھىم بولسا، يۇرت تارىخىنى بىلىش ۋە ئۆگىنىشمۇ شۇنچىلىك مۇھىمدۇر. ئاخىرىدا تارىخچىلاردىن ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر رايونى تارىخىنىڭ ئۆزگە مەنسۇپ قىسمىدىن كۆپرەك مەلۇمات بېرىشنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە، «ئى ئاللاھ! بىزگە ھەر قانداق شەيئى ۋە ھادىسىنى ماھىيىتى بويىچە بىلدۈرگىن!» دېگەن دۇئا بىلەن سۆزىمىزنى تاماملايمىز، ئامىن!■ تەھرىرى: ئادىلجان ئەرئۇيغۇر | كوررېكتورى: ئا.ئاقھۇن

فروفېسسور دوكتور ئالىمجان ئىنايەت *

# ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ پىروگراممىسىدا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلىپ بەلگىلەنگەن. خەلقئارا قانۇن ھەم سىياسىي ئارگۇمېنت (ۋاستە) نۇقتىسىدىن توغرا تاللانغان بۇ نىشان ۋە پىكىر ھەققىدە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى پىرىنسىپىنىڭ پەلسەپىۋى تايانچى، تارىخىي باسقۇچلىرى، ئۇقۇم دائىرىسى، پىراگماتىك قىممىتى، نەزەرىيەۋى ۋە قانۇنىي ئاساسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 1 - ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى (Self-determination) دېگەن تېرمىن ۋە بۇنىڭ تەبىرى

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى، يەنى self-determination ھوقۇقى خەلقئارا قانۇنغا ئائىت بىر تېرمىن ۋە ئۇقۇم بولۇپ، بۇ ئۇقۇم 17-ئەسىردە ياشىغان جون لوكنىڭ «ھۆكۈمەت توغرىسىدا ئىككىنچى تەتقىقات» (Two Treatise of Government) ناملىق كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان «تەبىئىي ھوقۇقلار» ۋە «سىياسىي ۋاكالەت ھوقۇقى» دېگەندەك ئۇقۇملار ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان. جون لوكنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار ياشاش ھوقۇقى، مال-مۈلۈك ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىك ھوقۇقىدىن ئىبارەت تەبىئىي ھوقۇقلارغا ئىگە.[1] ئۇنىڭ بۇ كۆزقارىشى ھەم لىبېرالىزم ھەم كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇملىرىنىڭمۇ ئاساسى1 بولۇپ قالغان. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش

* ئەگە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك دۇنياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچىسى

(1) John Locke, Hükümet Üzerine İkinci İnceleme, Çewirmen : Fahri Bakırcı, Ebabil Yayıncılık, İstanbul, 2004

هوقۇقى دەسلەپتە ياۋروپادا خەلقلەرنىڭ ئۆز ئېتىقاد ۋە مەزھىپىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقى دەپ قارالغان بولۇپ رېنېسسانس دەۋرىدە شەخسلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقى دەپ چۈشەندۈرۈلۈشكە باشلانغان. كېيىن بۇ ئۇقۇم خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقى دېگەن ئۇقۇمغا ئايلىنىپ 1- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا پرېزىدېنتى ۋىلسوننىڭ «ۋىلسون پرىنسىپلىرى» دەپ ئاتالغان 14 ماددىلىق پرىنسىپلىرى ئارىسىدا هازىر ئىستېمال قىلىنىۋاتقان مەنىدە ئىشلىتىلگەن.[2] كىشلەرنىڭ تەڭ- باراۋەرلىكى ۋە باشقۇرغۇچى بىلەن باشقۇرۇلغۇچى ئوتتۇرىسىدا هاسىل قىلىنغان ئىجتىمائىي كېلىشىمدىن ئىبارەت ئىككى پەلسەپۋى ئاساسقا تايانغان[3] بۇ ئۇقۇم ئەسلىدە كىشىلىك هوقۇق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۈگۈنكى سىياسەت ئىلمى ۋە نەزەرىيەسىدە خەلقلەرنىڭ ئۆز سىياسىي كېلەچىكىنى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە ماڭىدىغان يولىنى ئۆز ئىرادىسى ئارقىلىق بەلگىلەش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 2- ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقىنىڭ تارىخىي باسقۇچلىرى

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقى (Self-determination) تۇنجى قېتىم 1776-يىلىدىكى ئامېرىكا مۇستەقىللىق خىتابنامىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

«بىز شۇ رېئاللىقنى ئاشكارا هالدا ئېتىراپ قىلىمىزكى، پۈتۈن ئىنسانلار تەڭ - باراۋەر يارىتىلغان ۋە ياراتقۇچى تەرىپىدىن ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان هەق - هوقۇقلار بىلەن قوراللاندۇرۇلغان. هايات، ئەركىنلىك ۋە بەخت ئىزدەش بۇلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. مانا بۇ هوقۇقلارغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىنسانلار ئارىسىدىن قانۇنلۇق كۈچىنى ئىدارە قىلىنىۋاتقان كىشلەرنىڭ رازىلىقىدىن ئالغان هۆكۈمەتلەر تەشكىللەنگەن. بىر هۆكۈمەت قاچان بۇ مەقسەتلەرگە دەخلى

(2) ئامېرىكا پرېزىدېنتى توماس ۋۇئودروۋ ۋىلسون 1918-يىلى 1-ئاينىڭ 8-كۈنى پالاتاغا سۇنغان مەكتۇپىدا ئون تۆت ماددىلىق ۋىلسون پرىنسىپلىرىنى بايان قىلىپ 1-دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغان مىللەتلەرنىڭمۇ هەق-هوقۇقلىرى بارلىقىنى، كىچىك مىللەتلەرنىڭ ۋە مۇستەملىكە ئاستىدىكى شەرق مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقى بارلىقىنى ئىپادىلىگەن. ۋىلسوندىن كېيىن فرانكلىن روزۋېلتمۇ 1941-يىلى 1-ئاينىڭ 6-كۈنى پالاتاغا سۇنغان مەكتۇپىدا «سۆز ۋە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى»، «ۋىجدان ئەركىنلىكى»، «يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئەركىنلىكى»، «قورقۇش ۋە ئەندىشىدىن قۇتۇلۇش ئەركىنلىكى» دىن ئىبارەت «تۆت ئەركىنلىك» نى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش هوقۇقى خەلقئارالىق هۆججەتلەردە ئورۇن ئېلىشقا باشلىغان.

(3)Mustafa Şahin, Awrupa Birliği Self-Determinasyon Politikası, Nobel Yayın Dağıtım, Ankara, 2000, s. 8

يەتكۈزۈشكە ئۈرۈنىدىكەن، كىشىلەر ئۇ ھاكىمىيەتنى ئالماشتۇرۇش ياكى بۇ پىرىنسىپلىرىنى ئۆزلەشتۈرىدىغان يېڭى بىر ھاكىمىيەتنىڭ يولىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە.»(4)

بۇ بايانلاردىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ دەسلەپتە بىر دۆلەت ئىچىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆز ھۆكۈمەتلىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن كېيىنكى تارىخىي جەرياندا بۇنىڭ ئۇقۇم ۋە تەتبىق قىلىنىش دائىرىسى تەدرىجىي كېڭىيىپ، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكە دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشى جەريانىدا خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى دېگەن پىرىنسىپقا ئايلاندۇرۇلۇپ تەتبىق قىلىنىشقا باشلانغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى مۇستەملىكە رايونلاردا ياشىغۇچى مىللەتلەر ئۈچۈن تەتبىق قىلىنىدىغان بىر پىرىنسىپ بولۇپ قالغان. ياۋروپادا بولسا بۇ پىرىنسىپ تۇنجى قېتىم 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فىرانسىيە تەرىپىدىن ماراكەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. بۇ جەرياندا چوڭ دۆلەتلەر خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، دۆلەتلەرنىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشقا ۋە تەكىتلەشكە باشلىغان. 1830-يىلدىكى «لوندون شەرتنامىسى» ۋە 1878-يىلدىكى «بېرلىن شەرتنامىسى» بىلەن گىرېتسىيە ، رومىنىيە ، بۇلغارىيە، سېربىيە ۋە قاراتاغنىڭ مۇستەقىللىقىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى مۇھىم قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلغان.

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى 1896-يىلى لوندون سوتسىيالىست ئىنتېرناتسيونال قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن رەسمىي قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، رۇس سوتسىيال دېموكراتلىرىمۇ 1903-يىلى بۇنى رۇس ئىشچى پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسىغا كىرگۈزگەن ۋە 1913-يىلى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ مۇقىملاشتۇرغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى كاپىتالىستلار ھەم كوممۇنىستلار تەرىپىدىن رەسمىي قوبۇل قىلىنغان بىر ئۇقۇم ۋە پىرىنسىپ بولۇپ قالغان. بىراق كاپىتالىستلار بىلەن كوممۇنىستلارنىڭ بۇ پىرىنسىپتىن كۆزلىگەن مەقسىتى ئوخشاش بولمىغان، كاپىتالىستلار بۇ پىرىنسىپ ئارقىلىق دۆلەتلەرنى، مىللەتلەرنى پارچىلاش ۋە يېڭى مۇستەقىل دۆلەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ يېڭى بازارلارنى ئېچىشنى مەقسەت

(4)Mustafa Şahin, yuqurqi eseri, 9-bet.

قىلغان بولسا، كوممۇنىستلار ئېرىلگەن مىللەتلەرنى كوممۇنىست ئىنقىلابى سېپىگە تارتىپ كوممۇنىزمنى دۇنيا مىقياسىدا ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

لېنىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى دېگەن ئۇقۇمنى نەزەرىيەۋى جەھەتتىن بولسىمۇ بېيىتقان مۇھىم بىر شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ «مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى» ناملىق ئەسىرى بۇ ھەقتە يېزىلغان مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. لېنىننىڭ پىكرى بويىچە، كىچىك ۋە ئاجىز مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارى ۋە ئىستەك-ئارزۇسى بولماستىن كۈچلۈك بىر دۆلەتكە قېتىلىشى «قوشۇۋېلىش»، يەنى يۇتۇۋېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ۋە بۇ، خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا خىلاپ. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى (يەنى ئايرىلما ھوقۇقى)نى قولللىغانلارنى بۆلگۈنچىلىكنى ياقلىغان دەپ ئەيىبلەش يولدىشىدىن ئاجرىشىش ھوقۇقىنى قوللىغانلارنى ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزغان دەپ ئەيىپلىگەنگە ئوخشاش ئەخمىقانىلىق ۋە ئىككى يۈزلىمىلىكتۇر.[5]

لېكىن بۇ پىرىنسىپنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئوبيېكتىپ ئۆلچەم ۋە قائىدىلەر بويىچە ئەمەس، كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ خاھىشى، مەنپەئەتى ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيەسىگە ئاساسەن بولغان. مەسىلەن 1- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن چېخوسلوۋاكىيە، ۋېنگرىيە ۋە پولشا قاتارلىق دۆلەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بويىچە قۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇلاردىن باشقا مىللەتلەرگە پەقەتلا «ئاز سانلىق مىللەت ھوقۇقلىرى» دەپ ئاتالغان بەزى سىياسىي ھوقۇقلار بېرىلگەن. ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قوبۇل ۋە تەشەببۇس قىلغان رۇس كوممۇنىستلىرىمۇ بىر تەرەپتىن فىنلاندىيەلىكلەر ۋە ئېرلاندىيەلىكلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قوللىغان ۋە قوغدىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن سېرب، خىرۋات، سلوۋاك ۋە چېخ مىللەتلىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا قارشى چىققان ئىدى. خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋە خىتاي مىللەتچى پارتىسى (گومىنداڭ) 1920- 1940-يىللاردا سوۋېت كوممۇنىستلىرىغا ئوخشاش مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى شەرتسىز قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ،[6] ئەمەلىيەتتە نە

(5) Mustafa Şahin, yuqurqi eseri, 10-12-bet.
(6) Jin Binggao, 民族纲领政策文献选编 MİNZU GANGLİNG ZHENGCE WENXİAN XUANBİAN (1921-yili 7-aydin 2005-yili 5-ayghiche), Merkiziy Milletler Uniwersiteti Neshriyati, 2006, Beyjing. 65-, 69-, 71-, 76-, 77-, 79-, 89-, 93-94-95- 106-, 110-, 112-, 147- betlerge qarang.

خىتاي كوممۇنىستلىرى، نە خىتاي مىللەتچى پارتىيەسى خىتايدىكى مىللەتلەرگە بۇ ھوقۇقنى بەرگەن ئەمەس.

### 3- بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى 1946-يىلى 6-ئاينىڭ 26-كۈنى قوبۇل قىلىنغان «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەھدىنامىسى» دا رەسمىي ئورۇن ئالغان. بۇ ئەھدىنامىدە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇش نىشانى ۋە پىرىنسىپلىرى بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: «خەلقئارادا تەڭ - باراۋەر ھوقۇققا ۋە خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى پىرىنسىپىغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا دوستانە مۇناسىۋەتلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە جاھانشۇمۇل تىنچلىقنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان تەدبىرلەرنى ئېلىشتۇر.»[7] بەزى قانۇنشۇناسلار بۇ ئىپادىلەرگە تايانغان ھالدا، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ بىر قانۇنىي ھەق ئەمەس، بەلكى بىر پىرىنسىپ ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، كېيىنكى تارىخىي جەرياندا بۇ پىرىنسىپنىڭ خەلقئارا قانۇندا بىر ھەق ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىققان.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭىشى تەرىپىدىن 1960- يىلى قوبۇل قىلىنغان 1514- نومۇرلۇق «مۇستەملىكە خەلقلىرى ۋە دۆلەتلىرىگە مۇستەقىللىق بېرىلىشى باياننامىسى» دا خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئورۇن بېرىلگەن. بۇنىڭ بىلەن خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەردە مۇھىم بىر كۈچ بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىغان. بەزى كىشىلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ ھەرقانداق ئاز سانلىق مىللەت ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت مۇستەملىكە ياكى ئىشغال ئاستىدىكى خەلقلەر ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان دەپ قارىماقتا. لېكىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «ئاممىۋىي ۋە سىياسىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسى» (International Cowenant on Ciwil and Political Rights) ۋە «ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھوقۇقلار خەلقئارا ئەھدىنامىسى» (International Cowenant on Economic, Social and Cultural Rights) ناملىق ئەھدىنامىلىرىدىكى شۇنداقلا 1966- يىللىق

(7) http://diabk.tarim.gow.tr/Uluslararas%C4%B1/FAO/BM%20anla%C5%9Fmas%C4%B1.pdf

«بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق باياننامىسى» دىكى «پۈتۈن خەلقلەر (ئىنسانلار) ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ ھوقۇق ئارقىلىق خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئەركىن ھالدا بەلگىلىيەلەيدۇ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەرەققىياتىنى ئەركىن ھالدا داۋاملاشتۇرالايدۇ» دېگەن ئىپادىلەردىن بۇ ھوقۇقنىڭ پەقەت مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقلەر ئۈچۈن ئەمەس، «پۈتۈن خەلقلەر» ئۈچۈن ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرسەتمەكتە.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئەھدىنامىسىدە يەنە ئىگىلىك ھوقۇققا ئىگە دۆلەتلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىش مەسئۇلىيىتى بار دەپ كۆرسىتىلىپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرگە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش مەسئۇلىيىتى تاپشۇرۇلغان.

بۇرۇن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق دەپ قارالغان بولسىمۇ، ھازىرقى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەردە «مۇتلەق ئىگىلىك ھوقۇقى» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئورنىنى «مەسئۇلىيەتچان ئىگىلىك ھوقۇقى" دېگەن ئۇقۇم دەسسىگەن بولغاچقا، كىشىلىك ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنغان دۆلەتلەرگە ئارىلىشىش ھوقۇقى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنغان بىر ھوقۇق بولۇپ قالدى. ئامېرىكا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قوبۇل قىلغان مۇشۇ ھوقۇققا تايىنىپ يۇگوسلاۋىيە ۋە سېربىيەگە قوراللىق ئارىلاشقان ئىدى.

كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، بۇنىڭغا ياشاش ھوقۇقى، باراۋەرلىك، ئادالەت ئىزدەش ھوقۇقى، مۇستەقىل ۋە ئادىل مەھكىمىلەردە سوتلىنىش ھوقۇقى، قوغدىنىش ھوقۇقى، ئالاھىدە شەخسىي تۇرمۇش، تۇرالغۇنىڭ قوغدىلىشى، مال مۈلۈك ھوقۇقى، پىكىر قىلىش، ۋىجدان، دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكى، پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى، بىر يەرگە جەم بولۇش ۋە جەمئىيەت قۇرۇش ھوقۇقى، دۆلەت ھاكىمىيىتىگە قاتنىشىش ھوقۇقى، ئەركىن ساياھەت ۋە جايلىشىش ھوقۇقى، پاناھلىق ۋە پاناھلىق تىلەش تۈزۈمىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى، پۇقرالىق ھوقۇقى، ئۆيلىنىش ۋە ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك ھوقۇقى، ئىشلەش ھوقۇقى، تەڭ

ۋە ئادىل مائاش ئېلىش ھوقۇقى، ئۇيۇشما ئەركىنلىكى، دەم ئېلىش ۋە مائاش ئېلىپ تۇرۇپ تەتىل قىلىش ھوقۇقى، داۋالىنىش ھوقۇقى، ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش ھوقۇقى، مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ۋە پايدىلىنىش ھوقۇقى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى، خەلقلەرنىڭ ئۆز تەبىئىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىغا ئىگە چىقىش ۋە بۇلارنى ئەركىن ھالدا ئىشلىتىش ھوقۇقى قاتارلىقلار كىرىدۇ.[8]

شۇڭا ھازىرقى خەلقئارالىق شەرت - شارائىتتا ھېچقانداق دۆلەتنىڭ ئۆز دۆلىتى ئىچىدىكى بىر خەلقنى ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە پىكىر قىلىش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىش، ئۇلارنى ئىرقىي جەھەتتە كەمسىتىش ھوقۇقى يوقتۇر. بۇنىڭدىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ پرىنسىپ بولۇشتىن ھالقىپ بۈگۈن قانۇنىي ھەققە ئايلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### 4- ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى قانداق بىر ھوقۇق؟

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى تاشقى جەھەتتىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى (Outer self-determination) ۋە ئىچكى جەھەتتىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى (İinner self-determination) دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. تاشقى جەھەتتىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇش ھوقۇقى، مۇستەقىل بىر دۆلەت بىلەن ئەركىن ھالدا ئىتتىپاق تۈزۈش ھوقۇقى، مۇستەقىل بىر دۆلەت بىلەن ئەركىن ھالدا بىرلىشىش (Entegration) ھوقۇقى، باشقا دۆلەتلەرگە قارشى ئۆز مۇستەقىللىقىنى قوغداش ھوقۇقى ۋە مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىق ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىچكى جەھەتتىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بولسا، بىر دۆلەتتە ياشىغۇچى خەلقنىڭ ئۆزى خالىغان باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تاللاش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى مۇستەقىللىق ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كوللېكتىپ ھوقۇقتۇر. لېكىن بۇ ھوقۇق دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش دېگەن پرىنسىپ بىلەن مەنتىقىي جەھەتتىن زىددىيەتلىك بولغاچقا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بۇ ھوقۇقنى سۇبيېكتىپ شەكىلدە ئۆز خاھىشى بويىچە ئىشلەتكەن. مەسىلەن پەلەستىن، چېچەنىستان ۋە

(8) Hüseyin Pazarcı, Uluslar arası Hukuk, Turhan Kitabevi Yayınları, Ankara, 2005, ss. 218-223; Ali Öztekin, Siyaset Bilimine Giriş, Siyasal Kitabevi, Ankara, 2007, ss. 139-143.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقى («Self-Determination») غا ئىگە بولسىمۇ، بۇ ھەق بۇ خەلقلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلمىگەن، ھالبۇكى سلوۋېنىيە، كىرودىيە (ھىرۋاتىستان)، بوسنىيە- گېرتسېگوۋىنا ( بوسنا- ھەرسەك)، ماكېدونىيە ۋە كوسوۋو «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى (Self-Determination)» ئاساسىدا يۇگوسلاۋىيەدىن ئايرىۋېتىلگەن.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 1514- نومۇرلۇق قارارىدا: «بىر دۆلەتنىڭ مىللىي بىرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىنى قىسمىي ياكى پۈتۈنلەي بۇزۇشنى مەقسەت قىلغان ھەر قانداق ھەرىكەت بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ مەقسەت ۋە پرىنسىپلىرىغا مۇۋاپىق ئەمەس» دەپ بەلگىلەنگەن. لېكىن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بۇنىڭ ئۈچۈن بەزى شەرتلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ شەرتلەرنىڭ بىرىنچىسى كىشىلەرگە ئىرق، ئېتىقاد ۋە رەڭ پەرقى ئايرىماستىن ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ھۆكۈمەتنىڭ بولۇشى؛ ئىككىنچىسى خەلقلەرنىڭ تەڭ- باراۋەر ھوقۇقىغا ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى پرىنسىپىغا تايىنىپ ئىش قىلىدىغان مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ بولۇشىدىن ئىبارەت . ئەگەر دۆلەتلەر خەلقلەرگە، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ زۇلۇم قىلسا، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھەق- ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلسا، خەلقئارا قانۇن بۇ خەلقلەرنىڭ ئانا دۆلەتتىن ئايرىلىشىنى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ.(9)

### 5- «ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى"نىڭ ھازىرقى ئۇقۇم دائىرىسى

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 1970- يىللىق ئومۇمىي كېڭەش يىغىنىدا قوبۇل قىلىنغان 2625- نومۇرلۇق «خەلقئارا قانۇن پرىنسىپلىرى بايانامىسى» دا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ تۈزۈمى دېموكراتىك بولمىغان دۆلەتلەردىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى كۆرستىلگەن. 1993- يىلى ئېچىلغان «ۋيېننا دۇنيا كىشىلىك ھوقۇقى كونفېرانسى» دا ئۆز تەقدىرىنى ئۆز بەلگىلەش ھوقۇقى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە «ھېچقانداق ئايرىمچىلىق قىلماستىن پۈتۈن جەمئىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان دېموكراتىك دۆلەتلەردە ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەش ھەققىدىن پايدىلىنىشقا بولمايدۇ» دەپ كۆرستىلگەن. چۈنكى، دېموكراتىك بىر دۆلەتتە، ئۇ دۆلەتتە ياشايدىغان پۈتۈن شەخس ياكى گۇرۇپپىلار ھاكىمىيەتكە

(9) Mustafa Şahin, yuqurqi eseri, 27-bet.

قېتىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلقلەرمۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغان ھېسابلىنىدۇ. تۈزۈمى دېموكراتىك بولمىغان دۆلەتلەردىكى خەلقلەر، ئوچۇق - ئاشكارا ئايرىمچىلىققا، ئىرقچىلىققا، قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان خەلقلەرمۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭىشىنىڭ 2007- يىلى 13- سېنتەبىر كۈنى 61/295 نومۇرلۇق قارارى بىلەن ماقۇللانغان «يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقى ھەققىدىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باياننامىسى» دىمۇ خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى پىرىنسىپى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: «3- ماددا: يەرلىك خەلقلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ ھوقۇققا بىنائەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئەركىن ھالدا بېكىتىش، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تەرەققىياتلىرىنى ئەركىن بەلگىلەش ھەققىگە ئىگە."؛ «4- ماددا: يەرلىك خەلقلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندە، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ۋە يەرلىك مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئاپتونومىيە ياكى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ھەققىگە، شۇنداقلا ئاپتونومىيە ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىقتىسادنى تەمىنلەش ھەققىگە ئىگە.»[10]

يېقىنقى يىللاردا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى، يەنى self- determination ھوقۇقى، دېموكراتىك سىستېمىدا ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى، يەنى ‹self-gowerning› ھوقۇقى دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ب د ت پەن، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى – UNESCO، خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى «سايلاش، قارار بېرىش، ھاكىمىيەتكە قاتنىشىش ۋە كونترول قىلىش» دەپ تەرىپلىگەن. بۇ ھوقۇق دېموكراتىك تۈزۈملەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، خەلقلەرنىڭ قارار بەلگىلەش مېخانىزىمىدا ئورۇن ئېلىشى ۋە ئۆز ئۆزىنى ئىدارە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى ئاپتونومىيە، فېدېراتسىيە ۋە كونفېدېراتسىيە قاتارلىق ھەر خىل باشقۇرۇش شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ شەكىلدە خەلقلەر ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلىگەن ھېسابلىنىدۇ، خەلقلەرنىڭ ئىنسان ھەقلىرى، بىخەتەرلىكى، مىللىي مەدەنىيىتى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئەركىنلىكى،

(10) http://www.un.org/esa/socdev/unpfii/documents/DRIPS_Turkish.pdf

سىياسىي ۋە قانۇنىي ھەقلىرى قاتارلىق ئاساسىي ئېھتىياجلىرى كاپالەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇ يەردە مۇھىم بولغان نەرسە، خەلقىنىڭ ئەركىن ئىرادىسىدۇر. خەلقىنىڭ ئەركىن ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرمىگەن سىياسىي تۈزۈملەر، مەيلى ئاپتونومىيە ياكى فېدېراتسىيە بولسۇن، قانۇنلۇق ۋە ئىناۋەتلىك ھېسابلانمايدۇ. لېكىن ختايغا ئوخشاش بەزى دۆلەتلەر زېمىن پۈتۈنلىكىگە تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بارلىقى سەۋەپلىك خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا رىئايە قىلمايۋاتىدۇ.

## 6- ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى

### 6- 1- ئۇيغۇرلار ئاز سانلىق مىللەتمۇ؟

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قارارلىرىدا «خەلق» ئۇقۇمى بىلەن «ئاز سانلىق مىللەت» ئۇقۇمى ئېنىق تەرىپلەنمىگەن. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت ھوقۇقلىرى بىلەن خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بىر - بىرگە ئوخشاش دېگەن چۈشەنچە ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېنىق پەرق بار. چۈنكى ئاز سانلىق مىللەت ھوقۇقلىرى ئاز سانلىق مىللەتكە مەنسۇپ كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھوقۇقلاردۇر. ھالبۇكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى پۈتۈن بىر خەلققە ئائىت كوللېكتىپ ھوقۇقتۇر. بۇ سەۋەبتىن ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. ئۇيغۇر خەلقى ھازىر سۆزدە بولسىمۇ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقئارا قانۇندا ئاز سانلىق مىللەت ئەمەس، خەلق (مىللەت، ئۇلۇس) ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە.

### 6- 2- شەرقىي تۈركىستان مۇستەملىكە دۆلەتمۇ؟

1945 - 1949 - يىللىرىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرغان بولۇپ، بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەت مەيلى قانداق نام ئاستىدا قۇرۇلغان بولسا بولسۇن، غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئەمەلىي مەۋجۇت بولغان ئەھۋال ئاستىدا قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلىتى گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ھېسابلىنىدۇ. گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بۇ دۆلەت 1949-

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى

يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن رازىلىقىنى ئالماستىن قورallıق بېسىۋېلىنغانلىقى ئۈچۈن خەلقئارا قانۇن بويىچە مۇستەملىكە دۆلەت ھېسابلىنىدۇ.

## 6- 3- خىتاي دېموكراتىك دۆلەتمۇ؟

خىتاي كوممۇنىستلىرى 1949-يىلى خىتاينىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى بولغان گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى قوراللىق ئاغدۇرۇپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن بۈگۈنگە قەدەر خەلق سايلىمى ئېلىپ بارمىغانلىقى ئۈچۈن دېموكراتىك بىر دۆلەت ئەمەس، ئەكسىچە دىكتاتور بىر دۆلەتتۇر. ھۆكۈمەت، ھەربىي ۋە سوت بىر -بىرىدىن ئايرىلمىغان، بىرلا پارتىيە ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى بىر دۆلەت. شۇڭا خىتاينى دېموكراتىك دۆلەت دەپ ئاتاش مۇمكىن ئەمەس. بۈگۈنگە قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا يولغا قويۇلغان سىياسەتلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پىكرى، ئاۋازى ۋە رازىلىقى دېموكراتىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېلىنغان ئەمەس، شۇڭا تەتبىق قىلىنىۋاتقان قارارلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىن ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ.

## 6- 4 - خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھەق- ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلدىمۇ؟

خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھەق-ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلمىغانلىقى، ئەكسىچە بۇ خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقى ھەر يىل خەلقئارادا ئېلان قىلىنىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىرىدىمۇ ئېنىق كۆرسىتىلمەكتە. نۆۋەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى، مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي مائارىپى ئەركىن تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس، دىنىي ئېتىقاد ، پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە ئەمەس.

يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، لېكىن دېموكراتىك بولمىغان، مۇستەبىت، دىكتاتور ھاكىمىيەت ئاستىدا بۇ ھوقۇقنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىنى، تىنچلىق بىلەن قارشىلىق بىلدۈرۈش ئىمكان ۋە ئۈمىدىنىڭ قالمىغانلىقىنى، كىشىلىك ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ قاتتىق دەپسەندە قىلىنىپ ئېغىر ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى، مۇنداق شارائىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تاشقى جەھەتتىن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا، يەنى مۇستەقىللىق ھوقۇقىغا

پىروفېسسور دوكتور ئالىمجان ئىنايەت

ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

### نەتىجە

ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى ھەم سىياسىي ئارگۇمېنت (ۋاستە ) ھەم قانۇنىي ھەق بولغانلىقى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئىبارىنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى ۋە ئىشلىتىلىش ساھەسى كەڭ بولغاچقا، ئۇيغۇلارنىڭ نۆۋەتتىكى پائالىيەتلىرىگە ھەر خىل سىياسىي مانېۋىر ئىمكانى يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇ نىشان ۋە تەلەپپۇزدىن چەتنەپ كېتىلمەسلىكى لازىم. ئاپتونومىيە، فېدېراتسىيە دېگەنلەر ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى نىشانى ئەمەس، پەقەت بۇ نىشاننىڭ قەدەم باسقۇچلىرىدىنلا ئىبارەت، خالاس.■ مۇھەررىر ۋە كوررېكتورى: ئا.ئاقھۇن

### پايدىلىنىلغان ئەسەرلەر:


1- Taskaya, Adem, “Birleşmiş Milletler İkiz Sözleşmeleri ve Self Determination İlkesi”; Türk Hukuk Dergisi, Aralık 2003, s. 8-13

2- Doğan, İlyas, Devletler Hukukunda Siyasal Bir İlke Olarak Halkların Kendi Geleceğini Belirleme İlkesi, Hukuki Perspektifler Dergisi (HPD), Sayı. 06, 2006, ss. 185-193

3- Şahin, Mustafa, Avrupa Birliği’nin Self-Determinasyon Politikası, Nobel Yayın Dağıtım, Ankara, 2000.

4- Jin Binggao, 民族纲领政策文献选编 MİNZU GANGLİNG ZHENGCE WENXİAN XUANBİAN (1921-yili 7-aydin 2005-yili 5-ayghiche), Merkiziy Milletler Uniwersiteti Neshriyati, 2006, Beyjing.

5- Pazarcı, Hüseyin, Uluslar arası Hukuk, Turhan Kitabevi Yayınları, Ankara, 2005

6- Sander, Oral, SİYASİ TARİH (İlkçağdan 1918’e), İmge Kitabevi, Ankara, 2010

7- ------, SİYASİ TARİH (1918 – 1994), İmge Kitabevi, Ankara, 2007

8- Öztekin, Ali, Siyaset Bilimine Giriş, Siyasal Kitabevi, Ankara, 2007

9-Avrupa Birliği Temel Haklar Bildirgesi (http://www.belgenet.com/arsiw.html, 05.03.2011)

10- Siyasi ve Medeni Haklar Uluslar arası sözleşmesi (http://www.belgenet.com/arsiw.html, 05.03.2011)

11- Birleşmiş Milletler Antlaşması (BM Şartı) (http://www.belgenet.com/arsiw.html, 05.03.2011)

12- İnsan Hakları Evrensel Beyannamesi (http://www.belgenet.com/arsiw.html, 05.03.2011)

13- Paris Şartı (http://www.belgenet.com/arsiw.html, 05.03.2011)

14- Ekonomik, Siyasal ve Kültürel Haklar Uluslar arası Sözleşmesi (http://www.belgenet.com/arsiw.html, 05.03.2011)

15- Her Türlü Irk Ayrımcılığının Ortadan Kaldırılmasına İlişkin Uluslar arası Sözleşme (http://www.belgenet.com/arsiw.html, 05.03.2011)

دوكتور ئەركىن ئەكرەم

# خىتاينىڭ 2014 – يىلىدىن كېيىنكى ئافغانىستان سىياستى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى

## ئامېرىكا ئافغانىستاندىن ئەسكەرلىرىنى چېكىندۈرىدۇ

ۋاشىنگتون ھۆكۈمىتى 2011 – يىلى 22 – ئىيۇن ئافغانىستاندىكى ئىشغالچى قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈش توغرىسىدىكى قارارىنى ئېلان قىلدى. قارار بويىچە، 2011 – يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 10 مىڭ ئەسكىرىنى، 2012 – يىلى سېنتەبىر ئېيىغىچە 23 مىڭ ئەسكىرىنى، 2014 – يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولسا، بارلىق مۇداپىئە قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈشنى پىلانلىغان. بۇ قاراردىن كېيىن، ئافغانىستاندا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە خەۋپسىزلىك ساھەلىرىدە يېڭىدىن شەكىللىنىش باسقۇچى تېزلەشتى. رايوندىكى دۆلەتلەرمۇ بۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان بوشلۇقتا قارىتا بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر بەزىلەرنىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا، ئافغانىستان بىخەتەر بىر مۇھىتتا قايتىدىن تەشكىللىنىش باسقۇچلىرىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ ۋە رايوندا مۇقىملىق ئىشقا ئاشىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ پىكرى بويىچە ئېيتقاندا بولسا، ئامېرىكا نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى قالدۇرۇپ قويۇپ چېكىنىدۇ.[1] نەتىجىدە ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى (ناتو) قىسىملىرى ئافغانىستاندىن چېكىنگەندىن كېيىن، كابۇل ھۆكۈمىتى ئىچكى بىخەتەرلىكنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە مىللىي ئارمىيەسىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يىلىغا ئەڭ ئاز دېگەندە 5 مىليارد دوللار سەرپ قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، كابۇلنىڭ ئامېرىكا ۋە ناتو قىسىملىرى قەدەم – باسقۇچلۇق ھالدا چېكىنگەندىن كېيىن، ھازىرمۇ تەسىر كۈچىنى يوقاتمىغان تالىبان ۋە ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەرگە تاقابىل تۇرۇش كۈچى ئاجىزلاپ كېتىشى

(1) Ahmed Rashid, “Afghanistan in 2012: escalating violence and a stampede for the exit”, *The Financial Times*, December 21, 2011.

مۇمكىن؛ ناتونىڭ قاتناش ۋە ھەربىي تېخنىكا جەھەتتىكى ياردىمى بولماي تۇرۇپ، ئافغانىستان ئارمىيەسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارى يېتەرلىك بولماسلىقى ۋە ئافغانىستاندا بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان جەمئىيەت خاراكتېرلىك جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھەرىكەتلىرى يۇقىرى چەككە يېتىشى مۇمكىن.

ئامېرىكىدا 2013 – يىلى كىرگەندىن باشلاپ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش قارارى تەكرار كۈنتەرتىپكە كېلىشكە باشلىدى.[2] سابىق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى لېئون پانېتتانىڭ 2013 – يىلى فېۋرال ئېيىدا ئېلان قىلغان باياناتىدا، ئامېرىكا قىسىملىرىنىڭ 2014 – يىلى ئاپرېلغىچە يۈتۈنلەي چېكىنىپ بولىدىغانلىقى قەيت قىلىندى.[3] پرېزىدېنت ئوباما مۇبۇنىڭدىن بۇرۇن بىر يىلىنىڭ ئىچىدە ئافغانىستاندا تۇرۇۋاتقان 66 مىڭ ئامېرىكا ئەسكىرىدىن 34 مىڭىنىڭ چېكىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى.[4] بۇ ناتو بىر قانچە يىلدىن بۇيان تەربىيەلىگەن ئافغانىستانلىق ئەسكەرلەرنىڭ 2014 – 2013 - يىللىرى ئارىسىدا تالىبان ۋە باشقا كۈچلەر بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇرۇشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ناتو بولسا، ھازىردىن باشلاپ ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش ئۈچۈن مۇزاكىرىلەرنى باشلىۋەتتى.[5]

غەربنىڭ 10 يىللىق ئافغانىستان ئۇرۇشىدىن ئالغان ئاچچىق ساۋىقى شۇ بولدىكى، ھەربىي قىسىملارنى تەرەققىي قىلمىغان بىر دۆلەتتە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس.[6] ۋاشىنگتون ھۆكۈمىتى ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈرۈش ئامېرىكا ئۈچۈن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي نۇقتىدىن پايدىلىق، دەپ قارىماقتا. پرېزىدېنت ئوباما ھەر ئىككى قېتىملىق سايلام جەريانىدا بۇ نۇقتىنى تەكىتلىدى. ۋاشىنگتون ھۆكۈمىتى 2008 – يىلىدىكى ئىقتىسادىي كرىزىس، ئافغانىستان ۋە ئىراق ئۇرۇشى سەۋەبىدىن ئېغىر بەدەل تۆلىگەنلىكىنى قەيت قىلدى. شۇڭا، ئوباما ھاكىمىيىتى ئامېرىكا قىسىملىرى ئافغانىستانغا ياردەم بېرىۋاتقانلىقى ئۈچۈن سۈرىيەمەسىلىسىگە

(2) Matt Spetalnick and Phil Stewart, "U.S. does not rule out removing all troops from Afghanistan", *Reuters*, January 8, 2013 7:48pm EST.
(3) Adrian Croft and Phil Stewart, "NATO considers post-2014 Afghan force of 8,000-12,000", *Reuters*, February 22, 2013 12:34pm EST.
(4) "U.S. withdrawing 34,000 troops from Afghanistan within a year", *Reuters*, February 12, 2013 5:54pm EST; Rajiv Chandrasekaran, "Obama wants to cut troop level in Afghanistan in half over next year", *The Washington Post*, February 12, 2013.
(5) Thom Shanker, "NATO in Talks on Scale of Afghan Role After 2014 Deadline", *The New York Times*, February 22, 2013.
(6) Gideon Rachman, "Disarmed Europe will face the world alone", *The Financial Times*, February 18, 2013 7:33 pm.

قول تىقىشىنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.[7] ئەمما، بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا قىسىملىرى چېكىنىپ، ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرغان تەقدىردىمۇ بۇتىنچىلىق ئامېرىكا ئىقتىسادىغا پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ.[8]

بۇلاردىن باشقا، ئامېرىكا ۋە ناتو قىسىملىرىنىڭ ئافغانىستاننى ئىشغال قىلىش باسقۇچىدا ئېلىپ بارغان ھەربىي پائالىيەتلىرى ھەم ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ھەمدە ئافغانىستان خەلقى ئارىسىدا جىددىيچىلىك پەيدا قىلغان ئىدى. يېقىندا ئامېرىكا ئالاھىدە قىسىملىرىنىڭ ئافغانىستاننىڭ ۋارداق رايونىدا پۇقرالارنى پاراكەندە قىلىشى، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششى، قىيىن – قىستاققا ئېلىشى ھەتتا ئۆلتۈرۈشكەن بەزى جىنايەتلىرى سەۋەبىدىن، ئافغانىستان پىرېزىدېنتى ھامىد كارزايى (حامد کرزاي) ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ رايوندىن چىقىپ كېتىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.[9] ئامېرىكا بىلەن ئافغانىستان ئارىسىدىكى ھەم بىر – بىرىنى قوللاش ھەمدە ئۆزئارا زىددىيەتلىشىش ئەھۋالىنىڭ 2014 – يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ 2014 – يىلى ئاپرېلدا ئافغانىستاندا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئومۇمىي سايلامغا قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقمۇ بىر مەسىلە سۈپىتىدە كۆرۈلمەكتە.

## خىتاينىڭ ئافغانىستانغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى

خىتاي ناتو قىسىملىرىنىڭ چېكىنىشىدىن كېيىن، ئافغانىستاندا ۋە رايوندا پەيدا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كابۇل ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن، ئافغانىستانغا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ كۆزەتكۈچىلىك دۆلەت سالاھىيىتىنى بېرىپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئۆزگىرىشلەرگە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ تەۋەلىكىدە ھەل قىلىش چارىسى تېپىشنى مەقسەت قىلدى.[10] 2012 – يىلى فېۋرال ئېيىنىڭ ئاخىرىدا خىتاي، پاكىستان ۋە ئافغانىستاندىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت ئوتتۇرىسىدا رايونلۇق خەۋپسىزلىك ۋە مۇقىملىق ئۈچۈن ئۆزئارا ھەمكارلىق نىشان قىلىنغان ئۈچ تەرەپ خىزمەت مېخانىزمى قۇرۇلدى.

(7) Roberta Rampton, "Obama says struggling over whether to intervene in Syria", *Reuters*, January 27, 2013 8:28pm EST.

(8) Joseph Stiglitz and Linda Bilmes, "No US peace dividend after Afghanistan", *The Financial Times*, January 23, 2013 6:57 pm.

(9) Golnar Motevalli, "Afghanistan government accuses US special forces of civilian death and torture", *The Guardian*, Sunday 24 February 2013 23.17 GMT.

(10) Erkin Ekrem, "Afganistan'ın ŞİÖ Üyeliği ve Çin", *Stratejik Düşünce Enstitüsü Web Sayfası*, 27.05.2011 12:59.

تەرەپلەر رايوندىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا سىياسىي بىخەتەرلىكنى كۈچەيتىدىغان پائالىيەتلەرنى قوللايدىغانلىقلىرىنى، ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقلىرىنى ۋە ئۈچ خىل كۈچكە قارشى كۈرەشتە ھەمكارلىق ئورنىتىش ئىمكانىيەتلىرىنى ئىزدەيدىغانلىقلىرىنى ئەسكەرتىشتى.[11]

2012 - يىلى سېنتەبىردە خىتاينىڭ ئىچكى بىخەتەرلىككە مەسئۇل سىياسىي بيۇرو دائىمىي ئەزاسى ۋە مەركىزىي سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى جۇ يوڭكاڭنىڭ ئافغانىستانغا ئېلىپ بارغان زىيارىتىگە، 46 يىل بۇرۇنقى خىتاي مۇئاۋىن دۆلەت رەئىسى لىيۇ شاۋچىنىڭ ئافغانىستان زىيارىتىدىن كېيىنكى تۇنجى يۇقىرى سەۋىيەلىك دىپلوماتىيەلىك زىيارەت، دەپ باھا بېرىلدى. بۇ زىيارەتتە، 2012 - يىلى ئىيۇن ئېيىدا ئافغانىستان پرېزىدېنتى ھامىد كارزاينىڭ جۇڭگوغا ئېلىپ بارغان زىيارىتى جەريانىدا ئىمزالانغان خىتاي - ئافغانىستان ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق شېرىكلىك مۇناسىۋەتلىرىنى تەسىس قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك خىتابنامىنى ئاساس قىلغان ھالدا تېررورىزىم، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى ۋە چېگرا ھالقىغان جىنايەتلەرگە قارشى ئورتاق كۈرەش قىلىدىغانلىقلىرى؛ ئۈچ خىل كۈچ (تېررورىزىم، مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە دىنىي رادىكالىزم) كە، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتىغا قارشى بىرلىكتە كۈرەش قىلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىندى.[12] 2013 - يىلى 20 - فېۋرالدا خىتاي، رۇسىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ خەۋپسىزلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارلىرى توپلانغان بىر يىغىندا، خىتاي مۇئاۋىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چېڭ گوپىڭ، رۇسىيە مەملىكەتلىك خەۋپسىزلىك كېڭىشى باشلىقى نىكولاي پاترۇشېۋ ۋە ھىندىستان مەملىكەتلىك بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى شىۋشانكار مېنونلارنىڭ باشچىلىقىدىكى ھەيئەت 2014 - يىلىدا چەت ئەل قىسملىرىنىڭ چېكىنىشىدىن كېيىنكى ئافغانىستان ۋە رايونلۇق ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە ئۆتكۈزدى. ھاسىل قىلىنغان ئورتاق كۆز قاراش بولسا، ئافغانىستانغا مۇناسىۋەتلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ، رايون بىخەتەرلىكىگە ۋە مۇقىملىقىغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بولدى.

يىغىندا بۇ دۆلەتلەر، ئافغانىستاننىڭ قوشنىلىرى بولۇش سۈپىتىدە خەلقئارالىق جەمئىيەت

(11) <中方主持召開首次中阿巴對話>, 《人民日報》2012年03月02日 03 版.
(12) 尚軍、晏忠華, <周永康與阿富汗總統卡爾紮伊舉行會談>, 《人民日報》2012年09月24日 01 版.

بىلەن بىرلىكتە ئافغانىستاننىڭ يېڭىدىن قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەتتە تىنچلىق ئورنىتىش باسقۇچىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئافغانىستان بىلەن بىرگە رايوننىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى قوغداشقا كۈچ چىقىرىش مەسىلىسىدە ئورتاق قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى.[13]

خىتاي مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بەزىلىرى 2014–يىلىدىن كېيىن، خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى ئۆزگىرىشلەرگە قارشى ئىستراتېگىيەلىك جەھەتتىن تەييارلىق قىلىشىنى تەكلىپ قىلسا،[14] يەنە بەزى مۇتەخەسسىسلىرى ئامېرىكا ۋە ناتو قىسىملىرىنىڭ چېكىنىشى خىتاينىڭ رايوندىكى تەسىرىنى كۈچەيتىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خىتاينىڭ بۇ ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ تۇرالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.[15] قىسقىسى، خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى ئامېرىكا ۋە ناتو قىسىملىرىنىڭ چېكىنىشىدىن كېيىن، تالىبان، ئەل قائىدە ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ئىسلامىي قارشىلىق كۈرەشتىش كۈچلىرى پەيدا قىلىدىغان خەۋپسىزلىك مەسىلىلىرىدىن ئەندىشە قىلىدۇ. ئوخشاشلا يەنە، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ خىتاينىڭ چېگرا بىخەتەرلىكىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى توغرىسىدا پىكىر بىردەكلىكىگە ئىگە.[16]

خىتاينىڭ ئافغانىستاندا پەقەت خەۋپسىزلىك (زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكى) ۋە گېئوپولىتىكىلىق مەنپەئەتلىرى بولۇپلا قالماستىن، ئافغانىستاننىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن ئىبارەت يەنە بىر مۇھىم مەنپەئەتمۇ بار. ئامېرىكا ۋە ناتو ئافغانىستاننىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغداۋاتقان ھالەتتە خىتاي بۇ مەنپەئەتلىرىنى قولغا كىرگۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، خىتاي ئافغانىستاننىڭ ئايناق رايونىدىكى مىس كېنىنى ئېچىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۈچلەرنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلگەن ئىدى. مۇشۇنداق بىخەتەر بولمىغان ئىشەنچسىز مۇھىت ئاستىدا خىتاي ئىنژېنېرلىرى ۋە ئىشچىلىرى ئايناق مىس كېنىدىكى خىزمەتلىرىنى توختىتىپ، دۆلىتىگە قايتىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.[17]

ئامېرىكا ۋە ناتو قىسىملىرىنىڭ ئافغانىستانغا ئورۇنلىششى، خىتاينىڭ ئافغانىستان بىلەن

(13) <中俄印举行阿富汗问题会晤>, 中華人民共和國外交部網站》2013年02月21日.
(14) 趙干城, <備戰2014：中國在阿富汗的下一步>,《東方早報》2013年1月10日, 第A17版.
(15) 楊美萍, <美撤離阿富汗，中國將成大贏家？>, 《新聞晚報》2013年2月12日, A1疊14-國際週刊.
(16) 潘光, <中國西部邊疆的挑戰>, 《東方早報》2013年1月10日, 第A17版
(17) Michael Georgy, “Chinese return to Afghan mine project - minister”, *Reuters*, November 29, 2012 10:58pm IST.

تېخىمۇ يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئاتوسقۇنلۇق قىلماقتا. لېكىن، خىتاينىڭ ئۆز ئالدىغا 2014 – يىلدىن كېيىن، ئافغانىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى ئاز. شۇڭلاشقا، خىتاي ئۆز مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن مەجبۇرىي ھالدا پاكىستان بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا جانلىق سىياسەت يۈرگۈزۈشى كېرەك.

## خىتاينىڭ 2014 – يىلدىن كېيىنكى ئافغانىستان سىياستى ۋە شەرقىي تۈركىستان

ئامېرىكا ۋە ناتو قىسملىرىنىڭ خەۋپسىزلىك ساھەسى ھەمدە خەلقئارالىق جەمئىيەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تەرەققىيات ساھەسىدىكى قوللىشى بىلەن ئافغانىستان ئۇرۇشىنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرى ۋە بىخەتەرلىكى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەسلىگە كەلدى. ئەمما، ئافغانىستاندا جەمئىيەت تىنچلىقى تولۇق مەندە ئىشقا ئاشمىدى. 2003 - يىلدىن بۇيان ئافغانىستاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، پۇل پاخاللىقىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، خامچوتنىڭ يېتەرسىزلىكى، تاشقى كۆچلەرگە تايىنىشىنىڭ ئېغىر بولۇشى، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكىنىڭ ئاپەتكە ئايلىنىشى ۋە بۇلارنى تۈزىتىدىغان ساپالىق خادىملارنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەلبىي كۆرۈنۈش پەيدا قىلىشنى داۋاملاشتۇرماقتا. كابۇل ھۆكۈمىتى بۇرۇنقىغا قارىغاندا، مۇقىملىق ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلەردە كۆزگە كۆرۈنىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىراق، ھاكىمىيەت ئىقتىدارىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، خىيانەتچىلىكىنىڭ ئېغىر بولۇشى، ھۆكۈمەت بىلەن پارلامېنت ئارىسىدا سۈركىلىشلەرنىڭ كۆپ يۈز بېرىشى ۋە ئومۇمىي سايلامنىڭ پۈتۈن خەلق ئامىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىلدە بولماسلىقى قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى قوغداپ قالالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، رايون دۆلەتلىرىنىڭ 2014 – يىلىدا ئافغانىستانغا قارىتا ئۆز مەنپەئەتلىرىنى چىقىش قىلىپ، ئوخشىمىغان سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈشىمۇ سەلبىي تەسىرلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. خىتاي ئافغانىستاننىڭ مەۋجۇت ئەھۋالىغا قارىتا رايوندىكى دۆلەتلەر بىلەن بىللە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى رامكىسىدا خەۋپسىزلىك ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم قىلالىغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە. خىتاينىڭ بۇ ئىقتىدارى 2014 – يىلدىن كېيىن، ئافغانىستاندا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئۆزگىرىشلەرگە قانچىلىك تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقى

خىتاينىڭ ئافغانىستان سىياستى ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى

مەسىلىسىدە بەزى ئېنىقسىزلىقلار مەۋجۇت.

يۇقىرىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىرلىكتە، 2014 – يىلىدىن كېيىن ئافغانىستاندا تۇراقسىز ۋەزىيەتنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئافغانىستان خەلقى بولسۇن ياكى ھازىرقى ئافغانىستان ھۆكۈمىتى ۋە باشقا سىياسىي كۈچلەر بولسۇن، خىتايغا دوستانە قارايدۇ. يەنى تارىخ بويىچە چوڭ كۈچلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت خىتايلا ئافغانىستاننى ئىشغال قىلىشقا ئۇرۇنمىغان بولغاچقا، خىتاينى ياخشى قوشنا دەيدىغان چۈشەنچە بار. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ قاراش سەۋەبلىك ئافغانىستاندىكى ئىقتىسادىي، گېئوپولىتىكا ۋە شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىغا قارشى تۇرۇش قاتارلىق مەنپەئەتلىرىنى قوغدىيالىشى مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ، ناتو قىسىملىرى 2014 – يىلى ئافغانىستاندىن چېكىنگەندىن كېيىن، پەيدا بولىدىغان سىياسىي بوشلۇقتا قارشى خىتاينىڭ قانچىلىك تەييارلانغانلىقى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس؛ ئافغانىستاندا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئۆزگىرىشنىڭ (ۋەياكى بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش) ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان سىياسىي تەدبىرلەر تېخى تۈزۈلۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بەزى ئۇيغۇرلار 11 – سېنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇن بېيجىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان سىياستىگە قارشى ئافغانىستاندا ھەربىي تەلىم – تەربىيە ئېلىپ، قورالىق جىھاد ھەرىكىتىنى باشلىغان. خىتاي ھەم تالىبان ھەمدە ئەل قائىدە بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تەشكىلاتىنى يوقىتىشقا تىرىشقان، ئەمما مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن ئىدى. 2014 – يىلىدىن كېيىن، خىتاينىڭ مەزكۇر ئۇيغۇر مۇجاھىدلىرىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈشى توغرىسىدا ئەندىشىلىرى بار.

بىز بۇ دائىرىدە، كېلەچەككە قارىتا ئافغانىستاندا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئۆزگىرىشلەرنى، يەنى مەۋجۇت ئەھۋالنىڭ داۋام قىلىشى، فېدېراتسىيە قۇرۇلمىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە مۇستەقىل ھاكىمىيەتكە ئىگە بولۇشى قاتارلىق ئۈچ سېنارىيە ئۈستىدە تەھلىل قىلىشنى پايدىلىق دەپ قارايمىز.

**مەۋجۇت ئەھۋالنىڭ داۋاملىشىشى:** 2014 – يىلغىچە ئافغانىستاندا يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەر ھەل قىلىنماي داۋاملاشقان ۋە جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى ئەمەلگە ئاشمىغان تەقدىردە ئىچكى توقۇنۇشلار داۋام قىلىشى مۇمكىن. پەقەت تالىبان ۋە باشقا ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەرنىڭ سىياسىي مەنپەئەتلىرىلا ئەمەس، بەلكى پەشتۇ، تاجىك، ئۆزبېك ۋە

ھازارا قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىمۇ قوغدالمىغان ئەھۋالدا تۆۋەن سەۋىيەدە توقۇنۇشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن. نەتىجىدە، كۆز ئالدىمىزدا بىر ئاجىز ھۆكۈمەت ۋە بۇ ھۆكۈمەت بىلەن توقۇنۇشۇۋاتقان قالايمىقان ئافغانىستان مەنزىرىسى پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، رايون دۆلەتلىرىمۇ ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن مەلۇم سەۋىيەدە ئافغانىستاندىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئارىلىشىشى ئېھتىمالغا يېقىن. بۇ ئەھۋالدا خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن باغلىنىشلىق تەھدىت ئاستىدا تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن. بېيجىڭنىڭ بۇ ئەھۋالغا قارشى ھەم ئافغانىستان ھۆكۈمىتى بىلەن ھەر خىل دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشى ھەمدە مەخپىي ھالدا پاكىستان ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە قارشى سىياسىي كۈچلەر ۋە يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمۇ ئېھتىمالغا يېقىندۇر. ئافغانىستان ھاكىمىيىتى بولسا، خىتاينىڭ بۇ تەلەپلىرىگە چەكلىك جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. بۇنىڭ تەسىرىدە، ئافغانىستان شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق پائالىيەتلىرىنى قوللىمايدۇ. ھۆكۈمەتكە قارشى كۈچلەرمۇ رايوندا ۋە دۇنيادا قوللاشقا ئېرىشىش ئۈچۈن خىتاينىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان بىر ھەرىكەتتە بولماسلىقى، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگىمۇ دىنىنىڭ تەقەززاسى بويىچە خەلقئارالىق كۈچ تەڭپۇڭلۇقى ئارىسىدىكى ھېساب نەتىجىسىدە ئاشكارا ياردەم بەرمەسلىكى مۇمكىن.

**فېدېراتسىيە قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىشى:** 2014 – يىلى پەيدا بولىدىغان خەۋپسىزلىك بوشلۇقىغا قارىتا، سىياسىي، ئېتنىك ۋە يەرلىك ھاكىمىيەت مەسىلىلىرى ھەل قىلىنمىغان تەقدىردە، بۆلۈنگەن بىر ئافغانىستان ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋال پاكىستاندىكى پەشتۇ مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ۋە ئافغانىستان بىلەن ئىسلامئاباد ئارىسىدىكى مەۋجۇت ئىشەنچسىزلىك ۋەزىيىتىنى كۈچەيتىۋېتىشى مۇمكىن. ئافغانىستان ئۆزبېكلىرى بىلەن ئۆزبېكىستان يېقىن مۇناسىۋەتلەر ئورنىتىشى مۇمكىن بولغاندەك، تاجىكلارمۇ تاجىكىستان بىلەن يېقىنلىشالايدۇ. ئەگەر پاكىستان پەشتۇلارنى قوللاپ، ئافغانىستانغا تەسىر كۆرسىتىش سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرغان، ياكى بۇنىڭغا ئوخشاش شەكىلدە ئۆزبېكىستان بىلەن تاجىكىستان ئافغانىستاندىكى قېرىنداشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن تەقدىردە، ئافغانىستانىنىڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ يامانلىشىشى مۇمكىن. ئىرانمۇ تارىخىي ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرى نۇقتىسىدىن بىخەتەرلىك مەنپەئەتلىرىنى چىقىش قىلىپ، ئافغانىستانىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا

ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئارىلىشىشى مۇمكىن. پۈتۈن بۇ تەرەققىياتلار ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا رايوننىڭ مۇھىم كۈچلىرى بولغان خىتاي، رۇسىيە ۋە ھىندىستاننىڭ رايونلۇق مەنپەئەتلىرىگە خىلاپ. بۇ سەۋەبتىن، چوڭ كۈچلەر ئافغانىستاندا يا ئاپتونومىيە، ياكى فېدېراتسىيە قۇرۇپ چىقىشنى ھەل قىلىش چارىسى سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىشى مۇمكىن. پۈتۈن بۇ ئۆزگىرىشلەر خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەۋپسىزلىكى ئۈچۈن پايدىسىز. ئەمما، خىتاي ئافغانىستاننىڭ ئاپتونومىيە ياكى فېدېراتسىيە مۇساپىسىدە ئاكتىپ رول ئوينىيالىغان تەقدىردە تەسىرىنى ساقلاپ قىلىپ، مەۋجۇت تەھدىتلەرنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرەلىشى ۋە شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ئەركىن پائالىيەت قىلىش ئىمكانىيىتى بەرمەسلىكى مۇمكىن. ئۇنداق بولمىغاندا، خىتاي دۇچ كېلىدىغان تەھدىت تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. شۇنداقلا پاكىستاننىڭ ۋاستىلىك رولى ئارقىلىق ياكى ئۆزلىرى ۋاستىسىز ھالدا بۆلۈنۈپ چىققان گۇرۇپپىلار بىلەن ئايرىم – ئايرىم مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، مەنپەئەتلىرىنى قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ. مۇستەقىللىقنى ياقلايدىغان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىمۇ ئافغانىستاندا سىياسىي ياكى ھەربىي جەھەتتە تەسىرلىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

**مۇستەقىل ئافغانىستاننىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى:** خىتاي، رۇسىيە ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەر ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستان ئىشغالىغا قارشى تۇرماقتا. ئامېرىكا ۋە ناتو قىسىملىرىنىڭ چېكىنىشى بۇ دۆلەتلەرنى خۇشال قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ئافغانىستانلىق تەشكىلاتلارمۇ چەت ئەل ئارمىيەلىرىنىڭ دۆلىتىدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلماقتا. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، 2014 – يىلىدىن كېيىن ئافغانىستاندا جەمئىيەت تىنچلىقىنىڭ ئىشقا ئېشىشى ۋە باشقا كۈچلەرنىڭ سىياسىي، خەۋپسىزلىك، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ياردىمى ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ ھەممىدە ھەممىگە قۇچاق ئاچقان ھاكىمىيەت قۇرۇلۇپ، نورمال ۋە مۇستەقىل ئافغانىستان بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. نورمال دۆلەت سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن ئافغانىستان خەلقئارالىق سىستېمىدا رايونلۇق ۋە يەر شارى خاراكتېرلىك مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكە مەجبۇر بولۇشى مۇمكىن. بۇ مۇستەقىل ئافغانىستانغا قوشنا بولغان خىتاي ئۈچۈن، ھەم ئىقتىسادىي ھەمدە خەۋپسىزلىك مەنپەئەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان سىياسىي مۇھىت شەكىللەندى، دېگەنلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، مۇستەقىللىقنى ياقلايدىغان

دوكتور ئەركىن ئەكرەم

شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئافغانىستاندا تۇرۇشى ياكى ئافغانىستاندا بازا قۇرۇپ چىقىش پىلانى قىيىنلىشىدۇ. ئەگەر ئافغانىستاندا خەلقئارالىق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپكە ھۆرمەت قىلىدىغان ئىسلامىي ھاكىمىيەت تىكلەنگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئەڭ ئاز دېگەندە باشقا مۇسۇلمان ياكى ئىسلام دۆلەتلىرىگە ئوخشاش شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى يېپىق شەكىلدە ئاۋاز چىقارماستىن تىلغا ئېلىشى مۇمكىن، ئەمما بۇنىڭ تەسىرى چەكلىك بولىدۇ.

## خۇلاسە

يۇقىرىدىكى سېنارىيەلەرگە ئاساسلانغاندا، توقۇنۇشقا تولغان (بىرىنچى سېنارىيە) ۋە بۆلۈنگەن (ئىككىنچى سېنارىيە) ئافغانىستان خىتاينىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس. خىتاينىڭ ئافغانىستان ئۈستىدە داۋاملاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان تەسىرىنىڭ ئاجىز بولىدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. خىتاي شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەرنى ۋە كۆزەتكۈچى دۆلەتلەر بىلەن دىيالوگ باسقۇچىدىكى دۆلەتلەرنى ئافغانىستاننىڭ يېڭىدىن قۇرۇلۇشىغا قاتناشتۇرغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، بۇ ئىككى سېنارىيە پەيدا قىلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلالىشى تەس. خىتاينىڭ ئافغانىستاننىڭ ھەر تۈرلۈك ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىششى بەك ئىلگىرىلەپ كەتكەندە ئافغانىستانلىقلار، ئەنگلىيە، رۇسىيە ۋە ئامېرىكىغا قارشى چىققاندەك، يۈكسىلىۋاتقان خىتايغىمۇ قارشى چىقىشى شۇنداقلا خىتاي ئافغانىستاننىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

مۇستەقىل ۋە بىرلىككە كەلگەن ئافغانىستان (ئۈچىنچى سېنارىيە) بولسا، خىتاينىڭ مەنپەئەتلىرىگە جاۋاب بېرەلەيدۇ. تارىختىن بۇيان يۈكسەلگەن كۈچلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئافغانىستاننى ئىشغال قىلغان. ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي خاتىرىسىدە بۇ كۈچلەر دۈشمەن سۈپىتىدە ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما، ئافغانىستان خەلقىنىڭ ئەقلىدە خىتايغا نىسبەتەن باشقا كۈچلەرگە ئوخشىمىغان شەكىلدە ياخشى قاراش بار بولۇپ، دوستانە قارايدۇ. بېيجىڭ بۇ ئىجابىي ئوبرازىدىن پايدىلىنىپ، كېلەچەكتىكى ئافغانىستانغا بولغان تەسىرىنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، مۇستەقىل ئافغانىستاننى قۇرۇش ئەڭ تەس بولۇپ، خىتاي ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ئاسان ئەمەس.■

تەرجىمە قىلغۇچى: م.كۆكيار | تەھرىرى: پىروفېسسور. ئالىمجان ئىنايەت / د.نۇر ئەھمەت قۇربان

- نەبىجان تۇرسۇن: لېنىننىڭ شەرق ئىستراتېگىيەسىدە ئۇيغۇر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى (2)
- ئۆمەرجان نۇرى: بۇرھان شەھىدىنىڭ تەرجىمىھالىدىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھقىق
- ئەسەت سۇلايمان: باغچاسارايدىن تارىم بويلىرىغىچە
- رەھىمقۇلۇ ياسىنئوغلۇ: ئۇيغۇر جەدىدچىلىكى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارغا قىسقىچە نەزەر
- ئالىمجان ئىنايەت: ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى
- ئەركىن ئەكرەم: خىتاينىڭ ئافغانىستان سىياسىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان